
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال ، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

# BULAK

2005

4



# بۇلاق


# 源泉(布拉克)

ISSN 1005 0876

08 >

9 771005 087006






ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

26-يىل نەشرى

ئومۇمىي 103-سان




## بەت بوسۇغىسى

پىشمايىن سىرى ۋۇجۇد خام قالدى ئالەم ئۆز پېتى ،
يا يېشىلمەي گەۋھەرى ھەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى .
گەر ئەقىل يورۇق چېچىپ ، مەنە ئېيتسمۇ ھەركىم ئاگا ،
ئەسلى چىن تەسۋىرىدىن كەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى .

—— *فارابى*

2005- يىللىق 4- سان

# بۇلاق



باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«سىددىقنامە» دىن ................................ مۇھەممەد سىددىق رەشىدى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بوگو

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

تارىخى رەشىدىي ................................ مىرزا ھەيدەر كوّرەگان (21)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### بىزدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت

قىزىمغا. . ................................ پەرىدە ئەمىن (39)

### بىزدىكى قانۇن ۋە باشقۇرۇش شەكىللىرى

ئۇيغۇرلاردا ئۇلۇغ خاس ھاجىپ مۇئەسسەسەسى ۋە يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىدە ئوينىغان رولى ................................
................................ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق (44)

مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

زۇلمەت ئىچىدە نۇر ............................. مىركەرىم ئاسىم (56)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ

## دىن ۋە فولكلور تەتقىقاتى

ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئورنى توغرىسىدا ............................. ئابلىمىت ئۆمەر (76)

ئۇيغۇرلار ۋە تونۇر............................. ئەنۋەر باتۇر جانبەردى (92)

## ئېتنوگرافىيە، گېئوگرافىيە تەتقىقاتى

ھەبىب ئەجەم (نەجمى) مازىرى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار ئۇستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ............................. ياسىنجان كەنجى (99)

## تىبابەت دورىدانلىرى ۋە تەتقىقاتى

قەدىمكى شەرقنىڭ خۇشپۇراق ماتېرىياللىرىدىن تامچىلار...... مەريەم ساقىم (107)

## مەشھۇر شەخسلەر

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا ... راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (109)

*　　*

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بارخان

*　　*

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: بىغۇبار چاغلار (رەسسام: مەمتىمىن توختاش)

مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بەتلىرىدە: يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى (سا- ھىبە سابىر فوتوسى)

مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: مەھمۇد ھەسەن ماي بوياق رەسىملىرىدىن

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827726 (0991)

E—mail: bulak7@Hotmail.com

# تارىخى رەشىدى①

مۇھەممەد سىددىق رەشىدى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ

## ئون ئۈچىنچى باب. دامكا ۋە شاھمات ئويناقنىڭ بايانى

— بىلگىن ئەي ئوغۇل، «ھەزىل - چاقچاق يامان ئىشلارنىڭ مۇقەددىمىسى» دېگەن گەپ بار. تاكى قۇدرىتىڭ يەتسىلا ھەزىل - چاقچاق قىلماقتىن پەرھىز قىلغىن. خۇسۇسەن سوغۇق ۋە ناخۇش (كۆڭۈلسىز) ھەزىل قىلماقتىن پەرھىز قىل. ئەگەر ھەزىل ۋە چاقچاق قىلساڭ ھەم مەستلىكتە قىلما، ئارتۇقچە چۇشەنمەسلىك پەيدا بولمىسۇن. چۇنكى ھەزىل - چاقچاقنىڭ كۆپىنچىسى بېزەپ بولىدۇ. شۇڭا ناخۇش ۋە بېزەپ ھەزىل - چاقچاقتىن مەيلى مەستلىكتە بولسۇن، مەيلى ساق ۋاقتىڭدا بولسۇن، ئۆزۈڭنى تارت. بولۇپمۇ دامكا ۋە شاھمات ئوينىغان ۋاقتىڭدا شەرم تۇت ۋە پەرھىز قىل. چۇنكى مۇنداق ۋاقىتتا ھەزىل - چاقچاق قىلساڭ، ھەر ئىككى كىشى (ئۆزۈڭ ۋە ئۆزگە) ئوخشاشلا خىجىل بولىدۇ ياكى ھەزىل - چاقچىقىڭنى كۆتۈرەلمەيدۇ. دامكا ۋە شاھمات ئويناقنى تولا ئادەت قىلىۋالما. ئەگەر ئويناقچى بولساڭ مۇۋاپىق بىر ۋاقىتتا ئوينا. ئەمما گۆرۈ قويۇپ، يەنى پۇل تىكىپ ئوينىما. ئۆزئارا مېھمان بولماق ۋە مېھمان قىلىشماق ئۈچۈن ئوينىساڭ مەيلى، لېكىن پۇل ۋە ئالتۇن - كۈمۈش تىكىپ ئويناش — قىماردۇر. قىمار — ھارامدۇر. دامكا - شاھماتنى ھەرقانچە ياخشى ئوينىساڭمۇ، قىمارۋازلىق بىلەن نام چىقارغان كىشىلەر بىلەن ئوينىما. چۇنكى مۇنداق كىشىلەر بىلەن شاھمات ئوينىساڭ، ئوخشاشلا سەن ھەم قىمارۋاز دېگەن ئاتاققا قالىسەن. ئەگەر ئۆزۈڭدىن چوڭ كىشى بىلەن شاھمات ئويناقچى بولساڭ، ئاۋۋال چوڭلارنىڭ مېڭىشىغا يول قوي. مەست، بەدخۇي ۋە ھورۇن كىشىلەر بىلەن ھەرگىز شاھمات ئوينىما. تا ئاردا دۇشمەنلىك ۋە خۇسۇمەت پەيدا بولمىغاي! ئويۇن ئۈستىدە ئۇرۇقنى ئۇنداق ماڭدىڭ ياكى مۇنداق ماڭدىڭ، دەپ جېدەللەشمە ۋە ئۇرۇشما ياكى ئۆزۈڭنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ قەسەم ئىچمە. گەرچە سەن راست ئېيتىۋاتقان بولساڭمۇ، باشقىلار سېنى يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، دېسە ئامال يوق. ئومۇمەن، ھەممە يامانلىق ۋە بەدخۇيلۇقنىڭ ئەسلىنى ھەزىل - چاقچاق دەپ بىل ۋە ئويۇن ئۈستىدە ھەزىل - چاقچاقتىن پەرھىز قىل.

ئەمەلىيەتتە، ھەزىل - چاقچاق قىلماق ئەيىبمۇ ئەمەس، گۇناھمۇ ئەمەس، نۆۋەتتە كەلگەندە ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام ھەم چاقچاق قىلاتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە:

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ خىزمىتىدە ياشانغان بىر ئايال بار ئىدى. بىر

---

① بېشى ئۆتكەنساندا.

كۈنى ئۇ ئايال ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى:

— يا رەسۇلىللاھ، مېنىڭ يۈزۈم جەننىتىلەرنىڭ، يەنى جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ يۈزىگە ئوخشامدۇ ۋە ياكى دوزىخىيلارنىڭ، يەنى دوزاخقا كىرىدىغانلارنىڭ يۈزىگە ئوخشامدۇ؟

ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

— ھەرقانداق قېرى خوتۇن جەننەتكە كىرمەيدۇ، — دېدى. ئۇ خوتۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىدى، ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام:

— تولا يىغلىما، مېنىڭ سۆزۈم يالغان ئەمەس. مەن راست ئېيتىۋاتىمەن. ھېچبىر قېرى خوتۇن جەننەتكە كىرمەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، قىيامەت كۈنى ھەممە خەلق گۆرلىردىن يىگىت ۋە جۇۋان ھالىتىدە تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، — دېدى. بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ياشانغان ئايالنىڭ كۆڭلى خۇش بولدى.

بىلگىنىكى، ھەزىل ۋە چاقچاق قىلماق راۋادۇر. ئەمما قوپال ۋە بۇزۇقچىلىققا ئائىت ھەزىل - چاقچاقلارنى دېيىش راۋا ئەمەستۇر. بەس، ئەگەر قوپال ۋە بۇزۇقچىلىققا ئائىت چاقچاقلارنى قىلساڭ ۋە دېسەڭ ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرگە قىلما ۋە دېمە. چۈنكى ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرگە چاقچاق قىلساڭ ئىززەت - ھۆرمىتىڭگە — سەلتەنىتىڭگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، بەلكى نۇقسان يېتىدۇ. ئەگەر ئامالسىز قېلىپ ھەزىل - چاقچاق قىلماق ۋە دېمەك زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئۆزۈڭنىڭ تەڭتۇشلىرىڭغا دە. ئۇلار جاۋاب قايتۇرسىمۇ ئەيىب بولمايدۇ. ھەر ۋاقىت سىلىق ۋە كۆڭۈلگە ياقىدىغان ھەزىل - چاقچاقلارنى قىلىشقا ئادەتلەن. كۆڭۈلسىز ھەزىل - چاقچاقلارنى قىلىشتىن پەرھىز قىل. چۈنكى ھەزىل - چاقچاق تاپتىن چىقىپ كەتسە، كىشىنى قەدىرسىز ۋە ئېتىبارسىز قىلىپ قويىدۇ. ئەلۋەتتە، سەن باشقىلارغا قانداق ھەزىل - چاقچاق قىلغان بولساڭ، نۆۋىتىدە سەنمۇ شۇنىڭ باراۋىرىدە جاۋابقا ئېرىشىسەن - دە! شۇڭا چاقچاق قىلدىم دەپ كىشىلەر بىلەن جېدەللىشىپ - ئۇرۇشۇپ قالمىغىن. ئۇرۇشۇش — ئۇلۇغلارنىڭ ئىشى ئەمەس. بەلكى خوتۇنلار ۋە كىچىك باللارنىڭ ئىشىدۇر. ناۋادا كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ ياكى جېدەللىشىپ قالساڭ، بىر نېمە دېگۈدەك، يەنى گەپ قايتۇرغۇدەك ئىمكانىڭ بولسىمۇ، دېمىگىن. چۈنكى ئۇرۇشۇش ۋە جېدەلنىڭ ئۈستىگە كۆڭۈل ئاغرىتىدىغان گەپ - سۆزلەر قوشۇلسا، دوستلۇققا، يەنى يارىشىۋېلىشقا يول قالمايدۇ. ئىمكان بار دەرھال تۈگەتسىمۇ بولىدىغان ماجىرالارنى ئۇزاققا سوزما ھەم خۇسۇمەت ساقلىما. خۇسۇمەت ساقلاش يوقسۇز، نامرات ۋە يامان كىشىلەرنىڭ ئادىتىدۇر. شۇنى بىلگىنىكى، ئادەتلەرنىڭ ئوبدىنى خۇش مۇئامىلىلىكتۇر. خۇش مۇئامىلە خۇدانىڭ بەندىگە بەرگەن ئۇلۇغ نېمىتىدۇر. يەنە بىرى، كىشىگە ھەسەت قىلما، يەنى كىشىنىڭ مەنپەئەتىگە قارىتا يامان نىيەتتە بولمىغىن. بەرھەق، شاراب ئىچمەك، ھەزىل - چاقچاق قىلىشماق يىگىتلەرنىڭ ئىشىدۇر. ئەمما، بۇ ئىشلار يەنىلا ۋاقتى - سائىتىدە - ئۆز ئەندىزىسى ئىچىدە بولغىنى تۈزۈك. ئىچىشكە توغرا كەلسە، ئىچىش؛ ئىچمىسىمۇ بولىدىغان يەردە ئىچمەسلىك كېرەك. يەنى ھەم ئىچەلەيدىغان ھەم ۋاز كېچەلەيدىغان بولۇشۇڭ لازىم. يۇقىرىدا شاراب ئىچمەك ۋە ھەزىل - چاقچاق قىلماق توغرىسىدا بىرنەچچە سۆز دېدىم. بۇ توغرىدا ئەجدادلارمۇ ئېيتقان. شۇلارنىمۇ كۆرۈپ باق. ئەمدى ئىشق ۋە ئاشىقلىق توغرىسىدا بىلگىنىمچە بىرنەچچە سۆز ئېيتاي. مەلۇمكى، كۆڭۈل ئىشىدا تەشەببۇسكار بولماق تولىمۇ مۇشكۈلدۇر.

## ئون تۆتىنچى باب. ئىشق ۋە ئاشىق بولماقنىڭ بايانى[1]

— بىلگىن، ئەي ئوغۇل، كىشى مۇلايىم تەبىئەتلىك بولمىغۇچە ئاشىق بولمايدۇ. چۈنكى ئىشقنىڭ ئۆزى مۇلايىملىقتۇر. كىشى خاراكتېرىنىڭ مۇلايىملىقىدىن ئىشق پەيدا بولىدۇ. «ھەر كىشى ئاتىسىغا ئوخشىسا، ئۇنىڭغا زۇلۇم يەتمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا ئىشق دېمەك ـ مۇلايىملىق دېمەكتۇر. ئەگەر مۇلايىملىقتىن مۇلايىملىق تۇغۇلسا، ئۇنداق مۇلايىملىق ھېچبىر تاپا ـ تەنىگە قالمايدۇ. كۆرمىدىڭمۇ؟ قېرىلاردىن، يەنى قېرىلارغا قارىغاندا يىگىتلەر تولاراق ئاشىق بولىدۇ. چۈنكى يىگىتلەرنىڭ تەبىئىتى قېرىلارنىڭ تەبىئىتىدىن يېقىملىقراق ۋە نازۇكراق بولىدۇ. ئادەتتە قوپال تەبىئەتلىك، ھورۇن كىشى ھەرگىزمۇ بىراۋاغا ئاشىق بولمايدۇ. چۈنكى ئىشق شۇنداق بىر ئاغرىقتۇركى، ئۇ نازۇك روھلارغا تولاراق ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا ھەر ئامال بىلەن ئاشىق بولۇشتىن ساقلان. ئاشىقلىقتىن پەرھىز قىلغىن. ئاشىقلىق بالا ۋە ئاپەتلىك ئىشتۇر. خۇسۇسەن پۇلۇڭ يوق، نامرات كۆڭلىرىڭدە ئاشىق بولساڭ، يەنى ئىشق يولىغا كىرسەڭ، تېخىمۇ نامرات ۋە يوقسۇز بولۇپ كېتىسەن. ناۋادا قېرىلار ئاشىق بولسا، ھەرگىزمۇ مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلاردىن پۇلدىن بۆلەك ھېچنېمە ھاسىل بولمايدۇ. قېرىلارنىڭ ئاشىقلىقى پەقەت ئۆزىنىڭ قېنىنى ئۆزى ئىچكىلى ھەرىكەت قىلغانغا باراۋەردۇر. شۇڭا بۇ توغرىدا مۇنداق دېمەكچىمەن:

پۇلسىزلۇقۇم ئەيلەدى مېنى شىفتەئى ھال[2]،
پۇل يوقلۇقىدىن نەسىيبىم[3] ئۇلمادى ۋىسال.
ئالەم ئېلى ئىچرە بۇ مەسەلدۇر مەشھۇر:
«پۇلسىز كىشى بازار ئارا چىقماق ۋە بال».

ناۋادا ۋاقتى ـ سائىتى يېتىپ بىرەرسىگە كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالسا، ھەم ئۇنىڭ ئىشقى مۇھەببىتى بىلەن كۆڭلۈڭ خۇش بولسا، ئۇ ھالدا شۇ كۆڭۈلنىڭ پېيىدە بولغىن. ئەمما ھە دېسىلا ئىشقى ـ مۇھەببەتكە بېرىلىپ كەتمە. ئۆزۈڭنى نەفسى خاھىشىغا، يەنى ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئاتىۋەتمە. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئەقىل ئىگىلىرى ۋە ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئاشىق بولغۇچى يا ۋىسال ئىچىدە ئەيش ـ ئىشرەت شەربىتىنى تېتىيدۇ يا پىراق ئىچىدە دەردۇ ـ مېھنەت زەھىرىنى تېتىيدۇ. بىلگىنكى، بىر يىللىق ۋىسالنىڭ راھىتى بىر كۈنلۈك پىراق (ئايرىلىش) نىڭ دەردۇ ـ مېھنىتىگە، يەنى جەۋرى ـ جاپاسىغا ئەرزىمەيدۇ. ئاشىقنىڭ دەسلەپ ئېرىشىدىغىنى كۆڭۈل دەردى ۋە كۆڭۈل رەنجىدۇر، يەنى ئاشىق ئۇچۇن مەشۇقى بىلەن ئۇچرىشىشى خۇشاللىق ئېلىپ كەلسە، ئايرىلىش ھەمىشە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. ناۋادا مەشۇقۇڭ يامان خۇيلۇق بولسا، ۋىسالغا يەتكەن تەقدىردىمۇ، ھەسسىلەپ خورلۇق ئازابىنى چېكىسەن. شۇڭا پىراق، يەنى ئايرىلىش ۋىسالدىن ـ ۋىسالغا ئېرىشىشتىن يامانراقتۇر. ئېھتايلۇق، مەشۇقۇڭ پەرىشتە بولسىمۇ، ھېچ ۋاقىت خالايىقنىڭ مالامىتىدىن خالىي بولالماي-

---

[1] بۇ ماۋزۇ تېكىست ئىچىدە «گەپ قىلماق ۋە ئاشىق بولماقنىڭ بايانىدا» دېيىلگەن. مۇندەرىجە ئاساس قىلىندى.
[2] پەرىشان، بىقارار، دېۋانە.
[3] تەقدىرىم، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم.

سەن. چۈنكى ئالەم خەلقى ھەممىشە باشقىلاردىن ئەيىب ئىزلەشكە ئادەتلەنگەن. شۇڭا قۇدرى-
تىڭنىڭ بارىچە ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. ئاشىقلىقتىن پەرھىز قىل. ئاقىل - ھۆكۈمالاردىن بۆلەك
كىشى ئاسانلىقچە ئىشقتىن پەرھىز تۇتالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىر كۆرۈش
بىلەنلا بىرسىگە ئاشىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئاۋۋال كۆز كۆرىدۇ، ئاندىن كۆڭۈل مايىل
بولىدۇ. دېمەك، كۆڭۈل مايىل بولدى، دېگەن سۆز تەبىئىتىڭ مايىل بولدى، دېگەن سۆز.
تەبىئىتىڭ مايىل بولغانىكەن، كۆڭلۈڭ كۆرۈشمەكنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر سەن نەفسىڭ
خاھىشىغا يول بېرىپ، كۆڭلۈڭنى ئۇنىڭ، يەنى كۆڭلۈڭنى ئۇتۇۋالغۇچىنىڭ ئىختىيارىغا
تاپشۇرساڭ، ئۇ ھالدا كۆرمەك - كۆرۈشمەكنىڭ تەدبىرىنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆڭلۈڭ
بىر كۆرۈش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ. يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى ئىزلەيدۇ. كۆرۈشۈش
ئىككى قېتىمغا يەتسە، مايىللىق كۈچىيىدۇ- دە، كۆرۈش - كۆرۈشۈش ئىستىكى، يەنى
كۆڭۈلنىڭ ئارزۇسى غالىب كېلىپ، كۆڭلۈڭ ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشۈشكە ئىنتىلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئىشق - مۇھەببەت سۆزلىرى ئارىغا چۈشىدۇ. سەن بىر سۆز قىلىسەن، ئۇ
بىر جاۋاب ئېيتىدۇ. ئاخىرىدا خۇددى چاق بىلەن تاناپقا ئوخشاش پۈتكۈل ئەقىل - ھۇشۇڭ،
پەم - پاراسىتىڭ ئۇنىڭغا، يەنى ئىشققا بەند بولۇپ، ھەممە ئىشىڭدىن قالىسەن. ئاندىن
ئۆزۈڭنى تارتقان بىلەنمۇ توختىتالمايسەن. ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالماقچى بولغىنىڭدا ۋاقىت ئاللىبۇ-
رۇن قولۇڭدىن كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئىشقىڭمۇ ئېشىپ بارىدۇ.
تەدبىرى شۇكى، مەھبۇبنى تۇنجى كۆرگەندە ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، كۆڭلۈڭ
تەقەززا قىلسىمۇ، ئەقلىڭنى كۆڭلۈڭگە تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ، يەنى مەھبۇبنىڭ ئىسمىنى تىلىڭغا
ئالما. كۆڭلۈڭنى باشقا بىر ئىشقا مەشغۇل قىل. نەفسىڭ خاھىشىنى تىزگىنلە. كۆزۈڭنى
ئۇنىڭ، يەنى مەھبۇبنىڭ جامالىغا قاراشتىن رەت قىل، قارىما. كۆڭۈل رەنجى ھەرقانچە
ئېغىر بولسىمۇ، جاپاسى بىر ھەپتىلىكتۇر. ئەمما بۇنداق چىدام - ئىرادە ھەر كىشىنىڭ
قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. ئىشقىنىڭ رەنج - مېھنىتىگە - ئاغرىقىغا پەقەت ئاقىل ۋە دانا
كىشىلەر سەۋر ۋە سەۋەب قىلالايدۇ. ئىشق شۇنداق بىر ئاغرىقتۇركى، بۇ ئاغرىقنىڭ داۋاسى
توغرىسىدا مۇھەممەد زەكەرىيا ھەكىم «قانۇن» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «دائىم روزا
تۇتۇش، يەنى تويغىچە تاماق يېمەسلىك؛ ئېغىر يۈك كۆتۈرۈش، يەنى بەدەنگە ئېغىر ئەمگەك
مەجبۇرىيىتى يۈكلەش؛ يىراق جايلارغا سەپەر قىلىش، ھەممىشە بەدەننى رەنجى ۋە مۇشەققەتتە
تۇتۇش، ...»

ئەمما، بىرەر كىشى بىلەن دوستلىشىش، ئۆزئارا كۆرۈشۈش، ئۆزئارا خىزمەتتە بولۇش
راۋادۇر.

شەيخ ئەبۇ سەئىد ئەبۇل - خەير رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى دوست تۇتۇشقا لايىق كىشى
توغرىسىدا مۇنداق ئېيتقان: «بىرىنچى، ھالال نان، يەنى ھالال ئىشلەپ تۇرمۇشنى قامدىيالاي-
دىغان بولۇشى؛ ئىككىنچى، مۇۋاپىق ھال - ئەھۋال، يەنى ھال - ئەھۋالى مۇۋاپىق بولۇش؛
ئۈچىنچى، گەرچە ۋەيرانە بولسىمۇ تۇرغىدەك ماكانى بولۇش؛ تۆتىنچى، سادىق مەھبۇبى ياكى
خىزمەتكارى بولۇش. بۇ ھالدا ھەر كىشى ئۆز خاھىشى ۋە ئەندىزىسى بويىچە ياشايدۇ، ئۆزئارا
بېقىنىپ قالمايدۇ. دېمەك، بۇنداق دوست ئاش - نان مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، ھەقىقىي
دوستلۇق ئۈچۈن دوست بولىدۇ.»

ئەمما، دوستلۇق بۆلەك، ئاشىقلىق بۆلەكتۇر، يەنى دوستلۇق بىلەن ئاشىقلىق ئارىسىدا
پەرق بار. ئىشقى - مۇھەببەتتە كىشىگە يېتىدىغان خۇشاللىق كەم بولىدۇ، يەنى ئىشقىنىڭ

ئوتى دائىم يالقۇنلاپ سىنى ۋاقىتلىق خۇش قىلىدۇ، ئەمما ئاقىۋەتتە كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ كۆيدۈرگۈچى ئوتتۇر. دوستلۇق بولسا، مەڭگۈلۈك خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئاشىقلىقتا بولسا، ھەمىشە دەردۇ - مېھنەت ئىچىدە كۈن كەچۈرىسەن.

ئەمما، يىگىتلىكتە ئاشىق بولساڭ كېرەك يوق. ھەر كىم بولسىمۇ «ياشتۇر، يىگىتتۇر، ...» دەپ ئەپۇ قىلىنىۋېتىدۇ. بىراق قېرىلىقتا ئاشىق بولۇشتىن ھەزەر ئەيلە. چۈنكى قېرىغاندا ئىشىق يولىنى ھەۋەس قىلساڭ، ھېچكىم كەچۈرمەيدۇ. ناۋادا ئاددىي ئادەملەردىن، يەنى پۇقرالاردىن بولساڭ كارايىتى چاغلىق. پادىشاھ ياكى مۆيسىپىتلاردىن بولساڭ، ئاشىقلىق ھەۋىسىنى قىلچە خىيالىڭغا كەلتۈرمە. مەيلى ئاشكارا بولسۇن، مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن، كۆڭلۈڭنى، يەنى كۆڭۈل ئارزۇسىنى مەھكەم تۇت. پادىشاھلارغا ۋە مۆيسىپىتلەرگە ئىشقى - مۇھەببەت ئىشى - ئاشىقلىق ئادىتى زور ئاپەتتۇر.

رىۋايەت قىلىنىشىچە:

بۇخارادا بىر سودىگەرنىڭ تولىمۇ ساھىبجامال بىر دىدىكى بار ئىدى. باھاسى ئىككى مىڭ ئاقچا ئىدى. ئەھمەد سەئىد ئەمىرگە مەلۇم قىلىپ:

— بىر كىشى ئەۋەتسىڭىز، ئۇ دىدەكنى سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. ئەمىر:

— ئۆزۈڭ بارغىن! — دېدى.

ئەھمەد سەئىد بۇخاراغا كەلدى ۋە بىر قۇل سودىگىرىگە پەرمان قىلىپ، ئۇ دىدەكنى ھازىر قىلدى. ئەھمەد سەئىد ئۇ دىدەكنى مىڭ ئىككى يۈز ئاقچىغا ئېلىپ كورگان شەھىرىگە — ئەمىرنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. ئەمىر دىدەكنى كۆرۈپ قوبۇل قىلدى ۋە نەپىس كىيىملەرنى سوۋغا قىلدى.

تا نەچچە كۈن ئۆتتى. ئەمىر بىر كۈنى قولىنى يۇيدى. دىدەك لۆڭگىنى سۇنۇپ بەردى. ئەمىر قولىنى ئېرىتىپ لۆڭگىنى دىدەكنىڭ قولىغا بەرگۈچە، دىدەككە نەچچە رەت نەزەر سالدى. دىدەك ئەمىرنىڭ كۆزىگە خۇش كۆرۈندى.

ئارىدىن سائەت ۋاقىت ئۆتتى. ئەبۇل - ئەبباس ۋەزىر ئىدى. ئەمىر ئۇنىڭغا:

— مەن دىدەكنى ئازات قىلدىم ۋە پالانى سەھرانى ئۇنىڭغا بەخش قىلدىم. مۆھۈرلۈك خەت قىلىپ بەرگىن ۋە شەھەردىن بىرەر ئادەمنىڭ ئوغلىغا ئۇنى نىكاھلاپ قويغىن. ئۇ ئۆيىدە ئولتۇرسۇن. تا قېرىلىق يەتكۈچە ئۆيىدىن تاشقىرى چىقمىسۇن، — دېدى. ۋەزىر ئەبۇل - ئەبباس:

— قانداقلىكى پەرمانىڭىز بولسا بەجا كەلتۈرەي. ئەمما پادىشاھلىقىڭىزنىڭ تەقەززاسى يۈزىسىدىن بولسىمۇ، مەن بەندىگە ئىزھار قىلسىڭىز، بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتىڭىز نىمە؟ — دېدى. ئەمىر دېدىكى:

— بۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئەھۋالىم بۇ قاتارلىق بولسا، يەنى بىرسىگە ئاشىق بولسام خوب ئەمەستۇر. مەندەك پادىشاھنىڭ يەتمىش ياشقا كەلگەندە بىراۋغا ئاشىق بولۇشى گۇناھتۇر. مەن يەتمىش يىل ياشاپتىمەن. ئەمدى خۇدايتائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشىم، پۇقرالارنى تەرتىپكە كەلتۈرمىكىم، لەشكەر ھالىدىن خەۋەردار بولمىقىم ۋە يۇرت - مەملىكەت ئىشلىرىنى ياخشى سورىمىقىم ۋە باشقا ئىشلارنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلمىقىم لازىم تۇرۇپ، ئاشىقلىق دەۋاسى قىلسام، يەنى ئەيش - ئىشرەت بىلەن مەشغۇل بولسام خۇدايتائالانىڭ دەرگاھىدا ۋە بەندىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزر ئېيتىشقا تىلىم قىسقا بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ياشلار ۋە يىگىتلەر ھەرنېمە قىلسا، ئۇنى كەچۈرۈش — ئەپۇ قىلىش مۇمكىن. بىراق ياشلارمۇ ئاشىقلىقنى ئاشكارا قىلمىغىنى - پىنھان تۇتقۇنى تۈزۈك، بەلكى سىياسەت تەرىقىنى ۋە

هۆكۇمەت قائىدىلىرىنى ساقلىغىنى خوبتۇر.

## ئون بەشىنچى باب. جىما قىلماق ۋە خوتۇن كىشىدىن مەنپەئەت ئالماقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، قاچانكى بىرسى بىلەن جىما (جىنسىي مۇناسىۋەت) نى دوست تۇتساڭ، يەنى جىماغا كېلىشكەن بولساڭ دائىم، يەنى ھەر كۈنى جىماغا مەشغۇل بولما. بولۇپمۇ مەستلىكتە جىما قىلما. چۈنكى مەنى سەندىن جۇدا بولىدۇ. مەنى دېمەك بىر جان - بىر ئادەمنىڭ ئۇرۇقى دېمەكتۇر. ئۇ زايا بولمىغاي! ئەگەر جىما قىلساڭ، مەستلىكتە قىلمىغىن. مەستلىكتە جىما قىلىش تولىمۇ زىيانلىقتۇر. ئەمما خۇمار قىلغان ۋاقىتتا، يەنى كۆڭۈل تەقەززا قىلغان ۋاقىتتا جىما قىلىش كۆپ مەنپەئەتلىكتۇر. ناۋادا بىر نەچچە خوتۇنۇڭ بولسا، ئۆز مەيلىڭنى بىر تەرىقىدە تۇتقىن! ھەربىرىدىن مەنپەئەتدار بولاي دېسەڭ، ھەممىسىگە باراۋەر مۇئامىلىدە بول. تاكى ئۇلار ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ قالمىغاي. ئومۇمەن، تولا جىما قىلىش زىيانلىقتۇر. ئەمما جىما قىلماسلىق ھەم زىيانلىقتۇر. قاچانكى جىما قىلماقچى بولساڭ، ئىشتىھا كەلگەندە، يەنى كۆڭۈل تەقەززا قىلغاندا قىل. تەكەللۇپ بىلەن، يەنى زورۇقۇپ قىلما. تەكەللۇپ بىلەن، يەنى زورۇقۇپ قىلغان جىما كۆپ زىيانلىقتۇر. ئەمما، مەيلى ئىشتىھا بىلەن بولسۇن، ياكى بىئىشتىھا بىلەن بولسۇن، تومۇزدا، يەنى قاتتىق سوغۇقتا ۋە قاتتىق ئىسسىقتا - بۇ ئىككى ۋاقىتتا جىما قىلىش بەكمۇ زىيانلىقتۇر. خۇسۇسەن، ياشانغان كىشىلەرگە تېخىمۇ شۇنداق. بۇ ۋاقىتلاردا پەرھىز قىلماق كېرەك. جىما قىلىشقا ھەممىدىن باھار ۋاقتى خوبتۇر. بۇ چاغ دەل ھاۋا مۆتىدىل، دەريالارنىڭ سۈيى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقان، جاھان خۇشلۇققا يۈز كەلتۈرگەن، يەنى تەبىئەت دۇنياسى قايتىدىن جانلىنىشقا يۈز تۇتقان ۋاقىتتۇر. بۇ گويا قېرىغان، يەنى ئۆچەكتىمكى ئالەمنىڭ قايتىدىن ياشىرىپ جانلىنىشقا باشلىغىنىغا ئوخشاش، ئادەملەرنىڭ بەدىنىمۇ شۇ مۆتىدىل ھاۋا تەسىرىدىن قۇۋۋەت تېپىپ، جانلىنىپ نورمال ھالەتكە كىرىدۇ. تومۇرلاردا قان كۆپىيىدۇ. ئىشتىھا ئارتىپ كۆڭۈل تەقەززاسى كۈچىيىدۇ. شۇڭا مۇنداق ۋاقىتلاردا جىما قىلغانىنىڭ زەرىرى يوق ياكى زەرىرى كەمرەك بولىدۇ.

يەنە بىرى، قان ئالدۇرماق ھەم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. ئىمكان بار قاتتىق سوغۇق ۋە قاتتىق ئىسسىق - بۇ ئىككى ۋاقىتتا قان ئالدۇرماقتىن پەرھىز قىل. ئەگەر قېنىڭنىڭ زىيادە ئارتىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلساڭ، شەربەت ۋە مۇۋاپىق تائام ئارقىلىق قانىنىڭ ئارتىپ كېتىشىنى تىزگىنلە. ياز ۋە قىشتا زىيان قىلىدىغان نەرسىلەرنى يېمە. بۇ ھەقتە قىسقىراق سۆزلىدىم. چۈنكى بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئارتۇقچە سۆزلەش ھەم ھاجەت ئەمەس. ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب (خۇدا توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر).

## ئون ئالتىنچى باب. ھاممامغا بارماقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، قاچانكىم، ھاممام (مۇنچا) غا بارماقچى بولساڭ، قورسىقىڭ بەك توق ۋاقىتتا بارما. يەنى توق قورساق مۇنچىغا كىرىش زىيانلىقتۇر. يەنە بىرى، ھاممامدا جىما قىلما. خۇسۇسەن، ئىسسىق مۇنچىدا جىما قىلمىغان تۈزۈك. مۇھەممەد زەكەرىيا ھەكىم:

«توق قورساق هاماماغا كىرگەن ۋە هامامدا جىما قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆلمەي ھايات يۈرگىنىگە ھەيرانمەن!» دېگەنىدى.

ئەمما، هامام بەدەننى مۆتىدىل هالەتكە كەلتۈرۈپ، يەنى بەدەننى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ مىجەزنى تەڭشەيدۇ.

هامامنىڭ خاسىيىتىنى بايان قىلىش لازىم بولسا، شۇنداق دېيەلەيمەنكى، هۆكىمالارنىڭ هېكمەت بىلەن بىنا قىلغان ئىمارەتلىرى ئىچىدە هامامدىن خاسىيەتلىكراق ئىمارەت يوقتۇر. لېكىن ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، هاماماغا ئىككى كۈندە ياكى ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كىرگىن. ھەر كۈنى كىرىشتىن ساقلان. چۈنكى هاماماغا ھەر كۈنى كىرسەڭ پەيلىرىڭ ۋە بېغىشلىرىڭ بوشىشىپ كېتىدۇ. بەدىنىڭ ئاغرىق كىشىنىڭ بەدىنىدەك بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئىتىڭ هاماماغا ئادەتلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا هاماماغا ھەر ئىككى كۈندە ياكى ئۈچ كۈندە بىر مەرتىۋە بارغان تۈزۈك. شۇنداق قىلساڭ بەدىنىڭگە مەنپەئەت قىلىدۇ. خالايىقمۇ سېنى «ياسانچۇق، ئۆزىنى ياساشقا ئامراق» دەپ قارىمايدۇ. قاچانكى هاماماغا بارساڭ ئاۋۋال كارىدوردا، يەنى هاۋا ئۆتۈشىدىغان جايدا بىردەم تۇرۇۋال، سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، بەدىنىڭ لەززەت تاپقاي. ئاندىن ئارا ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئارام ئال. تەبىئىتىڭ ئۇنىڭ هاۋاسىدىن بەھرە ئالغاي. ئاندىن ئىسسىق ئۆيگە ـ مۇنچىغا كىرىپ بىر سائەت ئولتۇر ۋە بېشىڭنى شۇ يەردە يۇيغىن. ئەمما ئىسسىق ئۆيدە ـ مۇنچىدا ئۇزاق ئولتۇرما. مېۋە سۈيىنى مۆتىدىل قىلىپ ئىستېمال قىل. ناۋادا مۇنچا خالىي بولسا، تولىمۇ غەنىيمەت بىلگىن. هامامدىن چىقماقچى بولساڭ، چېچىڭنى ئوبدان قۇرۇتۇپ ئاندىن تاشقىرى چىققىن. ھۆل چاچ بىلەن كىشىلەر ئۇچرىماق ۋە ئۇلۇغلار، يەنى چوڭلار ئالدىغا بارماق بىئەدەپلىكتۇر. يۇقىرىدا هامامنىڭ مەنپەئەتى ۋە زەرىرى توغرىسىدا بايان قىلدىم. ئەمما هامامدا سۇ ئىچىش ۋە تائام يېيىشتىن پەرھىز قىلغىن. چۈنكى هامامدا سۇ ئىچىش ۋە تائام يېيىش كۆپ زىيانلىقتۇر.

## ئون يەتتىنچى باب. ئۇخلىماق ۋە ئارام ئالماقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، رۇم هۆكۈمالىرى ھەرقاچان هاماماغا كىرسە، يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن كىيىم ساقلاش ئۆيىدە بىر سائەت يېتىپ ئۇخلاپ، ئاندىن چىقىدۇ. لېكىن باشقا خەلقلەردە بۇنداق ئادەت يوق. ئەمما هۆكۈمالار ئۇيقۇنى «مەۋتۇل ـ ئەسغەر» (يەنى، كىچىك ئۆلۈم) دەيدۇ. چۈنكى ئۇخلىغان كىشى بىلەن ئۆلگەن كىشىنىڭ ئالەم ئىشىدىن خەۋىرى يوقتۇر. لېكىن بىرى نەپەس ئېلىپ ئۇخلايدۇ؛ بىرى نەپەس ئالمايدۇ. بىراق كۆپ ئۇخلاش ياخشى ئەمەس. ئۇيقۇ بەدەننى ئېغىرلىتىۋېتىدۇ. مىجەزنى ئوساللاشتۇرۇۋېتىدۇ. رەڭگى ـ روينى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. هۆكۈمالار ئالتە نەرسە كىشىنىڭ رەڭگى ـ روينى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ دېگەن:

بىرىنچى، تۇساتتىن خۇشال بولماق؛ ئىككىنچى، بىراقلا كەلگەن غەم؛ ئۈچىنچى، غەزەپ؛ تۆتىنچى، ئۇيقۇ؛ بەشىنچى، ساراڭلىق؛ ئالتىنچى، قېرىلىق. كىشى قېرىغاندا ئۆز سۈرىتىدىن ئۆزى قۇسۇر تېپىپ، ئۆزىگە ئۆزى باشقىچە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالىدۇ، كىشى ئۇخلىغاندا بولسا، مۇردىنىڭ، يەنى ئۆلۈكنىڭ ھالىتىدە بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا،

بىرى مۇردىغا قەلەم (ھۆكۈم) يۈرمەيدۇ؛ بىرى ئۇخلىغان، يەنى ئۇخلاۋاتقان ئادەمگە قەلەم (ھۆكۈم) يۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ، يەنى ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى ۋە دېگەن سۆزىنىڭ ئېتىبارى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر كىتابنى يازغۇچى ئېيتىدۇكى:

قەددىمنى مىڭ جەفا بىلەن قىلدىڭ خەم[1]،
مېھرىڭنى قاچان كۆڭلۈم ئارا قىلغۇم كەم.
ئۇزمەسمە جەفا بىلە كۆڭۈلنى سەندىن،
سەن ئۇيقۇدا سەن، ئۇيقۇغە چەكمەس لاقەلەم.

دېمەك، ئارتۇقچە ئۇيقۇ زىيانلىق، لېكىن ئۇخلىمىسالىڭ تېخىمۇ زىيانلىق. ئەگەر ئادەمزاتنى يەتمىش ئىككى مەرتىۋە، يەنى يەتمىش ئىككى سائەت ئۇخلىغىلى قويمىسالىڭ، مەجبۇرى ھالدا ئويغاق تۇتساڭ ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ھەر قانداق ئىشنىڭ ۋاقتى ۋە ئەندىزىسى بولىدۇ. ھۆكۈمالارنىڭ قارىشىچە، بىر كېچە-كۈندۈز يىگىرمە تۆت سائەتتۇر. بۇنىڭ ئىككى ئۈلۈشىدە ئويغاق بول، بىر ئۈلۈشىدە ئۇخلىغىن. سەككىز سائەت ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك خۇدايتائالانىڭ تائەت-ئىبادىتىدە مەشغۇل بول، سەككىز سائەتنى خىزمەتكە سەرپ قىل. شۇنداق بولغاندا باشقا ئىشلار سەۋەبلىك بەدەنگە يەتكەن تۈرلۈك مالامەت، كېسەللىك ۋە ھارغىنلىقلارغا خاتىمە بېرىلىپ، سالامەتلىكىڭ ئۆز ھالىغا كېلىدۇ. مانا بۇ ئاقىللارچە تىرىكلىك قىلىشتۇر. ئەمما ئاددىي خەلق بۇ يىگىرمە تۆت سائەتنىڭ نىسپىدە ئۇخلايدۇ ۋە نىسپىدە ئويغاق يۈرۈيدۇ. مانا بۇ ھاماقەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھەر كىم ئۇشبۇ تەرىقە بىلەن، يەنى ھۆكۈمالارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش تۇتسا، ھەر سەككىز سائەتتە ئۆزگىچە تۇس ۋە مەنپەئەتكە ئىگە بولالايدۇ. ئاخىرىدا شۇنىمۇ بىلگىنكى، ھەقسۇبھانە ۋەتائالا كېچىنى بەندىلىرىنىڭ ئاسايىشى ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلغاندۇر. ئاللاھ شۇنداق دەيدۇ: «كېچىنى ئارام ۋە ئاسايىش ئۈچۈن پەيدا قىلدىم، كۈندۈزنى مەئىشەت ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلدىم».

تەھقىق، بىلگىنكى، ئادەمنىڭ تىرىكلىكى تەن ۋە جان بىلەندۇر، يەنى ھاياتقا سەرمايە بولغۇچىنىڭ بىرى تەن، بىرى جاندۇر. تەن بىلەن جان ئالتە خاسىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. بۇ ئالتە خاسىيەتنىڭ ئۈچى تەنگە، ئۈچى جانغا تەۋەدۇر.

تەنگە تەۋە ئۈچ خاسىيەت: ئۆلمەك، شۇك تۇرماق (توختاپ قالماق) ۋە ئېغىر بولماق؛ جانغا تەۋە ئۈچ خاسىيەت: ھايات، ھەرىكەت ۋە يېنىكلىكتۇر.

دېمەك، تەن بىلەن جان بىر يەردە بولسا، جان ئۆز خاسىيىتىنى ئاشكارىلاپ، يەنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ تەننى سالامەت تۇتىدۇ. بەزىدە تەننى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ؛ گاھىدا تەننى ئۆز خاسىيىتى بىلەن ئىشلاردىن توختىتىدۇ ۋە مەنئىي قىلىدۇ. شۇڭا تەن جان بىلەن تىرىكتۇر. قاچانكى، تەن ئۆز خاسىيىتىنى ئاشكارىلىسا، يەنى ئەمەلدە كۆرسەتسە ئۆلمەك، ئېغىر بولماق ۋە توختاپ قالماق پەيدا بولىدۇ. بۇ خۇددى ئۆينىڭ تۈرۈسى بىر يولى يىقىلىپ چۈشسە، ئۆي ئىچىدە بارلىكى نەرسىنى بېسىۋېلىپ، ھېچقانداق نەرسىنى ئۆز ھالىغا قويماي توختىتىپ قويغىنىغا ئوخشاش.

مەلۇمكى، تەن يىقىلسا، تەننىڭ روھى توختايدۇ — قۇلاق ئاڭلىمايدۇ، كۆز كۆرمەيدۇ؛

---

[1] ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن.

نە تەمنى پەرق ئېتىش، يەنى ئاچچىق ـ تاتلىقنى تېتىپ بىلىش؛ نە تۇتۇش ـ سىلاش ئارقىلىق شەيئىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى، قاتتىق يۇمشاقلىقىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بولمايدۇ، سۆزلەشتىن قالىدۇ. شۇڭا ھەرقايسىسى، يەنى جان بىلەن تەن ئۆز ماكانىدا تۇرسىلا، بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ.

قىياس قىلىپ باق. گەرچە تەن ئۇخلىسىمۇ، خىيال، ھېس ـ تۇيغۇ تەسىرىدىن كىشى چۈش كۆرىدۇ. ھەتتا كۆرگەن چۈشى خاتىرىسىدە قالىدۇ. ئويغانغان ھامان باشقىلارغا: «مەن چۈشۈمدە ئۇنى كۆردۈم، بۇنى كۆردۈم ...» دەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جان بىلەن تەننىڭ پائالىيىتى ئوخشاش ئەمەس. جان ئىچكى ھېس ـ خىيال، پىكىر، خاتىرە كۈچى پائالىيىتىدە بولىدۇ. شۇڭا كىشى چۈش كۆرىدۇ، كۆرگەن چۈشىنى خاتىرىسىدە تۇتالايدۇ. تەن بولسا، تاشقى ھېس پائالىيىتىدە بولىدۇ. دېمەك، ئىچكى ھېس پائالىيىتى بەدەنگە تەئەللۇق ئەمەس. ئەگەر بەدەنگە تەئەللۇق بولسا ئىدى، ئۇيقۇ بىلەن بۇ خىل پائالىيەت يوق بولاتتى، يەنى چۈش كۆرمەيتتى ۋە كۆرگەن چۈشى خاتىرىسىدە قالمايتتى. ئەگەر تاشقى ھېس پائالىيىتى بەدەنگە تەئەللۇق بولمىسا ئىدى، تەن ئۇخلىغان بىلەنمۇ ئويغاق ھالەتتە بولاتتى.

دەرھەقىقەت، جانلىقلارنىڭ راھەت ۋە ئاسايىشى ئۇيقىدىدۇر. ئەمما، ھەقسۇبھانە ۋە تائالا ھەممە نەرسىنى ھېكمەت بىلەن ئاپىرىدە قىلغان. شۇڭا كۈندۈزكى ئۇيقۇدىن ئىمكان بار يىراق بولماق كېرەك. ئەگەر تاقەت قىلالمىساڭ، ئازغىنە ئۇخلىۋالساڭمۇ بولىدۇ. بىراق كۈندۈزنى كېچە قىلىۋېلىش ھېكمەت جۈملىسىدىن ئەمەس. چۈنكى ئۇخلاش — كېچىگە تەئەللۇقتۇر. ئەمما ئۇلۇغلارنىڭ ئادىتى بويىچە تومۇز كۈنلىرى چۈشتە خىلۋەت جاينى تېپىپ كۆڭلى تارتقان كىشى بىلەن بىرەر سائەت ئارام ئېلىپ، قۇياشنىڭ تەپتى يېنىپ ھاۋا سورۇن (سالقىن) بولغاندىن كېيىن تاشقىرى چىقىپ، ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ. ئەمما، ئادەم ئۆمرىنى ئىمكان بار ئويغاقلىقتا ئۆتكۈزۈشكە تىرىشمىقى لازىم. چۈنكى تولا ئۇخلىغان ئادەم ئىلگىرى باسمايدۇ. قاچانكى ئۇخلىماقچى بولساڭ، روھى پاك كىشى بىلەن، يەنى كۆڭلۈڭدىكى دوستۇڭ بىلەن ئۇخلا، كۆڭلۈڭنى كۆتۈرۈدىغان ئويغاق، يەنى ھوشيار بىر كىشى ھەممىشە قېشىڭدا بولغاي. چۈنكى ئۇخلاپ قالغان كىشى بىلەن ئۆلۈكنىڭ تۇرقى، يەنى كۆرۈنۈشى ئوخشاشتۇر. ھەر ئىككىسىنىڭ ئالەمدىن، يەنى ئالەم ئىشلىرىدىن خەۋىرى يوقتۇر. لېكىن بىرى تىرىك ۋە بىرى تىرىك ئەمەس. ئەمدى بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، بىرى زورۇرىيەتتىن ئاجىزلىق بىلەن تەنھا ئۇخلايدۇ؛ يەنە بىرى ئۇ قاتارلىق بىچارە ئەمەس. شۇنداق ئىكەن نېمە ئۈچۈن تەنھا ئۇخلاشنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرىسەن؟!

— ئەي ئوغۇل، ھەرۋاقىت بىر ئۆلپەت ـ جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى بىلەن ئۇخلا. تا تىرىكنىڭ ئۇيقۇسى بىلەن ئۆلۈكنىڭ ئۇيقۇسى ئارىسىدا پەرق بولغاي! لېكىن سەھەر قوپماقنى، يەنى كۈن چىقماستىن ئىلگىرى قوپماقنى ئادەت قىلغىن. ئىمكان بار تاڭ يورۇماستىن ئىلگىرى ئورنۇڭدىن تۇرۇپ خۇدايتائالانىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلغىن. ھەرقانداق بىر كىشى كۈن چىققاندا ئورنىدىن تۇرسا، رىزقى كەم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نامىزىمۇ قازا بولىدۇ. بۇنىڭ شۇملۇقىدىن رىزقىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ھەركىم رىزق تاپاي دېسە، ئەتىگەن تۇرۇپ پەرزنى ئادا قىلغاي. ئاندىن باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغاي، ناۋادا قىلغۇدەك بىرەر ئىش بولمىسا، شىكارغا چىقسىمۇ بولىدۇ.

## ئون سەككىزىنچى باب. شىكار قىلماقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، ئات مىنمەك، شىكار قىلماق، چەۋگان سوقماق پادىشاھلارنىڭ ۋە ھۆكۈمەت ئەھلىنىڭ ئىشىدۇر. خۇسۇسەن يىگىتلىك — ياشلىق ۋاقتىدا. ئەمما، ھەر ئىشنىڭ بىر ئەندىزىسى ۋە تەرتىپى بولىدۇ. شىكارغا بارساڭ، بىر ھەپتە يەتتە كۈن. بۇ يەتتە كۈندە ئىككى كۈن شىكار قىل، ئۈچ كۈن تائەت ۋە ئىبادەتكە مەشغۇل بول. ئىككى كۈننى ئەل ئىشىغا سەرپ قىل. قاچانكى، ئاتقا مىنسەڭ، كىچىك ئاتقا مىنمە. چۈنكى كىشى ھەرقانچە كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك بولسىمۇ، كىچىك ئات ئۈستىدە بىچارە كۆرۈنۈپ قالىدۇ. يورغا ئاتقا سەپەردىن بۆلەك ۋاقىتتا مىنمە. چۈنكى يورغا ئاتقا مىنگەن كىشى بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزىنى ئاتنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدۇ ـ دە، ئاسانلا خەتەرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا شەھەر ئىچىدە ۋە شىكار قىلغاندا ئىلدام ۋە شاش ئاتقا مىنگىن. تا ئۇنىڭ شاشلىقىدىن ئۆزۈڭنى ھوشيار تۇتىسەن. ئات ئۈستىدە دۇرۇس ۋە پۇختا ئولتۇر. ئايىغىڭ ئىككى ئۆزەڭگۇدە تەڭ بېسىپ تۇرسۇن. شىكارگاھتا ھەۋەس قىلىپ ئات چاپتۇرما. بىھۇدە ئات چاپتۇرماق گودەكلەر ۋە غۇلاملارنىڭ ئىشىدۇر. ئوۋ، يەنى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئارقىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ قوغلىما. ئوۋ ئۈستىدە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشساڭ، زىيان ـ زەخمەتتىن ئۆزگە ھېچنېمە ھاسىل بولمايدۇ. ئىككى پادىشاھ ئوۋ ئۈستىدە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ ھالاك بولغان. بىرى مېنىڭ ئاتامنىڭ بوۋىسى. يەنە بىرى مېنىڭ تاغامنىڭ ئوغلى. شۇڭا شىكاردا ئۆلجىنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرنى بۇيرۇغىن. ئۇلار ئات چاپتۇرسۇن. سەن ئۆزۈڭ ئات چاپتۇرما. ناۋادا پادىشاھلار بىلەن بىللە بولساڭ، ئۆز ۋاقتىدا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىش، نام چىقىرىش ۋە شۇ ئارقىلىق شۆھرەت تېپىشنى مەقسەت قىلىپ ئات چاپتۇرساڭ راۋادۇر. ئەگەر شىكار قىلماقنى، يەنى شىكارنى دوست تۇتساڭ، قارچۇغا، شۇڭقار، لاچىن، ئىت كەبى ھايۋانلارنى ئېلىپ بېرىپ شىكار قىل. ھەم ئوۋ قىلالايسەن، ھەم زىيان ـ زەخمەتتىن ئەمىن بولالايسەن، ھەم ئۆلجاڭ ئىشقا يارايدۇ، يەنى ئۆلجاڭنىڭ گۆشىنى يەپ، تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيگىلى بولىدۇ.

پادىشاھلا ئىككى تەرىقىدە شىكار قىلىدۇ: خۇراسان پادىشاھلىرى قارچۇغىنى ئۆز قوللىرى بىلەن قۇشلىمايدۇ. ئىراق پادىشاھلىرىنىڭ قائىدىسى شۇكى، ئۇلار ئۆز قوللىرى بىلەن قۇشلايدۇ. ناۋادا سەن قارچۇغا بىلەن شىكار قىلماقچى بولساڭ، ئەگەر سەن پادىشاھ بولمىساڭ، ئۇ ھالدا ئۆز قولۇڭ بىلەن قۇشلىماققا زوقۇڭ بولسا، راۋادۇر؛ ئەگەر پادىشاھ بولساڭ، ئۆز قولۇڭ بىلەن قۇشلاشنى ئىختىيار قىلساڭ بۇمۇ راۋادۇر. ئەمما قارچۇغىنى بىر قېتىملا قۇشلا، قايتىلاپ قۇشلىما. چۈنكى پادىشاھلار ئۈچۈن بىر قارچۇغىنى ئىككى نۆۋەت قۇشلاش ياخشى ئەمەس. قارچۇغىنى قۇشلىغان ۋاقتىڭدا ئۇنىڭ ئوۋنى ئالغان ياكى ئالالمىغانلىقىغا دىققەت بىلەن نەزەر سال، يەنى كۆزىتىپ تۇرغىن. ئىمكان بار قارچۇغىنىڭ ياخشىسىنى قۇشلا. پادىشاھلارنىڭ شىكار قىلماقتىن مەقسىتى ئوزۇق يىغىش ئەمەس، بەلكى تاماشا قىلىش ئۈچۈندۇر.

شۇنىمۇ بىلگىنكى، پادىشاھلار ئات بىلەن شىكار قىلماقچى بولسا، ئىتنى ئۆز قولى بىلەن قويۇپ بېرىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئىتنى شىكارغا قوللار ۋە غۇلاملار قويۇپ بەرسۇن، ئۆزلىرى، يەنى پادىشاھلار تاماشا كۆرسۇن. ئەمما ئوۋ ئارقىسىدىن ئات چاپتۇرمىغاي. ناۋادا ئىپار مۈشۈك بىلەن شىكار قىلماقچى بولساڭ، ئىپار مۈشۈكنىمۇ ئۆزۈڭ كۆتۈرۈۋالما.

چۈنكى، بۇمۇ ئاقىل - دانالارنىڭ، خۇسۇسەن، پادىشاھلارنىڭ ئىشى ئەمەس!

## ئون توققۇزىنچى باب. چەۋگان ئوينىماقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، دائىم چەۋگان[1] ئوينىماقنى ئادەت قىلما. چۈنكى كۆپ ئادەم چەۋگان ئويناپ زەخمەتكە ئۇچرىغانلىقتىن پۇشايمانغا قالغاندۇر. ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، ئەمىر ئىبنى لەيسنىڭ بىر كۆزى بار ئىدى، ۋاقتىكى خوراسانغا ئەمىر بولدى. بىر كۈنى ئۇ گوي[2] ئوينىماق ئۈچۈن مەيدانغا باردى.

ئەمىرنىڭ ئەزھەر ئاتلىق بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ۋەزىر نېمە دېسە، ئەمىر شۇنى قىلىپ، ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى. ۋەزىر كېلىپ ئەمىرنىڭ ئېتىنىڭ يۈگىنىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مەن سىزنى گوي ئوينىغىلى قويمايمەن، — دېدى.

ئەمىر دېدى:

— نېمە ئۈچۈن ئوينىغىلى قويمايسەن؟ گوي ئويناش راۋا تۇرسا! ؟ ۋەزىر دېدى:

— مېنىڭ ئىككى كۆزۈم باردۇر. ناۋادا گوي تېگىپ بىر كۆزۈم نابۇت بولسىمۇ، يەنە بىر كۆزۈم قالىدۇ. ئەمما سىز پادىشاھنىڭ پەقەت بىر كۆزى باردۇر. ناۋادا گوي تېگىپ نابۇت بولسا، خوراساننىڭ ئەمىرلىكى (پادىشاھلىقى) يوق بولىدۇ، دېگەن گەپ.

ئەمىر دېدىكى:

— ئەي ئەزھەر، ئېيتقانلىرىڭ راستتۇر. قوبۇل قىلدىم. تاكى مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ھەرگىز چەۋگان ئوينىمايمەن!

— ئەي ئوغۇل، كۆپ كىشى بىلەن ئاتلانما، يەنى ئات مىنىپ كۆپ كىشى بىلەن چەۋگان ئوينىغىلى بارما، خەتەرلىكتۇر. بېرىش توغرا كەلسە، سەككىزدىن ئارتۇق كىشى بىلەن بارما. ناۋادا بارساڭ، مەيداننىڭ يېنىدا تۇرغىن ۋە يەنە بىر كىشى مەيداننىڭ ئايىغىدا تۇرسۇن. قالغان ئالتە كىشى ئوتتۇرىغا كىرىپ گوي سوقسۇن. قاچانكى توپ سېنىڭ تەرىپىڭگە كەلسە، سوقۇپ ياندۇراي دېمە، دەرھال ئۆزۈڭنى چەتكە ئال. ئىمكان بار جامائەت بىلەن گوي ئويناشقا مەشغۇل بولما. تا خەتەردىن ئەمىن بولۇپ، مەقسىتىڭ ھاسىل بولغاي! چەۋگان ئوينىماقنىڭ تەرتىپلىرىنى شۇنچىلىك بايان قىلدىم.

## يىگىرمىنچى باب. دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلماقنىڭ بايانى[3]

— ئەي ئوغۇل، ۋاقتىكى، سەن دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلماقچى بولساڭ، جەڭ ۋاقتىدا ھورۇنلۇق ۋە سۇسلۇق شەرت ئەمەس. شۇنى قىلىشىڭ كېرەككى، دۈشمىنىڭ كەچىنىڭ غېمىنى يېسە، سەن ئۇنىڭ، يەنى دۈشمىنىڭ ئۈستىدە ئەتىنىڭ غېمىنى يېگىن! جەڭ مەيدانىغا كىرىش توغرا كەلگەندە، ھېچبىر سەۋەب كۆرسەتمە ۋە جېنىڭنى ئاياپ ئولتۇرما.

① چەۋگان — ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ياغاچ توپنى ئۇرۇش ۋە توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئەگرى ئۇزۇن تاياق.

② گوي — چەۋگان ئويۇنىدا ئوتتۇرىغا تاشلاپ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇچى ئەگرى ئۇزۇن تاياق بىلەن ئوينايدىغان كىچىك ياغاچ توپ.

③ مۇندەرىجىدە «جەڭ قىلماق ۋە دۈشمەن بىلەن خۇسۇمەت قىلماقنىڭ بايانى» دېيىلگەن.

بولمىسا ئۆزۈڭنى گۆردە كۆرسەن. جەڭ مەيدانىدا گويا ئۆيدە ئۇخلىغاندەك ئۇخلاش، يەنى هورۇنلۇق ۋە سۇسلۇق قىلىش راۋا ئەمەستۇر.

شېئىر:

ئاھەڭ① ئەلەمى سايەسىغە ئالغىل ئۆزۈڭنى،
ئول كېچەكى ئەرتە جەڭ ئېرسە خوب ئەمەس ئۇيقۇ.

جەڭ مەرىكىسى ئۈستىدە تا بىر قەدەم ئىلگىرى يۈرمەككە قۇدرەت تاپساڭ، زىنھار قەدىمىڭنى توختاتما. دۈشمەن مەرىكىسىگە گىرىپتار بولساڭ، جەڭ قىلىشتىن ھېچ ۋاقىت توختىما. دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭدىن تا جەڭ بىلەن قۇتۇلماق كېرەك. سېنىڭ ئىلگىرىلەۋاتقىنىڭنى، زور كىلىۋاتقىنىڭنى دۈشمىنىڭ كۆرسە، سەندىن ھېيىقىدۇ، يەنى دۈشمەنلىرىڭ سەندىن قورقۇنچ ھېس قىلىدۇ. مۇنداق چاغلاردا ئۆلۈمنى خىيالىڭغا كەلتۈرمە، قورقما ۋە كۆڭلۈڭنى ئازادە تۇت. قىلىچ ھەرقانچە قىسقا بولسىمۇ يۈرەكلىك ئەرنىڭ قولىدا ئۇزۇن كۆرۈنىدۇ. شۇڭا جاسارەت كۆرسىتىشتىن ھەرگىز توختاپ قالما. ئەگەر سەن قورققان ۋە سۇسلۇق قىلىۋاتقان ھالىتىڭنى چاندۇرۇپ قويساڭ، مىڭ جېنىڭ بولسىمۇ بىر جېنىڭنى قۇتقۇزالمايسەن. ئانچىكى كىشىمۇ سېنىڭ ئۈستۈڭدىن غالىب كېلىدۇ. ئۇ ھالدا سەن ھەم ئۆلىسەن، ھەم يامان ئاتاققا قالىسەن، ناۋادا ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ خەلق ئارىسىدا نامەرتلىك بىلەن مەشھۇر بولساڭ، خەلقنىڭ ئارىسىدا ھەممىشە ئار - نومۇستىن باش كۆتۈرەلمەيسەن. جەڭدىكى سۇسلۇقۇڭ تۈپەيلى نام - ئاتاق ۋە نېمىڭدىن - ساخاۋەتتىن ئايرىلىپ قالساڭ، ... بۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆلۈم ياخشىدۇر. شۇڭا يامان نام بىلەن ھايات يۈرگەندىن ياخشى نام قالدۇرۇپ ئۆلگەن ئەۋزەلدۇر.

ئەمما، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشكە تولا مايىل بولما ۋە ھېچبىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھالال دەپ بىلمە. بىراق ئوغرى، قاراقچى ۋە كېپەن ئوغرىلىرىنى ئۆلتۈرمەك (جازالىماق) شەرىئەتتىمۇ ۋاجىپتۇر. بۇنداق ئادەملەرنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھالال، دەپ بىل. ئىككى جاھاننىڭ بالاسى ناھەق خۇن تۆكۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر: بىرىنچىسى شۇكى، قىيامەتتە ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرسەن؛ ئىككىنچىسى، بۇ جاھاندا يامان ئاتلىق بولىسەن، كىچىكلەر سەندىن ئەمىن بولالمايدۇ. خىزمەتكارلار سەندىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزىدۇ. خالايىق سەندىن قاچىدۇ ۋە كۆڭۈلسىز بولۇپ ساڭا دۈشمەن بولىدۇ. دېمەك، ناھەق خۇن تۆككەننىڭ جازاسى ئاخىرەتتە بولۇپ قالماي، يەنە بۇ جاھاندا ھەم بولىدۇ. مەن كىتابلاردىن ئوقۇدۇم. تۈرلۈك تەجرىبىلەرنى ھەم قىلدىم. ناھەق خۇن تۆككەننىڭ جازاسى ھەم بۇ جاھاندا ھەم ئۇ جاھاندا يەتكۈسىدۇر.

بەس، كىمكى ياخشى خۇلقلۇق بولسا، ئۇنىڭ ئەجرى بالىلىرىغا ھەم بولىدۇ.

— ئەي ئوغۇل، ئۆزۈڭ ۋە پەرزەنتلىرىڭگە مەرھەمەت كۆرسەت. ناھەق قان تۆكمە. ناۋادا قان تۆكۈش ئىشى سېنىڭ سالاھىيىتىڭنىڭ ئالدىدا زۆرۈر بولسا، يەنى زادى قان تۆكمىسەڭ بولمايدىغان ئەھۋالدا ھەرگىز تەخىر قىلما. ئۇنداق ئەھۋالدا تەخىر قىلىش، يەنى ئىككىلىنىش پىتنە - پاساتنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. رىۋايەت:

شەمسۇل - مەئانى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خۇمار ئىدى. ھېچ كىشىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلمايتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن لەشكىرىمۇ، خەلقىمۇ ئۇنىڭغا دۈشمەن بولۇپ مەلىكۇل -

① ئىستەك، ئىنتىلىش.

مەئانى بىلەن بىرلەشتى. لەشكىرىمۇ، خەلقىمۇ مەلىكۇل - مەئانىغا: «ئەگەر سىز بۇ ئىشتا بىز بىلەن بىللە بولمىسىڭىز، ئاخىرى بۇ پادىشاھلىقنى ياتنىڭ قولىغا تۇتقۇزىمىز، دېيىشتى. مەلىكۇل - مەئانى پادىشاھلىقنىڭ — بۇ خاندانلىقنىڭ قولىدىن كېتىدىغانلىقىنى بىلدى. ئامالسىز مەملىكەت زۆرۆۋىيىتىدىن شەمسۇل - مەئانىنى تۇتتى ۋە مەپىگە سېلىپ، مۇئەككەل (مەخسۇس ئىش بېجىرگۈچىلەر) نى تەيىنلەپ قەلئەگە ئەۋەتتى. مۇئەككەللەرنىڭ ئارىسىدا ئابدۇللاھ ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى. قەلئەگە كېتىۋاتقاندا شەمسۇل - مەئانى ئۇنىڭدىن:

— ئەي ئابدۇللاھ، بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ:

— بۇ ئىشنى پالانى، ... پالانى، ... لەشكىري ئەمەلدارلىرىڭ (باش قوماندان) قىلدى، دەپ بەش كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى ۋە بۇ بەش لەشكەرنى، يەنى لەشكىري ئەمەلدارلارنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەن قىزىقتۇرغان. مەن ھەم مۇشۇلارنىڭ قاتارىدا بار ئىدىم. خەلققە ۋەدە بېرىپ، بۇ ئىشنى بۇ يەرگىچە يەتكۈزدۇم. سەن بۇ ئىشنى مەندىن كۆرمە ۋە ھېچ كىشىدىن دەپ بىلمە، ئۆزۈڭدىن كۆر. بۇ ھال ھەرگىزمۇ لەشكىرىڭنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگىنىڭدىن يۈز بەردى، — دېدى.

شەمسۇل - مەئانى دېدىكى:

— سەن يالغان ئېيتتىڭ. ماڭا بۇ ئىش ئادەم ئۆلتۈرمىگەنلىكىمدىن بولدى. ئەگەر مەن ۋاقتىدا سەن بىلەن بۇ بەش كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسام ئىدى، بۇ كۈن مېنىڭ بېشىمغا چۈشمەسىدى. بۇ ئالتە جاننى قەتلى قىلىپ سالامەت ئۆمۈر ئۆتكۈزگۈلۈك ئىكەن.»

بۇ ئىشلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن رىۋايەت قىلدىمكى، سەن ھەرقانداق ئىش قىلماقچى بولساڭ، ئىككىلىنىپ تۇرما. ناۋادا چارە بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمە. ساراي خادىملىرى، يەنى مۇھىم ئىشلارنى قىلىدىغانلارنى يېنىڭدا ئۇزۇن تۇرغۇزۇشنى ئادەت قىلما. ئۇنداق كىشىلەر سېنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مۇراد - مەقسەتلىرىنىڭ ھۇسۇلى ئۈچۈن باشقىلارنى زىيان - زەخمەتكە دۇچار قىلىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىن قاتتىق زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك بولماس. ناۋادا ساراي خادىملىرى، يەنى مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان خىزمەتچى لازىم بولسا، باشقىلارغا بىر مەزگىل ئىشلىگەن كىشىنى ئىشلەت. مەنپەئەتى ساڭا، يامانلىقى ئىلگىرى ئىشلەتكەن كىشىنىڭ گەردىنىدە بولغاي! تاكى ئۆزۈڭنى مۇنداق يامانلىقلاردىن، يەنى شۇ كىشى تۈپەيلى بولىدىغان يامانلىقلاردىن ساقلاپ قالالايسەن.

ئەمما، جەڭ ئىشلىرىدا ھەرقاچان جاسارەتلىك بول. ئۆزۈڭنى ئايىغاق بولما. تا ئۆز بەدىنىڭنى ئىتلارغا يېمەكلىك ئورنىدا تاشلاپ بەرمە. شىر ۋە يولۋاسلار كەبى نام كۆتۈرگىن. نام - شۆھرىتىڭ ئارقىلىق ناننى قولغا كەلتۈرگىن. ھەم قولغا كەلگەن نام - شۆھرىتىڭنى ساقلاشقا تىرىش. بىھۇدە قولدىن چىقىرىپ قويما. يىغماق ۋە خىراجەت قىلماقنى ئۆز سائىتىدە ۋە ئۆز ئەندىزىسىدە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغىن!

## يىگىرمە بىرىنچى باب. مال جەمئ قىلماقنىڭ بايانى①

— ئەي ئوغۇل، مال جەمئ قىلماق، يەنى پۇل - مال يىغماقتىن ئۆزۈڭنى غاپىل تۇتما.

① مۇندەرىجىدە «مال يىغماق ۋە دۇنيا تاپماقنىڭ بايانى» دېيىلگەن.

لېكىن ئازغىنە نەرسە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى خارلىققا سالما. تىرىشىدىغانلا بولساڭ، ھەرقانداق نەرسىنى قولۇڭغا كەلتۈرەلەيسەن. ئەمما ماڭا ياراشسۇن دېسەڭ، قولۇڭغا كەلتۈرمەكچى بولغان نەرسە توغرا يول - ھالال يول بىلەن بولغاي! قولۇڭغا كەلتۈرگەن، يەنى يىغقان پۇل - مېلىڭنى ياخشى ساقلا. ئەھمىيەتسىز ۋە گۇناھ بولغۇدەك ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلما. پۇل - مالنى ياخشى ساقلىماق، يەنى ئۆز ئورنىدا ئىشلەتمەك جەمئ قىلماقتىن مۇشكۇلراق-تۇر. ناۋادا بىرەر لازىملىق نەرسە ئۈچۈن چىقىم قىلماقچى بولساڭ، ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىل. چىقىم قىلىشنىلا بىلىپ، ئورنىنى تولدۇرۇشنى بىلمىسەڭ، ئۇ ھالدا قارۇننىڭ① خەزىنىسى بولسىمۇ توشمايدۇ — تۈگەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا، يەنى پۇل - مېلىڭغا ئانچە كۆڭۈل باغلاپمۇ كەتمە. لېكىن ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىدا تەڭلىككە قالماي دېسەڭ، قولۇڭدا ئاز - تولا پۇل - مېلىڭمۇ تۇرسۇن!

پۇل - مېلىڭ ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ ھەم تەدبىر بىلەن ئىش قىل. كىچىككىنە بولسىمۇ تەدبىر بىلەن قىلىنغان ئىش تولىمۇ ئوبداندۇر. ئازغىنە پۇل - مال ئۈچۈن غەيرىگە موھتاج بولۇپ تىرىكچىلىك قىلغاندىن نۇرغۇن پۇل - مېلىڭنىڭ باشقىلارغا قىپقالغىنى ياخشىدۇر.

قەدىمكىلەر مۇنداق ئېيتقان: «دوستۇڭغا موھتاج بولغاندىن، پۇل - مېلىڭنىڭ دۈشمە-نىڭگە قالغىنى ياخشىراقتۇر.»

نەزم:

مال جەمئ ئەيلە فانىي ئالەم ئارا،
يۈرگۈچە خەلق نان بېرۇر دەپ ئاچ.
سەن ئۆلۈپ دۈشمىنىڭگە قالغان خوب،
دوست مالىغە بولغۇچە موھتاج.

تاپماقنىڭ مۇشەققىتىدىن ساقلىماقنىڭ مېھنىتى زىيادە ۋە قاتتىقراقتۇر. سەرمايە ئازراق بولسا، ئۇنى ساقلىماقنى ۋاجىب بىل. ھەرقانداق بىر كىشى ئازنى ساقلاشقا چىدىسا، كۆپنى ھەم ساقلىيالايدۇ.

باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلغاندىن، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىلىشنى ياخشى دەپ بىل. ھورۇن-لۇقنى نومۇس بىلگىنكى، ھورۇنلۇق — بەختسىزلىكنىڭ شاگىرتىدۇر. ھەر ۋاقىت رەنج - مۇشەققەتنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇت. چۈنكى رەنج - مۇشەققەتتىن پايدا ھاسىل بولىدۇ. ھورۇنلۇق تۈپەيلى پايدا قولدىن كېتىدۇ، بەلكى پايدا قولغا كەلمەس!

ھۆكۈمالار ئېيتىپتۇركى: تىرىش - تىرىشچانلىق كۆرسەت، تا ئوبدان، يەنى بەختلىك بولغايسەن. قولۇڭدىكىگە، يەنى قولۇڭدا بارىغا خۇرسەن بول، تاكى باي بولغايسەن. كەمتەر ۋە خۇش مۇئامىلىلىك بول، تا دوستۇڭ كۆپ بولغاي!

بەس، نۇرغۇن رەنج - مۇشەققەت بىلەن قولغا كەلگەننى ئانچىكى ھورۇنلۇق ۋە غەپلەت بىلەن قولدىن چىقىرىپ قويۇش — دانا ۋە ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. چۈنكى ھاجەتمەن بولغان ۋاقتىڭدا پۇشايمان قىلساڭمۇ پايدىسى بولمايدۇ. شۇڭا رەنج - مۇشەققەت چېكىپ پۇل - مال جەمئ قىل ھەم ئۆزۈڭنىڭ نېنىنى ئۆزۈڭ تېپىپ يېيىشكە تىرىش. گەرچە پۇل -

① ھېسابسىز بايلىق ئىگىسى (ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا زور بايلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ).

مال ھەرقانچە ئەزىز ۋە كىشىنى مەقسىتىگە يەتكۈزۈدىغان نەرسە بولسىمۇ، ئەمما لازىملىق
خىراجەتتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرما، يەنى چىقىم قىلىشقا توغرا كەلگەندە بېخىللىق قىلما. يەنە
شۇنىمۇ بىلىشىڭ كېرەككى، پۇل ـ مېلىڭنى بىكارچى كىشىلەرگە خەجلەپ، باشقا بىرىگە
موھتاج بولۇپ قېلىشتىن ساقلان. چۈنكى موھتاجلار پېقىرلار ئۆيىدە بولىدۇ، بەلكى پېقىر-
لارنىڭ ئېھتىياجى ھەممە ئۆيگە چۈشىدۇ. مەسىلەن، بىر پۇل تاپساڭ، ئۇشبۇ بىر پۇلغا
يەنە بىر پۇل چاغلىق نەرسىنى قوشۇپ خىراجەت قىلساڭ، ھەمىشە موھتاجلىقتا ئۆتىسەن.
ۋاقتىكى، بىر پۇل تاپساڭ، شۇ بىر پۇلدىن زەررە كەم خىراجەت قىلساڭ، ئۆيۈڭدە ھەرگىز
موھتاجلىققا قالمايسەن. شۇڭا دۇنيالىقتىن ھەرقانداق نەرسە تاپساڭ، قانائەت قىلغىن.
قانائەتنى يۇقىرى مەرتىۋە دەپ بىل. تەڭرىتائالادىن ھەربىر رىزىق ۋە نېسىۋە ساڭا قىسمەت
بولغىنىكەن، ئەلۋەتتە يەتكۈسىدۇر. ھەرقانداق بىر ئىش سۆز ياكى بىرەر كىشىنىڭ ۋاسىتىسى
بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئىش ئۈچۈن پۇل خەجلىمە. زۆرۈر بولىدىكەن،
پۇل خەجلەشتىن ئايانما. چۈنكى پۇلسىز كىشىنىڭ ئىشىنىڭ قەدرى بولماس! شۇنى بىلگىن-
كى، ئادەملەرنىڭ تولىسى مەنپەئەتى بولمىسىمۇ دۇنيادارلار (بايلار) نى دوست تۇتىدۇ؛
زەربىرى يەتمىسىمۇ كەمبەغەللەرنى يامان كۆرىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنىڭ يامانراقى
مۇھتاجلىقتۇر. شۇڭا ياخشى ئاتاققا ئېرىشەي، ياخشى نام بىلەن زىننەتلىنەي دېسەڭ،
موھتاجلارغا خەير ـ ئېھسان قىل. ھەر كىشىنى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ رازى قىلىشقا تىرىش.
ئەمما ئىسراپچىلىقمۇ قىلما. ئىسراپچىلىقنى خۇدايتائالانىڭ دۈشمىنى دەپ بىل. خۇدايتائالا
ياخشى كۆرمىگەن ئىشنى بەندىنىڭ ياخشى كۆرۈشى تولىمۇ شۇملۇقتۇر. بۇ ھەقتە خۇدايتائالا
ئۆز كالامىدا خەۋەر بېرىپ: «ئىسراپ قىلماڭلار، خۇدايتائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى دوست
تۇتمايدۇ» دېگەن. شۇڭا خۇدايتائالا دوست تۇتمىغان نەرسىنى سەن ھەم دوست تۇتما.
ھەرقانداق ئاپەتنىڭ بىر سەۋەبى بولىدۇ. نامراتلىقنىڭ سەۋەبى — ئىسراپچىلىقتۇر. دېمەك،
ئېھتىياجدىن زىيادە خىراجەت قىلىش ئىسراپچىلىق جۈملىسىدىندۇر. ئەمما نەپەقە ئۈچۈن
خىراجەت قىلىش ئىسراپچىلىق ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە يېمەك ـ ئىچمەكتە،
گەپ ـ سۆزدە ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىڭدىمۇ ئىسراپچىلىقتىن ساقلان. خۇسۇسەن، يېمەك ـ
ئىچمەكتە تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى يېمەك ـ ئىچمەكتىكى ئىسراپچىلىق — بەدەننى ئۇپرىتى-
دۇ، نەپەسنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئەقلىنى قاچۇرىدۇ، ھاياتنى نابۇت قىلىدۇ. كۆرمىدىڭ-
مۇ، چىراقنىڭ تىرىكلىكى (يورۇپ تۇرۇشى) ياغ بىلەندۇر. ناۋادا ياغ نورمال بولمىسا،
چىراق ئۆچۈپ قالىدۇ. مەلۇم بولدىكى، ياغ بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى چىراقنىڭ
يېنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ياغ نورمال بولۇشى كېرەك. ئەگەر ياغ نورمىدىن ئېشىپ كەتسە،
تۆكۈلۈپ چىراق ئۆچۈپ قالىدۇ؛ ئاز بولۇپ قالسا، پىلىككە ياغ يەتمەي ھەم ئۆچۈپ قالىدۇ.
ئۇشبۇ جەھەتتىن خۇدايتائالا ئىسراپچىلىقنى دوست تۇتمىغاندۇر. خەلقىمۇ زامان ـ زاماندىن
بېرى ئىسراپچىلىقنى «ئاپەت» دەپ ھەر ئىشنىڭ نورمال بولۇشىنى خالاپ كەلگەندۇر.
دەرھەقىقەت، ئىسراپچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى زىيان بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئەمما تېجەشلىك بول-
مەن، دەپ تىرىكچىلىكىڭنى ـ ھاياتىڭنى قاتتىقچىلىق بىلەن ئۆتكۈزمە ۋە رىزقىڭنىڭ
ئېشىكىنى يۈزۈڭگە باغلىما، يەنى بەك بېخىللىقمۇ قىلىپ كەتمە. ھەرقانداق لازىملىق
نەرسىلەر ئۈچۈن سەھۋەنلىك سادىر قىلما. كىشى ئۆز ئىشىدا سەھۋەنلىك سادىر قىلسا،
سائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ ۋە مەقسىدىگە يېتەلمەيدۇ. مەيلى ئۆز نەفسىڭ ئۈچۈن بولسۇن ياكى
ساڭا لازىملىق ھەرقانداق نەرسە ئۈچۈن بولسۇن، چىقىم قىلىشتىن ئايانما. چۈنكى پۇل ـ

مال ھەرقانچە ئەزىز بولسىمۇ، جېنىڭدىن ئەزىز ئەمەستۇر. شۇڭا قول - ئىلكىڭدە بولسىلا، پايدىلىق ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىل. پۇل - مېلىڭنى ھەرگىزمۇ بېخىل، قىمارۋاز ۋە تىرىكتاپلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرمە؛ بۇنداق ئادەملەرنى «ئوغرى» دەپ پەرەز قىل، تا مېلىڭ «ئوغرى»لاردىن ئەمىن تۇرغاي!

— ئەي ئوغۇل، دۇنيا، يەنى پۇل - مال جەمئ قىلماقتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرما. چۈنكى راھەتنىڭ رەنج - مۇشەققىتى بولغىنىدەك، رەنج - مۇشەققەتنىڭمۇ راھىتى بولىدۇ، يەنى بۈگۈنكى راھەت — ئەتىكى كۈننىڭ رەنج - مۇشەققىتىدۇر؛ بۈگۈنكى رەنج - مۇشەققەت — ئەتىكى كۈننىڭ راھىتىدۇر. شۇڭا ھەرقانداق نەرسىنى، مەيلى مۇشەققەت بىلەن ياكى مۇشەققەتسىز قولۇڭغا كەلتۈر، چوقۇم ئىككى پۇلنى ئۆزۈڭگە ۋە ئەھلى ئايالىڭغا خىراجەت قىلساڭ، يەنە ئىككى پۇلنى ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلاپ قويۇشنىڭ كويىدا بول. زۆرۈر بولغان كۈنلەردە ياكى ياشانغان ۋە ياكى كېسەل بولۇپ قالغان ۋاقىتلاردا ھاجىتىڭگە يارايدۇ. ئىمكانىيىتىڭ بولسا، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قىممەت باھالىق نەرسەلەرنى ئېلىپ تۇت. تا ھەمىشە باقى تۇرغاي. ناۋادا بەك كۆپ بولسا، تۇپراققا كۆمۈپ ساقلا. تۇپراققا كۆمگەن ھەرقانداق نەرسىنى تۇپراق ھاجەت ۋاقتىدا يەنە قولۇڭغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. لازىملىق ئۈچۈن بىرەر ئەسۋابنى سېتىۋالغان بولساڭ، ئۇنى «كېيىن يەنە سېتىۋالارمەن» دەپ باشقا بىر لازىملىق نەرسە ئۈچۈن سېتىۋەتمە ياكى تېگىشىۋەتمە. كېيىن سېتىۋالالماي قالساڭ، ئۆي ئىچىدە شۇ نەرسىنىڭ ئورنى بوش قالىدۇ. يەنە بىرى، ھەرقانچە زۆرۈر بولسىمۇ بىراۋدىن قەرز ئالما ۋە مال - مۈلكۈڭنى گۆرۈگە قويما. سەن ھەم تا قۇدرىتىڭ بولسىلا، كىشىگە قەرز بەرمە. خۇسۇسەن، دوستلىرىڭغا قەرز بەرمىگىن. چۈنكى قەرز بەرمىگەندىكى ئازاردىن، يەنى قەرز بەرمىگەنلىكىڭ تۈپەيلى ساڭا بولىدىغان خاپىلىق رەنجىشتىن، بەرگەن قەرزنى سورىغاندىكى ئازار يامانراقتۇر.

قەدىمدىن قېپ قالغان مۇنداق بىر ماقال بار: «بېرىپ يامان بولغۇچە، بەرمەي يامان بول.»

بەس، ئەگەر قەرز بەرسەڭ، بەرگەن ئۇ پۇلنى ئۆز مېلىڭ قاتارىدىن سانىما ۋە كۆڭلۈڭدە: «بۇ مالنى دوستۇمغا بەخش قىلىپ بەردىم، نا ئۇ بەرمىگىچە سورىماسمەن» دەپ بىل. شۇ بەرگەن قەرزىڭنى سوراش تۈپەيلى دوستلۇقۇڭغا تەسىر يەتمىگەي. چۈنكى دوستنى ئاز نەرسە بىلەن دۈشمەن قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما دۈشمەننى دوست قىلماق تولىمۇ مۈشكۈلدۇر.

دوستنى دۈشمەن قىلماق گۆدەكلەرنىڭ ئىشىدۇر؛ دۈشمەننى دوست قىلماق قېرىلارنىڭ ھالىدۇر.

ناۋادا قولۇڭدا پۇل - مېلىڭ كۆپ بولسا، مۇۋاپىق مىقداردا موھتاجلارنى بەھرە ئالدۇرغىن، يەنى موھتاجلارنى ھاجىتىدىن چىقار. خۇسۇسەن، نامرات تۇغقانلىرىڭغا مەنپەئەت يەتكۈز. شۇنداقتا تۇغقانچىلىق مەجبۇرىيىتىڭنى ئادا قىلغان بولىسەن. ئەمما ئادەملەرنىڭ ئۈبدىنى بولاي دېسەڭ، ھېچ كىشىنىڭ ھېچ نەرسىسىدىن تەمە تۇتمىغىن، يەنى كىشىنىڭ مال - مۈلكىدىن تەمەيىڭ بولمىسۇن. ئۆزۈڭنىڭ مېلىنى ئۆزۈڭنىڭ دەپ بىل. كىشىنىڭ مېلىنى ئۆزۈڭنىڭ دەپ گۇمان قىلما، يەنى كىشىنىڭ مېلىنىڭ كويىدا بولما. شۇنداقلا خەلق ئارىسىدا ئەمىنلىك ۋە دىيانەتلىك بىلەن مەشھۇر بولالايسەن. باشقىلارمۇ ساڭا ئىشىنىدۇ.

بۇ دېگەنلىرىمنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇتساڭ، چوقۇمكى، ھەمىشە باي - باياشات ياشايسەن!

(داۋامى بار)

(ئابلىمىت ئەھەد بۆگۇ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، دوتسىنت)

# تارىخى رەشىدى[1]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

مولla مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### خانىنىڭ تەۋبە ۋە پۇشايمان قىلغانلىقىنىڭ بايانى

خانىنىڭ تەۋبە ۋە پۇشايمان قىلغانلىقى ئەپۇچان، ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك ۋە نوقسانسىز بولغان ھەزرىتى تەڭرىنىڭ ئىلتىپات ۋە مەرھەمەتلىرىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. رەھىم - شەپقەتلىك ھەزرىتى پەرۋەردىگار ئىلتىپات ھۆكۈمى بولغان مۇقەددەس قۇرئاندا «ئاللاھقا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار»[2]دەپ پەرمان قىلغان. مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئەنە شۇ بۇيسۇنۇش زۆرۈر بولغان پەرمانىنىڭ ھۆكۈمى بويىچە، مۆمىنلەرگە تەۋبە لازىم ۋە زۆرۈردۇر. «تەۋپىق ئەزىز نەرسە، ئۇ ئەزىز بەندىلەرگىلا بېرىلىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنىڭ تەقەززاسى بىلەن بۇ سائادەت ھەرقانداق قولى قىسقا كىشىگە مۇيەسسەر بولمايدۇ؛ ئەگەر ئۇ سائادەتمەن كىشىنى تەقدىر ھىدايىتى ۋە ئەزەل مۇۋەپپەقىيىتى قوللىغان بولسا، مۇيەسسەر بولار، نەزم:

ئەيكى، فەزلىڭ دەستىگىرىدۇر، ماڭا بول دەستىگىر،
ئۆز ئۆزۈمدىن سىير بولدۇممەن، ماڭا بول دەستىگىر.
تا قاچانغە تەگرۇ تەۋبە قىلغامەن، سىندۇرغامەن،
بەرگۈچى، سىندۇرغۇچى سەنسەن، ماڭا بول دەستىگىر.

ئەگەر ھەرقانداق بەختىيار كىشىگە بۇ سائادەت نېسىپ بولسا، بۇ تەڭرى دەرگاھىنىڭ زور مۇھەببىتى ۋە كاتتا ئىنايىتىدۇر. نەزم:

بۇ كۆشايىشدۇر، ئانى بىلمەيىن ئەتمە كەج گۇمان،

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.
② «قۇرئان كەرىم»66 - سۈرە تەھرىم، 8 - ئايەتنىڭ باش قىسمى.

يەك قەبۇلۇمىزدۇر ئۆلكىم، سېنى تارتادۇر بۇ يان.

خاننىڭ مۇبارەك ئەھۋالى بۇ ھالغا مۇۋاپىق ۋە بۇ ماقالغا لايىق بولۇپتۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، شارابخورلۇققا خاننىڭ رىغبىتى شۇ دەرىجىدە ئۈستۈن ئىدىكى، مەسىلەن، چۈشىدە ھۇشيارلىقنى چۈشىسىمۇ، «تەبىر چۈشنىڭ ئەكسىچە بولۇر» دېگەن ماقالنى ئۆز ئەھۋالىغا لايىق دەپ قاراپ، ئۇ چۈشكە مەستلىك تەبىرىنى بېرەتتى، نەزم:

ئىچكۈچە جامى ئەجەل كۆڭلۈمدە ئول ساقىيدۇرۇر،
تولغۇچە پەيمانىم، ئول ساقى بىلە باقىيدۇرۇر.

خاننىڭ بۇ ئادەتنى تاشلىشى ھەرگىز كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا كەلمەيتتى. ئەمما، مېھرىبان تەڭرىنىڭ ئاتا قىلغان مۇۋەپپەقىيىتى ۋە پاك پەرۋەردىگارنىڭ بەخش ئەتكەن ھىدايىتى يېتىش بىلەنلا، سائادەت قوللىرى پاسىقلىق ياقىسىنى پارە ـ پارە قىلدى، خان پۈتكۈل ئىچىملىكتىن تەۋبە قىلدى. نەزم:

ھەزار شۇكرىكى، قىلدى غەفۇر ئانى مەغفۇر،
ئوقۇدى «تۇبۇ ئىلەللاھى»① نى لەبى ھۇر.

بۇ تەۋبە بارلىق مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىشتىن قىلىنغان بولۇپ، تېخى تولۇق تەۋبە ئەمەس ئىدى. بارلىق مەنئىي قىلىنغان قىلمىشلاردىن قىلىنغان تەۋبە ئاندىن تولۇق ۋە مۇكەممەل تەۋبە بولىدۇ. بۇ تەۋبەنىڭ تارىخى «تۇبۇ ئىلەللاھى تەۋبەتەن» (توبوالى الله توبه — تەڭرىگە تەۋبە قىلىڭلار) دېگەن ئايەتنىڭ «تەۋبە» سۆزىدىكى ئاخىرقى ئىككى ھەرپ «بە» ۋە «ھى» نى كىرگۈزمەي ھېسابلىغاندا ھاسىل بولاتتى②. خان بۇ ۋەقەدىن يەتتە يىل كېيىن تەۋبىنى تولۇقلىدى. يەنى ھەزرىتى مەخدۇم — تەڭرى ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرلۇق قىلغاي — نىڭ ھوزۇرىدا تەۋبە قىلىپ، پۈتكۈل نەھيى قىلىنغان (توسۇلغان) ئىشلاردىن ياندى. بۇ ۋاقىتقا نىسبەتەن «تۇبۇ ئىلاللاھى تەۋبەتەن» دېگەن ئايەت تولۇق ھالەتتە تارىخ بولدى③. بۇ ئاجايىپ مەنە ۋە غارايىپ لەتىپىدۇر.

بۇ ئىچچام باياننىڭ تەپسىلاتى شۇكى، رەشىد سۇلتان موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلغان شۇ باھارنىڭ ئاخىرقى زىمىستانىدا خان يېڭىھساردا ئىدى. تاغام خاننىڭ مۇلازىمىتىدە بىللە ئىدى. پېقىر ياركەنتتە ئىدىم. خان بۇ ئىشنى ماڭا كۆپ قېتىم سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەنىدى:

— سەييىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن يېڭىھساردا ئىدۇق، بىر كېچە مەيخورلۇق قىلدۇق، تۈن ئاخىرلاشقاندا خاتىرىمگە يەتتىكى، نەزم:

---

① «تۇبۇ ئىلەللاھى» (تەڭرىگە تەۋبە قىلىڭلار) — «قۇرئان كەرىم» 66 ـ سۇرە، تەھرىم، 8 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى.
② «قۇرئان كەرىم» 66 ـ سۇرە، تەھرىم، 8 ـ ئايەتتىكى بۇ ھەرپلەرنىڭ قىممىتى ئەبجەد ھېسابى بويىچە جەملىنىپ، ئۇنىڭدىن «ب» ۋە «ھى» ھەرپلىرىنىڭ قىممىتى چىقىرىۋېتىلسە، ھىجرىيە 928 (مىلادىيە 1421 ـ 1422)ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.
③ بۇ ئايەت ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 935 (مىلادىيە 1428 ـ 1429) ـ يىلىنى ئىپادىلەيدۇ.

تۈن مەستۇ سەھەر مەستۇ ھەمە كۇندە خۇمار،
ئەۋقاتى شەرىف تۇرفە زايىئ كېچەدۇر.

ئەمدى ھۇشيار بولىدىغان ۋاقتىڭ يەتتى. بۇ نالايىق قىلىقلىرىڭنى تاشلىغىن، ئالەمنىڭ پەرۋىشچىسى بولغان تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا بەندىلىك كەمرىنى بېلىڭگە مەھكەم باغلىغايسەن. بۇ نىيەت كۆڭلۈمدىن ئورۇن ئالدى. يەنە ئىككىلىنىپ: «بۇ خىياللىرىم مەستلىكنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك، ھالبۇكى، بۇ ئەيش - ئىشرەتسىز ھاياتلىقتىن نېمە لەززەت، نېمە ھوزۇر بولسۇن» دەپ ئويلاپ، مۇشۇ خىيال بىلەن ئۇيقۇغا كەتتىم. بىر چاغدا خۇماردىن يىلاندەك تولغانغان ھالەتتە ئويغاندىم. خۇمارنى بېسىش ئۇچۇن شاراب تەكلەپ قىلغاندىم، ھازىر قىلىشتى. شۇ چاغدا كېچىدىكى نىيىتىم ئېسىمگە چۈشتى. دەرھال سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا: «بۇ مەيخورلۇقتىن كۆڭلۈمگە مالاللىق يەتتى. تەۋبە قىلىشنى خالايمەن» دېدىم. شۇ چاغدا سەييىد مۇھەممەد مىرزا زار - زار يىغلىغان ھالدا سۆز باشلىدى: «ئەي ساھىبقىران سۇلتان، ئەي سائادەت نىشانلىق خان، بۇ دۇنيادا ھېچ پايدىسى، ئاخىرەتتە ھېچبىر ياخشىلىقى بولمىغان، بەدەننىڭ ساغلاملىقىغا ئۇنىڭدىن تۇرلۇك زىيانلار ۋە ئەقلنىڭ پاكىزە ئەينىكىگە شۇنىڭدىن يۇز قىسما كىر ۋە توزانلار يېتىدىغان، ئىسلام دىنىدا ھارام قىلىنغان، خالايىق ئارىسىدا يامان ئاتاقتا سەۋەبچى بولىدىغان بۇنداق ئادەتنى تاشلاش لازىم، بەلكى زۆرۈردۇر، بۇنداق نالايىق قىلىق ۋە يېقىمسىز ئادەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھەزرىتىڭىزگە قانداقمۇ لايىق كەلسۇن؟ ! كۆڭلۈم سىزنى بۇ قىلىقتىن توسۇشقا كۆپ قېتىم مايىل بولغان، تىلىم بۇ ئەرزىمنى سەمىڭىزگە سېلىشقا ھەمىشە تەلەپكار بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋاپىق ۋاقىت بولمىغانلىقى ۋە ئەدەپ قاراۋۇلىنىڭ يول بەرمەسلىكى تۇپەيلىدىن، ئاغزىمغا سۈكۈت تامغىسىنى بېسىپ يۇرۇۋاتقاندىم. مانا ھازىر تەڭرىنىڭ ئىنايىتى ۋە تەقدىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بۇ ياخشى نىيەتنى مۇبارەك كۆڭلىڭىزگە سېلىپتۇ. مۇبارەك بولسۇن، پۇتكۇل ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ھەققى، بۇ جەھەتتە تەخىر قىلماڭ، بۇ ئىشنى كەينىگە تارتماڭ، بۇنداق سائادەت ۋە بەخت - دۆلەتنى قولدىن بەرمەڭ.» دېدى ۋە تەۋبە قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇپ ناھايىتى كۆچەپ تەكىتلىدى. شۇڭا، دەرھال چىن كۆڭلۈمدىن تەۋبە قىلدىم. مەجلىس ئەھلىگە رۇخسەت بەردىم. ھەر قايسىسى بىر تەرەپكە بېرىپ، بۇ ئىشقا ئۆزلىرى مەشغۇل بولۇشتى. مەن ئۆزۈم تەۋبە قىلىپ، بۇ نالايىق ئادەتنى تاشلىدىم. نەزم:

بىرى غايىب ئۆزدىن، بىرى نىم مەست،
بىرىسى غەزەل قېچىرىپ مەيپەرەست.
مۇغەننى سالىپ ھەر تەرفدىن خۇرۇش،
كى ساقى ئۇرۇپ ھەر تەرەف باڭى نۇش.

خان بۇ ۋەقەنى پېقىرغا ئەنە شۇنداق بايان قىلاتتى. تاغامنىڭ يەسەۋىيىيە شەيخلىرىنىڭ تەرىقىتىگە كىرگىنىگە نەچچە مۇددەت بولغانىدى. شۇڭا، تەقۋادارلىق، سالىھلىق يولىنى تۇتقانىدى؛ خاننىڭ بۇ ئادەت ۋە قىلىقىدىن ناھايىتى مالال ۋە پەرىشان بولۇپ يۇرۇۋاتاتتى. خان بۇ مەسلىھەتنى ئارىغا سالغاندا، تاغام خاننى تەۋبە قىلىش يولىغا ھەددۇ ھېسابسىز ۋە چەكسىز تەرغىپ قىلدى. خانمۇ تەقدىر سائادىتىنىڭ ياردىمى بىلەن دەرھال تەۋبە قىلىپ،

مەجلىس ئەھلىنىڭ ھەربىرىگە:

— ئەمدى ھەرقايىسىڭلار بىر تەرەپكە بېرىپ، ئۆز ئەھلىڭلار بىلەن بەزمە تۈزۈڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بىلەن بۇنداق بەزمە تۈزۈش ئۈمىدىنى ئۈزۈڭلار! — دەپ پەرمان قىلدى ـ دە، بەزمە ـ سۆھبەت ئەسۋابلىرىنى سىندۇردى. نەزم:

ئۈزۈپ، سىندۇرۇپ چەڭ ئىلە تارنى،
بەدەر قىلدىلار ئەھلى مەيخارنى.
كى مەيخانەۋۇ كۇفنى سىندۇردىلار،
كەدۇلارغە جۇملە شكەست ئۇردىلار.

دېمەك، تەقۋادارلار جەلپ قىلىندى، پاسىقلار نائۈمىد بولدى، سالىھلار تائىپىسى ئەزىز ۋە مەقبۇل، ئالىملار پىرقىسى مۆھتىرەم ۋە سۆيۈملۈك بولدى. زاھىدلار ۋە ئىبادەت قىلغۇچىلار كەرەملىك تەڭرى تەئالا ھۇزۇرىغا شۇكۇر ـ سانا ئېيتىشقا مەشغۇل بولدى. دېھقانلار ۋە پۇقرالار ھاجەتمەنلىك يۈزلىرىنى يەرگە قويدى، دۇئا قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈردى. خان ئۆتكەن ئۆمرىنى شارابخورلۇق بىلەن كەچۈرگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز «ئەستەغفۇرۇللاھ» (ئەي تەڭرىم، كەچۈرگەيسەن) ۋە «تەۋبۇن ئىلەيھى» (تەۋبە قىلدىم) دېگەن سۆزنى تىلىدا تەكرارلايتتى. نەزم:

جەۋانىكى مەست ئېردى پىنداردىن،
قارىلار كەبى قاچتى ئەغياردىن.

ئەنبىيالارنىڭ خاتىمىسى بولغان ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆجىزىلەرنى بايان قىلغۇچى تىلى بىلەن گۆھەرلەر چېچىپ ئېيتقان: «ئادەملەر ئۆز پادىشاھلىرىنىڭ دىنىغا ئەگىشىدۇ» دېگەن شەرەپلىك ھەدىسنىڭ تەقەززاسى بىلەن، پۈتكۈل خالايىقتا تەۋبە قىلىش مايىللىقى ۋە ئىبادەت يولىغا كىرىش قىزغىنلىقى كۆچەيدى. مەيخانا ئىشىكى ئېتىلدى، مەسجىد دەرۋازىسى ئېچىلدى. سالىھلىق دەۋەتلىرى زېمىندىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، مېھرىبان تەڭرىنىڭ رەھمىتى ئاسماندىن زېمىنغا چۈشكىلى تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھۆرمەتكە لايىق ئائىلىسىنىڭ ھەققى ھۆرمىتىدىن بۇنىڭ ئەجرى ساۋابىنى پاك ۋە مۇقەددەس تەڭرى ئاشۇ خانىنىڭ جەننەتكە سازاۋەر پاكىزە روھىغا گۈزەل چېھرە بىلەن ئاتا قىلغاي ۋە ئۇ ئالەملىك مەرتىۋىسىنى ئەلا دەرىجىگە يەتكۈزگەي.

## خانىنىڭ سەلتەنەتنى تاشلاپ دەرۋىش بولماقچى بولغانلىقى ۋە بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمىغانلىقى، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ بايانى

ۋاقتىكى، خان تەۋبە قىلىش شەرىپىگە ئېرىشىپ، «ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى

دوست تۇتىدۇ»① دېگەن ئايەتتىكى شەرەپلىك زاتلار قاتارىغا كىردى. ئاندىن كېيىن موغۇلىستانغا چىقتى ۋە قوچقاردا رەشىد سۇلتان بىلەن كۆرۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى قوچقاردا قېلىپ، رەشىد سۇلتاننى ئەمىرلىرى ۋە مۇھەممەد قىرغىز بىلەن بىللە موغۇلىستاننىڭ ھەممە ئەتراپىنى تىزگىنلەپ چېچىلىپ كەتكەنلەرنى يىغىشقا ئەۋەتتى. خان كۆڭلىنى پۈتكۈل قىرغىزلاردىن خاتىرجەم قىلدى، ئاندىن باھار ۋاقتىدا خان قەشقەرگە يېنىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى خان موغۇلىستاننى تىزگىنلەش ئۈچۈن موغۇلىستانغا كېلەتتى. ئىككىنچى يىلى باھار ۋاقتىدا خان يەنە كۆچۈپ چىقتى. كۆپىنچە موغۇل ئۇلۇسىمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كۆچۈپ بېرىۋاتاتتى. قىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە خان ئەھلى ئايالىنى موغۇلىستاندىكى قوچقاردا قويۇپ، ئۆزى ياركەنتكە قايتتى.

بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى.

خان تەۋبە قىلغاندىن كېيىن سوفىلار تائىپىسىنىڭ كىتابلىرىنى تولا مۇتالىئە قىلاتتى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە كۆپ دىققىتىنى، ئۆي - پىكرىنى سەرپ قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلىنەتتى. جۈملىدىن [بۇ تائىپىنىڭ خوجىسى]ھەزرىتى شەيخ [ئەبۇلقاسىم] جۇنەيد بەغدادى — ئۇ ئەزىزنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — «تەزكىرەتۇس - سالىھىن» (سالىھلار ھەققىدە ئەسلىمە) ناملىق كىتابىدا ئېيتقان: «ئاللاھنىڭ قوشۇنلىرىدىن بولغان قوشۇن» دېگەن لەتىپىنى كۆرۈپ، خاندا چوڭ تەسىرات پەيدا بولدى. خان ھەمىشە تەسەۋۋۇپ كىتابلىرىنى كۆرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى، سوفىلار تائىپىسىنىڭ نازۇك سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىغا يېتەتتى.

جۈملىدىن، بىر كۈنى ھەزرىتى خاجەئى بۇزرۇك (بەھائىددىن نەقشبەندى) — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ «مەقامات» لىرىنى مۇتالىئە قىلىپ كۆرۈۋاتاتتى. ھەزرىتى خاجەئى بۇزرۇك مۇنداق دېگەنىدى: «ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا جېنىم قۇلىقىغا شۇنداق بىر نىدا كەلدىكى: ‹ئەي بەھائىددىن، بۇ يولغا قانداق كىرىسەن؟ بۇ كىرمەك مەن ئېيتقان بويىچە كىرمەكتۇر›. مەن بۇ نىداغا جاۋاب بېرىپ: ‹ئۇنداق ئەمەس، مەن ئېيتقان بويىچە بولسۇن› دېدىم. دېمەك، نەچچە نۆۋەت شۇنداق نىدا كەلدى، مەنمۇ ئاشۇ جاۋابنى بېرەتتىم. ئاخىرىدا: ‹شۇنداق بولسۇن!› دەپ خىتاب كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يولدا تىرىشچانلىق قىلدىم»

خان «مەقامەت» ئىچىدە بۇ ئاجايىپ ھېكمەتنى كۆردى، بىللە ئولتۇرغان كىشىلەر:

— ھەزرىتى خاجەئى بۇزرۇكنىڭ ھىممەت ۋە شىجائەتلىرى ئاجايىپ يۇقىرى ئىكەن، — دېيىشتى. خان بولسا:

— ھەزرىتى خاجەئى بۇزرۇكنىڭ ئاجىزلىقى ۋە مۇھتاجلىقى ئاجايىپ زىيادە ئىكەن، — دېدى.

بىللە ئولتۇرغانلار ھەيران قىلىپ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى شەرھلەپ بېرىشنى ئۆتۈندى. خان بايان قىلىپ:

— «ئۇنداق ئەمەس، مەن ئېيتقان بويىچە بولسۇن» دېگىنى، يەنى مەن بىر ئاجىز بەندىمەن، بۇ يولغا پاك ۋە بۈيۈك تەڭرىنىڭ پەرمانى بويىچە كىرىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. ئەگەر ئۆز قۇدرىتىمنىڭ يەتكىنى بويىچە كىرسەم قوبۇل بولىدىغان بولسا، كىرەلەيمەن، ئۇنداق بولمىسا، ئىنتايىن ئاجىز بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ يولغا كىرەلمەيمەن، دېگەن-

① «قۇرئان كەرىم» 2 - سۈرە بەقەرە، 222 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لىك بولىدۇ، — دېدى.

بۇ سۆزلەرنى قىلىشتىن مەقسەت شۇكى، سوفىلار تائىپىسى — تەڭرى ئۇلارنىڭ سىرلى-رىنى مۇقەددەس قىلغاي — نىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە خاننىڭ پەمى ناھىتى بەك يېتەلتى ۋە خان بۇ جەھەتتە كۆپ تەسىر پەيدا قىلاتتى.

خان تەسەۋۋۇپ كىتابلىرىنى كۆرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئېنىق بىلدىكى، تاكى بىر كامالەتكە يەتكەن پىرنىڭ خىزمىتىدە بولمىغۇچە، بۇ سائادەتكە مۇيەسسەر بولغىلى بولمايدى-كەن. شۇڭا، خاننىڭ دۇنيادىن ۋە سەلتەنەت ئىشلىرىدىن كۆڭلى سوۋۇدى. كۆڭلى دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. كۆپ ۋاقىتلاردا خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ، پېقىرلىق تەرىقىتىنىڭ سۇلۇكلىرى ھەققىدە سۆھبەتكە مەشغۇل بولاتتى. ھەرخىل كىشىلەرنى سۆھبىتىگە قاتناشتۇرمايتتى.

خاننىڭ سۆھبەتداشلىرىدىن بىرى تاغام — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — ئىدى. ئۇ يەسەۋىييە تەرىقىتىگە كىرگەن بولۇپ، ئاشۇ سىلسىلە بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى، شۇبھى-لىك غىزالاردىن پەرھىز قىلاتتى. خان كۆپ ھاللاردا تاغام بىلەن ھەمسۆھبەت بولاتتى. خاننىڭ يەنە بىر سۆھبەتدىشى — خاننىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى شاھمۇھەممەد سۇلتان بولۇپ، خاجە ھىرىيىنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلىمىسى يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى. پېقىر مۇھەممەت ھەيدەرگىمۇ سىپىنىڭ ئاخىرىدا ئورۇن تېگەتتى. ئۇ سۆھبەت-كە كىرەلەيدىغان بۇنىڭدىن ئارتۇق كىشى يوق ئىدى.

خالايىق بۇ ھەقتە ھەر قىسما پىكىرلەرنى قىلاتتى، ھەرخىل تەبىرلەرنى ئېيتىشاتتى: «خاننىڭ بۇ سۆھبىتىگە بۇ تۆتەيلەندىن باشقا ھېچ كىشى قاتناشتۇرۇلمىدى، ئېھتىمال خان بۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلىشاتتى، نەزم:

مەن غەمىڭ بىرلە، ۋەلې خەلق گۇمان ئەيلەركىم،
ئۆزلەرىدەك مەگەر ئەندىشەئى ئالەم قىلامەن.

ئاخىرىدا مەسلىھەت شۇنىڭغا قارار تاپتىكى، خان ياركەنتكە قايتىپ، قېرىندىشى ئەمىن-خاجە سۇلتاننى ئاقسۇدىن ئېلىپ كېلىپ پادشاھلىققا ئولتۇرغۇزماقچى، پۈتكۈل ئۇلۇسنى ئۇنىڭغا تاپشۇرماقچى بولدى. خان يەككە - يېگانە ھالەتتە خىلۋەتتە ئىبادەتكە مەشغۇل بولماقچى بولدى؛ تەڭرى تەئالا بىر مۇكەممەل پىرى كامىلنىڭ خىزمىتىگە يەتكۈزگەي، دەپ كېڭەشتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەج سەپىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كېتەرلىك جابدۇقلارنى تەييارلاپ قويغانىدى، يەنە قالغان زۆرۈر لازىملىق سەپەر ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلىپ، ھەمراھلارنى تاللىماقچى بولدى، تاغام ھاياتلا بولىدىكەن خاننىڭ خىزمىتىدە بولىدىغان بول-دى. شاھمۇھەممەد سۇلتان بىلەن پېقىرمۇ خاننىڭ مۇلازىمىتىدە بولىدىغان بولدۇق. شۇنداق نىيەت قىلىنىپ، قارار قىلىندى.

شۇ ئەسنادا ھەزرىتى خاجە مۇھەممەدئەبەيدۇللاھ ئىبنى ھەزرىتى ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار — تەڭرى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — نىڭ ئوغلى ھەزرىتى خاجە مۇھەممەديۇسۇف سەمەرقەنتتىن قەشقەرگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. بۇ خۇش خەۋەر موغۇلىس-تانغا ئاڭلاندى. ھەزرىتى خاجە مۇھەممەد يۇسۇف ناھايىتى سالىھ ۋە پەرھىزكار ئىدى. خاندا ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىگە بېرىش ئىشتىياقى كۈچەيدى. خان ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىدە مەقسەت - تەلەپلىرىم مۇيەسسەر بولار، دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. خان شۇ ئۈمىدتە قوچقاردىن راۋان بولدى

ۋە زىمىستانىنىڭ ئاخىرىدا ياركەنتكە كېلىپ، ھەزرىتى خاجە مۇھەممەدىيۇسۇفنىڭ مۇلازىمەت شەرىپىگە ئېرىشتى.

خان دۇنيانى تەرك قىلىش، پېقىرلىق ۋە يەككە - يېگانىلىق يولىغا كىرىش مەقسىتىنى خاجىگە بايان قىلدى. خاجە ئېيتتىكى:

— سوفىلىق تائىپىسىنىڭ ئۇلۇغلىرى بۇ ھەقتە نۇرغۇن سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق ئېيتىپتۇرلاركى، نەزم:

سەرىرى ھۆكۇمەت ئۆزە شاھ بول،
نىھانىڭدا دەرۋىشى ئاگاھ بول.

يەنە بۇ يەردە شۇنداق ئېيتىپتۇكى، مىسرا :①

باشىڭغە تاج قوي، ئۇچاڭغە ئەلەم.

چۈنكى سەلتەنەت ۋە پادشاھلىق بولسا تەڭرى تەئالاغا يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاستەسى ۋە ئەڭ يېقىن يولىدۇر. لېكىن، پادشاھلار سەلتەنەتنى شەھۋانىي لەززەتنىڭ ئەسۋابى ۋە شەيتانىي ئەمەللەرنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغان. پادشاھلار بىر سۆز بىلەنلا شۇنداق ساۋاب تاپىدۇكى، دەرۋىشلەر ئۆمۈر بويى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ ئۇنداق ساۋابقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ. تەڭرىگە يېقىنلىشىشقا نىسبەتەن سەلتەنەتتىن يېقىن يول يوق. بۇنىڭ شەرتى شۇكى، سەلتەنەت ئىگىسى دەۋىشلىك ۋە گۆشەنشىنلىكمۇ قىلسۇن، بىر پىرى كامىلنىڭ مۇلازىمىتىدە بولسۇن. شەيخ نەجمىددىن كۇبرا مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئەگەر مۇرىد چىن ئەخلاقلىق بولسا، ھەقىقىي ئىرادىسى بولسا، ئۇ مۇرىد مەشرىقتە، پىرى مەغرىپتە بولغان تەقدىردىمۇ، تەڭرى تائالا ئۇ پىرنى تارتىپ - تارتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ مۇرىدنىڭ قېشىغا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر مۇرىدنىڭ تەلىپى ھەقىقىي بولمىسا، گەرچە ئۇ پىرى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ ۋە بۇ سائادەتكە مۇيەسسەر بولمايدۇ.» مەن ئۆزۈمدە قانچىلىك بار بولسا، ئۇنى ئايىمايمەن. مەندە ئۆز كۆڭلۈمدىن بىر سۆز چىقىرىپ دېگۈدەك لاياقەت يوق. ئەمما، ئاتام ھەزرىتى خاجە مۇھەممەدئەبدۇللاھ ماڭا بىر نەچچە قۇر خەت پۈتۈپ بەرگەنىدى. ئۇنى سىزگە ھەدىيە قىلىمەن.

[ھەزرىتى خاجە] شۇنى ئېيتتى - دە، ئۇ پۈتۈكنى چىقىرىپ، خانغا بەردى. ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «تەرىقەتكە تەلەپكار بولغۇچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرى شۇكى، بىرىنچىدىن، تاماقنى ئاز يېيىش، ئىككىنچىدىن، گەپنى ئاز قىلىش، ئۈچىنچىدىن، ئۇزلۇكنى ئاز ئويلاش، يەنى مەنمەنلىكنى ئاز قىلىش.»

خانغا شۇنچىلىك پەند - نەسىھەت يېتەرلىك بولۇپ، تەسەللىي تاپتى، ئادالەت ۋە ياخشىلىق يولىنى تۇتتى، بۇ ئىشقا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە مەشغۇل بولدى.

---

① بۇ مولla مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارىسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا: «بەيت:
تاج بەر سەرنەۋۇ ئەلەم بەردۇش،
دەر ئەمەل كۇش ھەرچە خاھى پۇش.»
(بېشىڭدا ئەگەر تاج، ئۇ چاڭدا ئەلەم،
لېكىن بول ئىبادەت بىلەن بارچە دەم.)
دېيىلگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى شەيخ نەجمىددىن كۇبرانىڭ سائادەت نىشانلىق سۆزلىرى
راست چىقتى. بۇ ۋەقە بولۇپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن — ئۇنىڭ
سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — كەلدى، خاننىڭ تەلەپ قىلغان مەقسىتى مۇيەسسەر بولدى.
بۇ كۈنلەردە خاجە تاجىددىن تۇرفاندىن كەلدى.

## خاجە تاجىددىننىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى، ھەزرىتى خاجە تاجىددىن ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىننىڭ ئەۋلادلىر-
دىن ئىدى. ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىن بولسا مەۋلانا ھافىزىددىن كەبىر بۇخارىنىڭ ئىنىسى
بولمىش ھەزرىتى مەۋلانا شۇجائىددىن مەھمۇدنىڭ ئەۋلادى ئىدى. مەۋلانا ھافىزىددىن كەبىر
بولسا مۇجتەھىدلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىدى، مەۋلانا شۇجائىددىننى چىڭگىزخاننىڭ پاراكەندىچى-
لىكى مەزگىلىدە بۇ ۋىلايەتكە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. مەۋلانا ئەرشىددىن مەۋلانا شۇجائىددىنى-
نىڭ نەسىللىرىدىن ئىدى. موغۇل تائىپىسى ئۇلارنىڭ ھىدايەتكە يېتەكلىشى بىلەن ئىسلام
دىنىغا كىرگەنىدى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى خۇدا خالىسا تارىخى ئەسلىدە بايان قىلىنغۇسى.
خاجە تاجىددىننىڭ ئەسلى ئېتى خاجە ئۇبەيدۇللاھ ئىدى. خاجە ئۇبەيدۇللاھ بولسا خاجە
ئەبدۇللاھ بۇشىرئابادنىڭ مۇرىدى ئىدى، ئەزىز ۋە سالىھ كىشى ئىدى. خاجە تاجىددىن
ئاتىسىنىڭ خىزمىتىدە ماۋەرائۇننەھرگە باردى ۋە ئۇ يەردە مەۋلانا ئەلى غەرران تۇسىنىڭ
ئالدىدا ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى، مەۋلانا ئەلى غەرران ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئېتىقادمەنلىرىدىن
ئىدى، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەزرىتى ئىشاننىڭ سۆھبەتلىرىگە مۇشەررەپ بولغانىدى.
پېقىر خاجە تاجىددىندىن ئاڭلىغانىدىم، ئۇ زات مۇنداق دېگەنىدى: «بىر كۈنى ھەزرىتى خاجە
ئەھرار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ سۆھبەتلىرىدە ئىدىم. بۇ مەجلىسكە
قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىگە نەزەر قىلدىم ۋە مۇلاھىزە قىلىپ بىلدىمكى، بۇ مەجلىستە مەندىن
باشقا بۇ سۆزگە مۇناسىپ كىشى يوق ئىكەن. شۇنىسى ئايان بولدىكى، ئۇ نەسىھەتنى ماڭا
قىلىۋېتىپتۇ. دەرھال قۇلاق سالدىم، ئۇ نەسىھەتنىڭ مەزمۇنى شۇنداق ئىدىكى، بۇنىڭدىن
كېيىن پەرھىز قىلىشىم ۋە شۈبھىلىك تائاملاردىن يىراق بولۇشۇم كېرەك ئىكەن. شۇ كۈندىن
تاكى بۈگۈنگىچە بۇ ئىشنى ئۆزۈمگە ئادەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن، كىشىنىڭ تائامىنى يېمەي-
مەن.»

دېمەك، خاجە تاجىددىن نەچچە مۇددەت ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇلازىمەتلىرىدە بولغاندىن
كېيىن، ئىجازەت ئېلىپ، تۇرفان تەرەپكە ياندى. سۇلتان ئەھمەدخان — ئاللاھ ئۇنىڭ
ھۇججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي — ئۇنى ئەزىزلىدى ۋە ھۆرمەت قىلدى. ئۇ زاتنىڭ پەرزەنتى-
نىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاشلا ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلاتتى.

## خاننىڭ خاجە تاجىددىننى تۇرفانغا ياندۇرغانلىقى، قازاق ۋە ئۆزبېكنىڭ خان بىلەن دوست بولۇشقانلىقىنىڭ بايانى

خاجە تاجىددىن تۇرفاندىن كەلگەندە، خان خاجىغا مۇناسىپ تەزىم ۋە ئىكرام يوسۇنلىرىنى
بەجا كەلتۈردى، بىر يىل ياركەنتتە تۇرغۇزدى؛ ئاندىن كېيىن مەمنۇنىيەت ۋە ھۆرمەت-

ئېھتىرام بىلەن تۇرفانغا قايتتى.

كېيىنكى قىش مەزگىلىدە رەشىد سۇلتان بېرىپ، قالماقلارنى چاپقۇن قىلىپ، قالماقلارنىڭ باران كاشى[1] ئاتلىق سەردارىنى ئۆلتۈرۈپ، غازىلىق شەرىپىگە ئېرىشىپ قايتتى ۋە قوچقاردا قىشلىدى. خانىمۇ كۆچمەي، ئۆزى بېرىپ، رەشىد سۇلتانغا قوشۇلدى.

يۇقىرىدا قازاق خانلىرىنىڭ بايانىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان تاھىرخان قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىپ كەلدى. ئارىدا كۆپ قېتىم ئەلچىلەر بېرىپ كېلىشىپ، ئۇنىڭ خانىنىڭ خىزمىتىگە كېلىشى قارار قىلىنغانىدى. خانىنىڭ ھامىمىسى سۇلتانىنىگار خانىم ئۇنى خانىنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزىدىغان بولغانىدى. بۇ سۇلتانىنىگار خانىمنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى. ئۇ سۇلتان يۇنۇسخانىنىڭ تۆتىنچى قىزى ئىدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ جانىبېكخانىنىڭ ئوغلى ئەدىك سۇلتان قازاقىقا بارغانىدى. بۇ خانىمنىڭ سۇلتان مەھمۇد مىرزىدىن مىرزاخان ئاتلىق بىر ئوغلى بار بولۇپ، بەدەخشانغا پادىشاھ ئىدى، تارىخقا توققۇز يۈز ئون يەتتە[2] بولغاندا كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى سۇلەيمانشاھ مىرزا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا بەدەخشاندا پادىشاھتۇر.

سۇلتانىنىگار خانىم ئەدىك سۇلتانغا نىكاھ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بىر قىز پەرزەنت ۋۇجۇدقا كەلدى. ئۇنى مۇشۇ كۈنلەردە رەشىد سۇلتانغا نىكاھ قىلدى، بۇ ئەھۋال كېيىن بايان قىلىنغۇسى.

قاسىمخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن خانلىق تاھىرخانغا تەۋە بولدى. تاھىرخان بولسا ئەدىك سۇلتانىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ سۇلتانىنىگار خانىمنى شۇ قەدەر ئەزىزلەيتتىكى، تۇغقان ئانىسىدىنمۇ ئارتۇقراق كۆرەتتى. خانىم ئۇنىڭدىن كۆپ مىننەتدار بولدى ۋە مۇنداق سۆزنى ئارىغا سالدى:

— ھەرقانداق ئەھۋالدا سەن مېنىڭ پەرزەنتىمسەن، سەن تۇرغان يەردە باشقا پەرزەنتىم ئېسىمگە كەلمەيدۇ، ئۇنى ئارزۇمۇ قىلمايمەن. ئەمما، مەن ئەمدى قېرىدىم، دەشت - سەھرالاردا يۈرگۈدەك ماغدۇرۇم قالمىدى. شۇڭا، مېنى قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى سۇلتان سەئىدخانىنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈپ قويساڭ، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ شەھىرىدە تۇرۇپ، ئامان - ئېسەنلىك ئاياغلىرىنى خاتىرجەملىك ئېتەكلىرى ئىچىگە تارتىپ كۈن ئۆتكۈزسەم، كۆڭلۈم شۇنى خالاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزبېكىستاندا ماڭغىتلارنىڭ دەستىدىن سېنىڭ ئىشىڭ روناق تاپمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇداخىلىسى تۈپەيلىدىن سېنىڭ تەۋەيىڭ ئون لەك (بىر مىليون) دىن تۆت لەك (تۆت يۈزمىڭ) غا چۈشۈپ قالدى. ئەگەر مەن ئۇ يەرگە بارسام، موغۇل خانلىرى بىلەن سېنىڭ ئوتتۇراڭدا بىر ئامال قىلىپ دوستلۇق ئورناتسام، بەلكىم ماڭغىتنىڭ بالا - قازاسىدىن ئامان بولساڭ، سېنىڭ ئىشلىرىڭغا پايدىلىقتەك تۇرىدۇ.

بۇ سۆز تاھىرخانىنىڭ رايىغا مۇۋاپىق كەلدى، شۇڭا موغۇلىستان چېگرىسىغا كېلىپ دوستلۇق لايىھىسىنى ئارىغا سالدى ۋە ئۆزى قوچقارغا كېلىپ، خانغا مۇلازىمەت قائىدىسىنى ئادا قىلدى.

خان ھامىمىسىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ، تاھىرخانغا ئورنىدىن تۇردى ۋە مۇنداق

---

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قوليازمىسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «باران تايش»، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت روسچە نەشرىدە: «باران تايشى» دېيىلگەن.

② ھىجرىيە 917 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1511 - 1512 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

دېدى:

— گەرچە ساڭا ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم تۆرە قائىدىسى بويىچە ناتوغرا بولسىمۇ، لېكىن، سەن بۇزرۇكۋار ھامامنى ماڭا يەتكۈزدۈڭ. مېنى كۆپ مىننەتدار قىلدىڭ. بۇ ياخشى ئىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئورنۇمدىن تۇرىمەن.

خان ئورنىدىن تۇردى. تاھىرخانمۇ ئۆز قائىدىسى بويىچە يەرگە باش ئۇرۇپ كېلىپ، خان بىلەن كۆرۈشتى. خانمۇ تاھىرخاننى تۈرلۈك شاھانە ئىلتىپاتلار بىلەن ئەزىز ۋە ھەرخىل خانلارچە تارتۇقلار بىلەن مەرتىۋىلىك قىلدى. تاھىرخاننىڭ سىڭلىسى خانىمنىڭ قىزى ئىدى، ئۇنى رەشىد سۇلتانغا نىكاھلاپ بەردى، ئۇ ھازىرمۇ رەشىد سۇلتاننىڭ ھەرىمىدە بولۇپ، پەرزەنتلىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئەھۋالى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغۇسى.

خان يانىدىغان ۋاقتىدا مۇھەممەدى قىرغىزنى تۇتۇپ، باغلاپ قەشقەرگە ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، مۇھەممەدى قىرغىزدىن ئازراق قارشىلىق كۆرۈلگەنىدى، ئۇ ئۆزبېكلەرگە ئىلتىجا قىلماقچى بولغانىدى. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىم قامالغانچە تاكى خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاندىن قاماقتىن خالاس بولدى. خان خالايىق تىنچلىنارمىكىن، دېگەن نىيەتتە پېقىر مۇھەممەد ھەيدەرنى موغۇلىستاندا قويۇپ قايتتى. پېقىر ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسامۇ، قىرغىزلار تىنچماستىن قېچىپ، موغۇلىستاننىڭ نېرىقى چېتىگە بېرىپ، تاھىر سۇلتانغا قوشۇلدى، بەزىلىرى قېلىپ قالدى.

بۇ يىلى خان بىر پەرزەنت يۈزى كۆردى.

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى سۇلتان ئىبراھىمنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ بايانى

تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز شەۋۋال ئېيى[1] ئىدى. نەزم:

چەراغى سەئادەتۇ ئەنۋارى جاھ،
دەرەخشان يۈزىدىن چۇخۇرشىدۇ ماھ.
سەرىرى شەرەف ئۇزرە قويدى قەدەم،
زىھى ئەختەرى سەئدۇ بۇرجى كەرەم.

ئۇ خاندانلىق كۆكىنىڭ قۇياشىدىن ۋە سەلتەنەت ئاسمانىنىڭ تولۇن ئايىدىن چىققان نۇر شولىلىرى سائادەت ۋە دۆلەتنىڭ شەرەپ بۇرجىنى يورۇتتى. ئۇنىڭغا سۇلتان ئىبراھىم دەپ ئات قويۇلدى. ئۇنى ھەزرىتى خاجە مۇھەممەد يۈسۈف «پەرزەنتىم» دەپ ئاتىدى. بابا سارىق مىرزا ئۇنىڭ ئاتا بېگى قىلىپ تەيىنلەندى. بابا سارىق مىرزىنىڭ ئەھۋالى قەشقەر ياسالىنىڭ بايانىدا زىكىر قىلىنغانىدى.

سۇلتان ئىبراھىم تۇغۇلغاندا تۈرلۈك ھەشەمەتلىك توي ـ مەرىكىلەر ئۆتكۈزۈلدى. ئىلگىرىمۇ، كېيىنمۇ ئۇنداق ئالىي مەرىكە بولۇپ باقمىغان بولغىيدى. خاننىڭمۇ ئۆز پەرزەنتلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا مۇھەببىتى زىيادە ئىدى، ئۇنى ھەممە پەرزەنتلىرىدىن بەكرەك ئىززەت-

---

① ھىجرىيە 930 ـ يىلىنىڭ شەۋۋال ئېيى مىلادىيىنىڭ 1524 ـ يىلى 8 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ.

لەيتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى.

ئۇنىڭ تۇغۇلغان تارىخىنى پەزىلەت ئىگىلىرى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەشتى. شۇ جۈملىدىن پېقىر مۇھەممەد ھەيدەر بۇ تارىخنى مۇنداق نەزم بىلەن ئىپادە قىلغانىدىم، رۇبائىي:

ئەز رەۋزە گۈلى بەباغى دىل ئامەدەئەست،
شەھزادەئى تۈركان چىگىل ئامەدەئەست.
زىللۇللاھ ئەگەر بەگۇيەمەش نىست ئەجەب،
تەئرىخى ۋىلادەتەش چۇ «زىلىل»[1] ئامەدەئەست.

(جەننەتتىن بىر گۈل كۆچۈل بېغىغا كەلدى، گوياكى تۈرك شاھزادىسى چىگىل ئارىسىغا كەلدى.

ئۇنى «تەڭرىنىڭ سايىسى» دېسەم ئەجەبلەنمەڭ، چۈنكى ئۇنىڭ تۇغۇلغان تارىخىمۇ «سايە» دەكلا كەلدى.)

بۇ سۇلتان ئىبراھىمنىڭ قالغان ئەھۋالى ئۆز مەھەلىدە بايان قىلىنغۇسى.

## خاننىڭ ئىككىنچى قېتىم ئەندىجان ئۇستىگە بارغانلىقىنىڭ بايانى

ۋاقتىكى، باھار شەھەرستانىنى نورۇز قەدىمى ئۇچۇن رەڭمۇ رەڭ گۈللەر بىلەن زىننەتلىدى. [«ئاللاھ بىر نەرسىگە ۋۇجۇدقا كەل، دېسە، دەرھال ۋۇجۇدقا كېلىدۇ»[2]] ھاۋايۇ ھەۋەس گۈلشىنىنىڭ بۇلبۇللىرى داستان ئېيتىشقا باشلىدى. مەسلىھەتچىلەر رەشىد سۇلتاننىڭ ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. شۇڭا، سۇلتان سەئىدخان ياركەنتتىن موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلدى، قەشقەرگە يېتىپ بارغان ۋاقتىدا ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ئەندىجان تەرەپتىن قەدەم تەشرىپ قىلىپ يېتىپ كەلدى. خان ئۇنىڭ پايبۇسلۇق شەرىپىگە ئېرىشتى. ھەزرىتى خاجە ئۆتۈپ، ياركەنتكە كەلدى. خان موغۇلىستانغا كەتتى. يازنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىقكۆلگە يېتىپ باردى. شۇ ئەسنادا «قالماقلار موغۇلىستان چېگرىسىغا يېقىن كېلىپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. خان: «ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار»[3] ھەققىدىكى كەرەملىك دەلىلنىڭ ھۆكۈمىگە ئەمەل قىلىپ، بەختىيارلىق ئاياغلىرىنى سائادەت ئۈزەڭگۈسىگە قويۇپ، جىھاد ۋە غازات نىيىتىدە قالماق تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئىسسىقكۆلدىن ئون كۈن يول يۈرۈپ، قاپقالار ئاتلىق يەرگە يەتكەنىدى، قەشقەردىن، تاغام قېشىدىن ئادەم كېلىپ: «سۆيۈنچەكخان ئۆلۈپتۇ، ئۆزبېك سۇلتانلىرى باشسىز قېلىپتۇ، ئىنتىقام ئېلىشقا بۇنىڭدىن ئوبدان پەيت تېپىلماس، نەچچە ۋاقىتلاردىن مۇشۇنداق پۇرسەتكە ئىنتىزا ئىدۇق.» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

---

① «زىلىل» (خلل – سايە) دېگەن سۆز ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 930 (مىلادىيە 1524) يىلىنى كۆرسىتىدۇ.
② «قۇرئان كەرىم» 6 – سۈرە ئەنئام، 73 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ «قۇرئان كەرىم» 2 – سۈرە بەقەرە، 28 – ئايەتنىڭ، 8 – سۈرە ئەنفال، 74 – ئايەتنىڭ ۋە 9 – سۈرە تەۋبە، 20 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تاغامنىڭ قەشقەردە قېلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: شۇ باھاردا ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى سەۋەبىدىن يەرگە يېشىل ئوت ـ چۆپلەرنى سېلىنچا قىلىپ سېلىپ، ئۇ ئوت ـ چۆپ ئۈستىگە مۇز سۇيىنى سېپىپ، يالىڭاچ ھالەتتە ئۇنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلىغانىكەن. ئويغىنىپ قارىسا لەقۋا (پالەچ) بولۇپتۇ، تىلىغمۇ توسالغۇ پەيدا بولۇپتۇ. شۇ كۈنلەردە خان موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلىپ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. ھەزرىتى خاجە ئەندىجاندىن كەلدى، نەزم:

زىھى، بۇ كەلمەكىڭگە بەخت مەرھابا قىلدى،
چۇ كۆردى پاك يۈزۈڭنى مەلەك دۇئا قىلدى.
نەخۇش بۇ كەلمەكىڭ ئۇلدى ماڭا مەسىھ سىفەت،
كى بىر نەفەسدە ھەمە دەردىمە دەۋا قىلدى.

«كېسەل ساقىيىدىغان بولسا، تېۋىپ ئۆزى كېلەر» دېگەن ماقال بار، بۇ ئىش تاغامنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭلىقى ئىدى. ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ئۆزىنىڭ مەسىھا سۈپەتلىك كۆڭلىنى تاغامنىڭ كېسىلىگە دەۋا قىلىشقا يۈزلەندۈردى. شۇ سەۋەبتىن تاغام موغۇلىستانغا بارالماي، قەشقەردە قالغانىدى. سۆيۈنچەكخاننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، تاغام خانغا كىشى ئەۋەتكەنىدى.

قاپقالار دېگەن جايدا بۇ خەۋەر خانغا يېتىش بىلەنلا، خان تېزلىكتە قايتتى.

خاننىڭ ئەھلى ئايالى ئىسسىقكۆلدە ئىدى. شۇڭا، ئىسسىقكۆلگە كېلىپ، ئاندىن قانقا ئۇلاڭ[1] بىلەن ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى. نەزم:

لەشكەرى بىشۇمارۇ ئەندازە،
ئەيلەبان كىينە رەسمىنى تازە.
نالەئى كەرنايۇ نەققارە،
زۆھرەنىڭ كۆڭلىن ئەيلەدى پارە.
لەشكەر ئېرۇر مىسلى مۇرۇ مەلەخ،
گەرم رەۋلىقدە ئاتەشى دەۋزەخ.

ئۇلار يەسى داۋاندىن ئۆتۈپ ئۆزگەندكە باردى. تاغاممۇ قەشقەر لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. نەزم:

ھەمە فۇلادپۇش، ئاھەنىن خاي،
كىينەسى دىۋبەندۇ قەلئە كۇشاي.

ئۆزگەند قەلئەسى ناھايىتى مۇستەھكەم قەلئە ئىدى، ئاسانلىق بىلەن ئىشغال قىلىنىدى. ئاندىن مادۇغا كەلدى. پۇتكۇل پەرغانە ۋىلايىتىدە مادۇدەك مۇستەھكەم قەلئە يوق. شۇنداق بولسىمۇ كۆچتۈنگۈر سىپاھلار ئۇنى ئاسانلىق بىلەن پەتھى قىلدى. ئاندىن ئوشقا كەلدى.

---

[1] بۇ يەر نامى مولا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «قونغار ئۇلاڭ»، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «قوتقار ئۇلاڭ»، تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «قوچقار ئۇلاڭ» دېيىلگەن.

ئوش ناھىيىسىدىكى ھەممە ئالىملار، كاسىپلار، پۈتكۈل خالايىقلار بىلەن كېڭەشىپ، ئۆزبېك سۆيۈنچەكخان ئۆلدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىشىپ بىرەر ئىشقا قەدەم قويۇشىغا مەلۇم مۇددەت كېرەك. ئاڭغىچە ئەندىجاننى ئېلىپ قەلئەنى قوغداش تەييارلىقلىرىنى قىلايلى. ئۆزىمىز تاغ ئىچىدە ئورۇنلىشايلى. ئۆزبېكلەر تاغ ئىچىگە كىرىپ بىزنى يوقىتىشقا ئاجىز كېلىدۇ. شۇڭا، قەلئەنىمۇ مۇھاسىرە قىلمايدۇ، دەپ قارار قىلىشىپ، ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى. خاننىڭ ئەندىجانغا يۈزلەنگەنلىك خەۋىرى ئاڭلانغان ھامان شەيبانىي ئۆزبېكلەر ھېچ لايىھەمۇ تۈزمەي مەسلىھەت ۋە تەرەددۇتمۇ قىلماستىن ئالدىن يۈرۈش باشلىدى ۋە [يەتتىنچى كۈنى ھەر تەرەپتىن گوياكى پاشا ۋە چۈمۈلىدەك پەيدا بولۇشقا باشلىدى.] شۇڭا، [بۇ ئىشقا پۇرسەتمۇ بولمىدى،] قەلئەنى قوغداش ئىشلىرىمۇ رەتكە چۈشمىدى. خان ئىلاجىسىز پۈتكۈل خالايىقنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ ياندى. بۇ يۈرۈشتە خاننىڭ لەشكىرى يىگىرمە بەشمىڭ كىشى ئىدى. ئۆزبېك لەشكىرى يۈز مىڭدىن كۆپرەك ئىدى. نەزم:

كى بولغۇنچە تەدبىر ئىلە كار ھەل،
ئەدۇ بىرلە بىھۇدە قىلمە جەدەل.

خان كۆچۈرۈپ ئېلىپ ماڭغان خەلقنى قەشقەرغە ئەۋەتىپ، ئۆزى موغۇلىستانغا قاراپ راۋان بولدى، چۈنكى ئۇ يەردە ئەھلى ئايالىرى قالغانىدى. موغۇلىستاننىڭ ئوتلۇغ ئاتلىق بىر مەشھۇر جايى بار، خان شۇ يەردە ئەھلى ئايالى بىلەن ئۇچراشتى. خان شۇندىن كېيىن رەشىد سۇلتاننى موغۇلىستاندا قويۇپ، ئۆزى ئەھلى ئايالىنى ئېلىپ قەشقەرگە كەلدى؛ بۇ قېتىممۇ قەشقەردە ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن — ئاللاھ ئۇنى ئامان قىلغاي — نىڭ مۇلازىمەت شەرىپىگە ئېرىشتى. بۇ ۋەقە بولۇپ ئۆتكەندە تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز بىر[1]بولغانىدى.

## خاننىڭ يەنە بىر قېتىم موغۇلىستانغا بارغانلىقى ۋە موغۇل ئەھلىنى قەشقەرگە ئېلىپ كەلگەنلىكى ھەم ئاشۇ كۈنلەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

رەشىد سۇلتان موغۇلىستاندا قېلىپ، شۇ زىمىستاندا قوچقاردا قىشلاق قىلغانىدى. تاھىرخان ئۆزبېكىستاندا ئىدى. ئۇ يەردە بىر نەچچە ۋەقەگە دۇچ كېلىپ، ئىلاجىسىز موغۇلىستانغا كەلدى ۋە قوچقارغا يېقىن كېلىپ ئورۇنلاشتى. قىرغىزلارنىڭ يېرىمى ئۇنىڭغا قوشۇلدى. تاھىرخان قىرغىزلارغىمۇ ئۆز ئەتراپىدا ئورۇن بەردى. شۇ سەۋەبتىن رەشىد سۇلتان ئۇنىڭدىن چۆچۈپ ۋە ئەندىشە قىلىپ، شۇ قىشتا قوچقاردىن قېچىپ، ئات باشىغا باردى. بۇ خەۋەر خاننىڭ مۇبارەك قۇلىقىغا يەتتى ـ دە، شۇ زىمىستاننىڭ ئاخىرىدا ئات باشىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى؛ ئات باشىنىڭ قوشۇلۇشىدا رەشىدخان بىلەن كۆرۈشتى ۋە خالايىققا تەسەللى بەردى. ئۆزبېكلەر موغۇلىستاننىڭ شەرقىدىكى خان ۋە كۆڭەس[2]دەپ

---

① ھىجرىيە 931 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1524 ـ 1525 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② بۇ يەر ئىسىملىرى موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا: «خاس ۋە كۆڭەس» دېيىلگەن؛ پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا: «قاش ۋە كۆنگەس» دېيىلگەن؛ تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە: «خاس ۋە كۆنكەش» ئېلىنغان.

ئاتىلىدىغان يەرلەرگە كەتتى.

رەشىد سۇلتانىنىڭ تەۋەلىكىدە قالغان بىرمۇنچە قىرغىزلارمۇ رەشىدخاندىن ئايرىلىپ قوچقاردا قالغانىدى. ئۇلارنىڭ غەربىزىمۇ ئۆزبېكلەرگە قوشۇلغان قىرغىزلارغا قوشۇلۇش ئىدى. شۇڭا خان پېقىرنى رەشىد سۇلتانغا ھەمراھ قىلدى. بىز بېرىپ يىغقان ۋە قوچقاردىن قىرغىزلارنى كۆچۈرۈپ ئات باشىغا ئېلىپ كەلدۇق. خان پۈتكۈل خەلقنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەتتى. خەلقنى تەرتىپكە سېلىش ۋە تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن پېقىرنى موغۇلىستاندا قالدۇرۇپ قويدى.

تاكى خان قايتىپ كەلگۈچە پېقىر رەشىد سۇلتان بىلەن بىللە ئىدىم. خان قەشقەردىن كېلىپلا:

— بۇزرۇكۋار ھامىمام سۇلتانىنىگار خانىمنى ئېلىپ كەلگىن، ئۇ تاھىرخان بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ۋاستە بولۇپ، سۇلھى ۋە دوستلۇق ئورناتسۇن، — دەپ، پېقىرنى قەشقەرگە بېرىشقا بۇيرۇدى. پېقىر خاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن ياركەنتكە بېرىپ، خانىمنى موغۇلىستانغا ئېلىپ باردىم. خان ئاقسۇيدا ئىدى. پېقىر يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى «قىرغىزلار ئۆزبېكلەر-دىن ئايرىلىپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغانىكەن. خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىرغىزلارنى بويسۇندۇرۇشنى لايىق كۆرۈپ، ئاقسۇيدىن ئاتلىنىپ، بىر مەنزىل ماڭغاندا رەشىد سۇلتانغا كېسەل تېگىپتۇ. ھەزرىتى خاجە ئۇ يەردە ئىكەن. ئۇ زاتنىڭ مەسىھا نىشانلىق نەپەسلىرىنىڭ بەرىكىتىدىن، [رەشىد سۇلتان] ئۇ كېسەلدىن ئۈچ كۈن ئىچىدە ساقىيىپ كېتىپتۇ.

پېقىر خانىمنى خاننىڭ مەنزىلگاھىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئىلغار قوشۇننى ئېلىپ، لەشكەر تەرەپكە يۈزلەندىم. خان ئۇ مەنزىلدىن راۋان بولىدىغان كۈنى پېقىر يېتىپ باردىم - دە، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننىڭ ئۆزەڭگۈلىرىنى سۆيۈشكە ۋە خاننىڭ خىزمىتى شەرىپىگە ئېرىش-تىم. ھەزرىتى خاجە ئۇ مەنزىلدىن تولۇق ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەنياندى. خان يۈرۈشنى باشلىدى. قىرىق كۈنلۈك يولنى ئون ئىككى كۈندە بېسىپ توگەتتى.

ئۇ ئىنچام سۆزنىڭ تەپسىلاتى شۇكى، خان ئاق قۇ باشقا[①]يېتىپ كەلدى، پېقىرنى بەشمىڭ كىشى بىلەن رەشىد سۇلتانغا قوشۇپ، قىرغىزلار ئۈستىگە ئەۋەتتى. قىرغىزلار ئارىشلاردا ئىكەن. ئۇ يەرگە بېرىپ كۆردۇقكى، قىرغىزلارنىڭ ئوتاغ ۋە مەنزىللىرى تۇرۇپ-تۇ. بۇنىڭدىن قىرغىزلارنىڭ بۇ يەردىن كۆچۈپ، قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. تاشلاپ كەتكەن بەزى ئەسۋابلىرىنى كۆردۇق. قىرغىزلار بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزدىن خەۋەر تاپتى بولغاي، دەپ گۇمان قىلىشتۇق. بىر مۇنچە ۋاقىت يۈرگەندۇق، بىر مۇنچە ئۆلۈكنىڭ ياتقانلىقىنى ۋە ئوق تېگىپ ياتقان بىر مۇنچە ئاتلارنى كۆردۇق. ئۇ ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن ئىستەپ يۈرۈپ، يېرىم جان ھالەتتە ياتقان بىر كىشىنى تاپتۇق. ئۇنىڭدىن ئېنىقلاپ بىلدۇق-كى، باباجاق سۇلتان كۇسەندىن كېلىپ، قىرغىزلار ئۈستىگە چاپقۇن قىلىپتۇ، بىز كېلىش-تىن ئىلگىرى ئۈچ كۈن قاتتىق جەڭ قىلىپتۇ. ئاخىر باباجاق سۇلتان يېڭىلىپ قايتىپتۇ. قىرغىزلار ئەھلى ئايالىرىنى ئۆزبېكلەر تەرەپكە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزلىرى باباجاق سۇلتاننى قوغلاپ كېتىپتۇ. لەشكەرلەر ئۇنىڭدىن يىراقراق بارغانىدى، قىرغىزنىڭ يۈزمىڭغا يېقىن قويىنى تېپىپ ئېلىپ كەلدى. قىرغىزلار بىلەن ئۆزبېكلەر قوشۇلىۋالغاچقا، بۇنىڭدىن ئارتۇق

---

① بۇ يەر نامى پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «ئاق قۇباس»، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «ئاق قا باس» دېيىلگەن، تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە: «ئاق قۇباش» ئېلىنغان.

چىقىلماي، خاننىڭ ھوزۇرىغا يېنىپ كەلدۇق. چۈنكى، ئەسلىي مەقسەت ئۆزبېكلەرگە تېگىش قىلىش ئەمەس ئىدى، بەلكى قىرغىزلارنى تەرتىپ ئىچىگە كىرگۈزۈش ئىدى. شۇ سەۋەبتىن لەشكەرلەر ئاشۇ جايدىن ياندى ۋە بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈشكە «قوي چېرىكى» دەپ ئات قويۇشتى.

تاھىرخاننىڭ شۇ كۈنلەردە ئىككى يۈزمىڭ ئادىمى بار ئىدى. ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ قۇياشى زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەنىدى. ئۇن لەك لەشكىرىدىن ئىككى لەك ئادەم قالغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئىشغالىيەت سىياسىتى يەنىلا كۈچلۈك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مەملىكەت ۋە ۋىلايەتلەرنىڭ سۇلتانلىرى ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە مۇقىم ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەبۇلقاسىم سۇلتان ئاتلىق بىر ئىنىسى بار ئىدى. خالايىق تاھىرخاننىڭ ئىشغالىيەت سىياسىتىنى شۇنىڭدىن كۆرەتتى. شۇڭا، خالايىق بىراقلا ھۇجۇم قىلىپ، ئەبۇلقاسىم سۇلتاننى ئۆلتۈردى. ئاندىن پۈتكۈل خەلق شۇ دەرىجىدە چېچىلىپ كەتتىكى، پەقەت تاھىرخان ئۆزى ۋە ئوغلىدىن بۆلەك كىشى قالمىدى، بۇ ئىككىيلەن ئىلاجىسىز بېرىپ قىرغىزلارغا قوشۇلدى. بۇ خەۋەر خانغا قەشقەردە ۋاقتىدا ئاڭلاندى.

خاننىڭ قەشقەرگە كېلىشىدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى، موغۇللار خانغا: «قىرغىزلار ئۆزبېكلەر بىلەن قوشۇلۇپ بىر بولدى. ئۆزبېكنىڭ مۇددىئاسى موغۇلىستاندا ئورۇنلىشىش، ئۆزبېكلەر كۆپ، شۇڭا بىز ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايمىز، بۇ قىشتا بۇ يەردە تۇرۇشىمىز خەتەرلىك» دەپ ئەرز قىلدى. موغۇللارنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى خان لايىق تېپىپ، رەشىد سۇلتان بىلەن پۈتكۈل موغۇل ئەھلىنى قەشقەرگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇلار قەشقەردە ۋاقتىدا ئۆزبېكلەرنىڭ ۋەيران بولغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. لېكىن، باھار ئاخىرلىشىپ قالغان ۋاقىت بولغاچقا، موغۇللارنىڭ موغۇلىستانغا بېرىشى قىيىن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن موغۇللار قىشتا قەشقەردە قالدى. باش باھار يىغىنلاشقان چاغدا تاھىرخان قىرغىزلار بىلەن كېلىپ، خان ئات باشىدا قويۇپ كەلگەن قىرغىزلارنى ۋە موغۇل ئەھلىنىڭ موغۇلىستاندا قالغان يىلقىلىرىنى بىللە ئېلىپ كەتتى.

## بابا سۇلتاننىڭ قاچقانلىقىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ بايانى

بابا سۇلتاننىڭ نامى يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى. ئۇ خاننىڭ قېرىنداشىنىڭ ئوغلى ئىدى. تارىختا توققۇز يۈز ئون تۆت[1] ئىدى، ئۇنىڭ ئاتىسى [سۇلتانخەلىل سۇلتان]نى [ئاخسىدا] جانىبېكخان رەھمەت سۇيىگە غەرق قىلدى. ئۇ چاغدا بابا سۇلتان كىچىك ئىدى. خان ئەندىجاننى ئالغاندىن كېيىن، بابا سۇلتان خاننىڭ خىزمىتىدە بولدى. خان ئۇنى شۇ قەدەر ئەزىزلەپ، ئەتىۋالايتتىكى، خاننىڭ ئوغۇللىرىمۇ بابا سۇلتانغا ھەسەت قىلاتتى.

خاجە ئەلى باھادىر بابا سۇلتاننى موغۇلىستانغا ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان چاغدا، تاغام ئۇ مەسلىھەتنى ئۆزگەرتىپ، موغۇلىستانغا رەشىد سۇلتاننى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. شۇ سەۋەبتىن بابا سۇلتان كۆپ ئازار يېدى. خان ھەرقانچە ئىلتىپات ۋە مادارا

[1] بۇ ھادىسە يۈز بەرگەن ۋاقىت، يەنى ھىجرىيە 914 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1508 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

قىلسىمۇ، بابا سۇلتاننىڭ كۆڭۈل كىرى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. چۈنكى، رەشىد سۇلتاننىڭ شان - شەۋكىتى ئاشقانسېرى، بابا سۇلتاننىڭ ھەسەت تومۇرلىرى تېخىمۇ قاتتىق سوقاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادىمىي شەيتانلار ھەممە يەردە بار، خالايىقنىڭ كۆڭۈل سەھنىلىرىگە ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىش ئۇنداق كىشىلەرگە ئادەت بولۇپ كەتكەن، ئاشۇ تائىپىلەردىن بىر نەچچەيلەن بابا سۇلتاننى ۋەسۋەسىگە سېلىپ، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە قارشىلىشىش تەرىپىگە كۈشكۈرتۈپ، سەئىي - ھەرىكەتلەرنى قىلىشتى. ئۇلار ھەممە پىكىر - خىياللارنى قىلىشتى، لېكىن قېچىشتىن باشقىنى لايىق كۆرمىدى.

مەزىد ئاتلىق يەزىد خۇيلۇق بىر ئادەم بار ئىدى. باشتا خان ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى قىلغانىدى، ئەمما ئۇ ئۆز ئەمىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى مەنسەپتىن يىراقلاشتۇرغانىدى. شۇڭا، مەزىد ئۆزىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشىنى دىشۋار كۆرەتتى. ئۇمۇ بابا سۇلتاننىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، ۋەسۋەسىگە سېلىشقا باشلىدى. بابا سۇلتان ياشلىق غورۇرى تۈپەيلىدىن، بەلكى بىلىمسىز، نادان بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەقىل نەسىھەتچىسىنىڭ يۈزىگە غەپلەت پەردىسى تارتىلىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ مەزىدنىڭ بۇزۇق ۋە يارىماس ۋەسۋەسلىرىنى ھەق ۋە راست دەپ گۇمان قىلاتتى.

مەزىدنىڭ مەسلىھەتى مۇنداق ئىدى:

— سىزدەك قابىل سۇلتان قەشقەردەك كىچىك يۇرتقا زايا كېتىسىز، ئىست، پۈتكۈل ئالەم ياخشى ۋە قابىل پادىشاھقا موھتاجدۇر. ئەگەر سىز ھەرقانداق ۋىلايەتكە بارىدىغان بولسىڭىز، مىڭلارچە مىننەتدارلىق بىلەن جان - دىلىدىن خۇشال بولۇپ، سىزنى پادىشاھلىققا كۆتۈرىدۇ. شۇ جۈملىدىن [سۇلتان] ئۇۋەيس خەتلان ۋە ھېساردا قابىل پادىشاھ تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلاجسىز ئۆزى سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ھېچ كىشىگە تەۋە بولماپتۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارسىڭىز سىزنى پادىشاھ قىلىدۇ ۋە ئۆزى باشلاپ بېرىپ پۈتكۈل بەدەخشاننى ئالىدۇ. بەلكى، يەنە نەچچىلىگەن ئىشلارنى قىلىدۇكى، ئۇنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىنسا شەرھى ئىچىگە سىغمايدۇ. قەشقەر ۋە موغۇلىستاننىڭ پادىشاھلىقىغا سېلىشتۇرغاندا ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساننىڭ پادىشاھلىقى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ۋە مۆتىۋەردۇر.

مەزىد داۋاملىق ئەنە شۇنداق مەسلىھەتلەرنى ئارىغا سېلىپ، بابا سۇلتاننى قايمۇقتۇرۇپ، بۇ سۆزگە ماقۇل قىلدى. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن يەنە نەچچۈيلەن قايمۇقۇپ، بابا سۇلتاننى كۈشكۈرتۈپ، شۇ يىلى قىشتا ياركەنتتىن قاچتى، خان ئارقىسىدىن قوغلىمىدى، بەلكى:

— مەندىن ياخشىراق كىشىنى تاپسا، مۇبارەك بولسۇن؛ ئۇنداق بولمىسا، يەنە يېنىپ كېلەر، — دېدى.

بابا سۇلتان شۇ قاچقانچە سۇلتان ئۇۋەيسنىڭ قېشىغا باردى. ئاندىن بەدەخشانغا باردى. بەدەخشانغا بارغاندىن كېيىن بىلدىكى، ئۇ مەسلىھەتلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ ئىكەن، ئۇ شەيتان سۈپەتلىك كىشىلەر ئۆز مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ، ئاشۇنداق تەدبىر كۆرۈشكەن ئىكەن. شۇڭا، بابا سۇلتان قاچقىنىغا پۇشايمان قىلىپ، يەنە قەشقەرگە يېنىپ كەلدى. ئەمما، خان ئۇنىڭغا قەشقەردە تۇرۇشقا ئىجازەت بەرمىدى. بۇ ئەھۋال پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى.

[بابا سۇلتان ئامالسىز ھالەتتە ھىندىستانغا باردى. ئۇ يەردىمۇ مەملىكەتنىڭ تىزگىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلمىدى. بابىر پادىشاھ ھىسار ۋە فىرۇزەنىڭ ئاتاقلىق قەلئەسى بولغان روھتەكنى] بابا سۇلتانغا بەردى. ئەمما، بابا سۇلتان نالايىق ئىشلارغا قەدەم قويىدى. شۇڭا،

ئۇ كۈنلەردە ئىسھال (ئىچ سۈرۈش) كېسىلىگە دۇچار بولدى ۋە بۇ ئىسھال كېسىلى سۇئىلمە-زاج (مىزاج بۇزۇلۇش) قا ئۆزگىرىپ، شۇ كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. بۇ تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز يەتتە①بولغان چاغ ئىدى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ يىگىرمە تۆت ياشتا ئىدى.

خان بابا سۇلتاننى كىچىك ۋاقتىدا ناھايىتى ئەزىزلەيتتى. ھېچ ئۇستاز ئۇنىڭغا بىرەر ھەرپ سۆزلىيەلمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىلىم ئىگىلەش شەرەپلىرىدىن مەھرۇم قالغانىدى.

بەيت:

بەردى مەكتەبغە ئوغلىنى بىر شاھ،
قىلغالى ئىلىم رەمزىدىن ئاگاھ.
بەردى ئىلكىگە تەختەئى سىيمىن،
ئاڭا قىلدى بۇ نۇكتە تەرقىمىن.
يەتكۈرۈر مىھر ئاتاۋۇ جەبر ئۇستاد،
ئېرۇر ئول مىھردىن بۇ جەبر زىياد.

دېگەن مەزمۇن بابا سۇلتاننىڭ شەنىگە مۇۋاپىق كەلدى. ئەمما، ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىقتىدارىدىن خالىي ئەمەس ئىدى، ياي بىلەن ئوقنى ئوبدان ئاتاتتى، خۇش مۇئامىلە ئىدى، دەسلەپكى چاغلاردا پېقىر بىلەن تولۇق بىرلىك ۋە چوڭقۇر ئېتىقات بىلەن دوستلۇق ئورناتقاندى، سەپەردە خۇددى بىر قۇش بولۇپ ئۇچاتتۇق، ئورۇنلاشقاندىمۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر ئۆيگە چۈشەتتۇق. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ سىڭلىسى مەندە ئىدى، مېنىڭ سىڭلىم ئۇنىڭدا ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق چاغدا تۈزۈت قىلماستىنلا بىر - بىرىمىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ - كېلىشىپ ئۆتەتتۇق. تاغامدىن ئاشۇ ئىش سادىر بولغاندىن كېيىن ئارىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولدى.

بابا سۇلتانغا خان بىلەن قارشىلىشىش ۋەسۋەسىسى چۈشتى، پېقىر قانچە نەسىھەتلەرنى قىلدىم، قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىمىز بىلەن بولغان ئىلگىرىكى بىرلىكىمىز قالمىدى.

بابا سۇلتان بەدەخشانغا قېچىپ بېرىپ، يەنە قايتىپ كەلگەن چاغدا، خان پېقىرنى بابا سۇلتاننى قايتۇرۇشقا يارلىق چۈشۈرۈپ ئەۋەتتى. كۆرۈشكەندىن كېيىن بابا سۇلتان ھەددۇ ھېسابسىز ئۆزرە ئېيتىپ كەچۈرۈم سورىدى. كۆپتىن كۆپ پۇشايمان ۋە نادامەتلەرنى ئىزھار قىلىپ:

— ئىست، سېنىڭ چىن سۆزلىرىڭ ۋە بەرھەق نەسىھەتلىرىڭنى قوبۇل قىلماي، بەدخاھلارنىڭ يالغانچىلىقلىرىغا، ۋەسۋەسىلىرىگە ئالدىنىپتىمەن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپتىمەن. شۇڭا، بۇ قاتتىق كۈنلەر بېشىمغا كەلدى، — دەپ، بۇ رۇبائىينى ئېيتتى، بەيت:

گەر مەن گۇنەھى رويى زەمىن كەردە ستەم،
لۇتفى تۇ ئۇممىدەستكى گىرد دەستەم.
گۇفتىكى بەۋەقتى ئەجز دەستى كەرەم،

---

① ھىجرىيە 937 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1530 - 1531 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئاجىز تەر ئەزىن مەخاھكى ئەكنۇن ھەستەم.

تەرجىمىسى شۇكى:

پۇر قىلدىم ئەگەرچە دەھرگە كوھى گۇناھ،
لۇتفۇڭ ئەجەب ئېرمەسكى ماڭا بولسە پەناھ.
دېدىڭ: ساڭا ئەجز ۋەقتىدە رەھم ئەتكۇم،
رەھم ئەيلەكى، ئەھۋالىم ئېرۇر ئەسرۇ تەباھ.

ئەمما، ئىش ۋاقتىدىن ئۆتكەندى، شۇڭا ئۇ ئۆزۈر - تەقسىرلەرنىڭ پايدىسى بولمىدى، نەزم:

چۇ فۇرسەت بار ئىدى بىكار يۈردۇڭ،
مەھەل ئۆتتى، نە سۇد ئەمدى نەدامەت.

بۇ قېتىم ئۇنى روھى سۇنغان ۋە دەردمەن ھالەتتە كۆرۈپ، بۇندىن كېيىنمۇ ئاشۇ ھالەتتە تۇرسا، دەپ ئۈمىد قىلغانىدىم. لېكىن، ھىندىستانغا بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خۇي - ئەپئالى بەكلا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئاشۇ پەسكەش بەدخاھلارنىڭ سۆھبىتى تەسىرى بىلەن سالىھلىقى بۇزۇقلۇقتا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. نەزم:

تۇتمە سۆھبەت يامان بىلەن زىنھار،
ۋەقىنا، رەببەنا، ئەزابەننار.

بابا سۇلتاننىڭ جىنازىسىنى روھتەك (روھەڭ) تىن بەدەخشانغا ئېلىپ كېلىپ، شاھمۇھەممەد سۇلتان ۋە بابا سۇلتاننىڭ مومىسى تەرەپتىكى بوۋىسى بولمىش سۇلتان مۇھەممەد بەدەخشىنىڭ گۇمبىزىدە دەپنە قىلدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# قىزىمغا ...

### پەرىدە ئەمىن

ئەقىللىق قىزىم! مېنىڭ سىزگە دېمىسەم زادى بولمايدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار. ئەگەر قولاق سېلىپ ئاڭلىسىڭىز ۋە ئېيتقانلىرىمنى ئۆز ئەمەلىيىتىڭىزدە كۆرسەتسىڭىز، ئۇ چاغدا ئاتا - ئانىڭىز، ئەجدادلىرىڭىزنىڭ، ۋەتەن - خەلقىنىڭ، مىللەتنىڭ ۋە قوۋم - قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغان بولىسىز ھەم ياراتقۇچىنىڭ ھەم يارالغۇچىلارنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىسىز. پانىي ۋە باقىي ئالەمدە بەختىڭىزنى تاپالايسىز.

مەن سىزنى گۈلۈم، دەيمەن ئوماق قىزىم. چۈنكى سىز مېنىڭ جىسمىمدىن پۇرەكلىگەن غۇنچە ئىدىڭىز، مېنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنى روھىڭىزغا چېكىپ يۇغۇرۇپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتىڭىز. سىز بىلەن تەڭلا ئۆيۈم يورۇدى، دىلىم يورۇدى، ئالەم باشقىچىلا نۇرلىنىپ كەتكەندەك، پۈتۈن كائىنات ماڭا خوش تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ باقتى. چۈنكى سىزنىڭ يۈرىكىڭىز مېنىڭ يۈرىكىم بىلەن تەڭ سوققان، ئىككىمىز بىر تىنىقتىن نەپەسلەنگەن ئىدۇق. مەندە ئازراق ناخۇشلۇق سېزىلگەن ھامان، سىز يۈرىكىمنىڭ تۆۋىدە يېتىپ ئازابلى-نىپ تۈگۈلۈۋالاتتىڭىز ... ئەگەر مەن شادلانسام، سىز خۇشلۇقىڭىزدىن باغرىمدا يېتىپ تېپچەكلەيتتىڭىز، مەن قورسىقىمنى (سىزنى) سىلىغىنىمچە بەخت پەيزىنى سۈرۈپ كۈلۈپ كېتەتتىم ... ئەنە شۇنداق كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئىككىمىز بىر جان بىر تەن بولۇپ 10 ئاي ياشىدۇق. ئاخىرى غېرىبخانىمىزدە گۈل بولۇپ ئېچىلدىڭىز. مەن سىزنى ئەللەيلەپ:

ئاينى مەن تۈندە دېسەم،
كۈندۈزدىمۇ ئاي بار ئىكەن.
گۈلنى مەن باغدا دېسەم،
ئۆيۈمدە بىر گۈل بار ئىكەن ...

دەپ قوشاقلار قاتتىم، سىز مېنىڭ ناتىۋان جىسمىمغا كۈچ - قۇۋۋەت، دىلىمغا روھىي ئوزۇق قاتتىڭىز ...

بۇلبۇلۇم قىزىم! سىز تېخى تۇرمۇشنى چۈشەنمىگەن، دۇنيانى تونۇپ يەتمىگەن كىچىك-كىنە بىر قىزسىز. سىز ئۆزىڭىزنىڭ بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك، باھاردەك ئىللىق، ۋاپا ئەھلىنىڭ دىلىدەك غۇبارسىز سەبىي قەلبىڭىزدىن ئۇرغۇپ چىققان، بىردە مۇڭلۇق، بىردە شوخ ناخشىلىرىڭىز بىلەن مىسكىن قەلبىمنى ئىللىتتىڭىز، ھەسرەتلىرىمنى نەلەرگىدۇر كۆمۈۋەتتىڭىز. مەنىلەر خەزىنىسىدىن لەئلى - مەرۋايىتلارنى ئىلغاپ، ئۇلارنى مېھىر يىپىغا تىزىپ بوينۇمغا ئاستىڭىز. بۇ جەۋاھىرلارنىڭ شولىسى چىرايىمنى نۇرلاندۇردى. سىزنىڭ بۇلبۇلدەك ناۋالىرىڭىزدىن ھوزۇرلاندىم، كۈلدۈم، مەغرۇر كۈلدۈم ... ھەيرانمەن، قانداقلا-رچە سىزنى بۇلبۇلغا ئوخشاتقاندىمەن؟ بۇلبۇل تىلسىز، تەپەككۇرسىز بىر قۇشقۇ؟ سىز بولسىڭىز تەڭرى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ھەممە مەۋجۇداتتىن ئۈستۈن ياراتقان ئىنسان، ئاڭ ۋە ئىدراكقا باي پەرىشتەم ئىدىڭىزغۇ؟ مەن سىزدىن ھەقىقىي خۇشاللىق تاپتىم، سۆيۈنچ

ئىچىدە ياشىدىم.

بالام، سىزنىڭ تېگى ـ تەكتىڭىز ئۇلۇغ، مۆتىۋەر، ھايالىق، ئىمانلىق كىشىلەر. سىز قىز بولسىڭىزمۇ چوقۇم ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ياخشى نامىنى داۋاملاشتۇرالايسىز، چىرىقىنى ئۆچۈرمەيسىز. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل. كىشىلەر قىز بالا ۋارىس بولالمايدۇ، دېيىشىدىكەن، بۇ ھەممىسى قۇرۇق گەپ. «ئىز باسارلار كۆپ ھاللاردا قىز نەۋرىلەردىن چىقىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمەنىڭ ئوغۇللىرى ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۇسەيىنلەرمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىز باسارلىرىدۇر.

— تاتلىق قىزىم! ئادەم چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ھامان ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئوغۇل بالا ئۆيلىنىدۇ، قىز بولسا ياتلىق بولىدۇ. «ياتلىق بولۇش» — ياتلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، شۇلار بىلەن بىللە ياشاش، دېمەكلىكتۇر. ھازىر جەمئىيەت ئۆزگەردى، تۇرمۇش ئۇسۇللىرىمۇ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. بۇرۇنقىدەك قېيىن ئاتا ـ قېيىن ئانىلار بىلەن بىللە ياشاپ، بىر قازاندا تاماق يەيدىغان، كېلىن شۇ ئائىلىنىڭ بارلىق ئەمگەكلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ئەھۋاللار ئاساسەن يوق دېيەرلىك (بۇ پۈتۈنلەي يوق دېگىنىم ئەمەس).

جېنىم بالام، ئالدى بىلەن سىزنىڭ ھازىر دۇچكېلىدىغان ئىشلىرىڭىزنى دېگۈم كېلىۋاتىدۇ، سىز ھازىر قانات ـ قۇيرۇقىڭىز يېتىلگەن بىر قۇش. سىزنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرى كۈتمەكتە. سىز پات ئارىدا ئەشۇ ئىلىم كانلىرىدىن گەۋھەر ـ ياقۇتلارنى ئىزلەپ، ئىلىمگە تەشنا قەلبىڭىزنى ئابىھايات بىلەن قاندۇرغىلى قانات قېقىپ يىراقلارغا پەرۋاز قىلىسىز. مەن سىزنىڭ ھەر ماكان، ھەر زاماندا ئۆزلۈكىڭىزنى يوقاتماسلىقىڭىزنى، ئەسلىي ماھىيىتىڭىزنى ساقلىشىڭىزنى، ئايىنىپ ـ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىڭىزنى، ياخشى بىلەن ياماننى، سەت بىلەن چىرايلىقنى ئەقىل كۆزىڭىز بىلەن توغرا ئايرىشىڭىزنى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ناھەقچىلىق ۋە ئىپلاسلىقلارغا دادىل قارشى چىقىشىڭىزنى، ئۆز غۇرۇرىڭىزنى، يۇرتىڭىزنىڭ ۋە مىللىتىڭىزنىڭ غۇرۇرىنى ساقلىشىڭىزنى، مەنىۋىي مەنپەئەتنى، ماددىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن قويۇشىڭىزنى، ئىلىم ئىگىلەشنى ھەممىدىن ئەلا، دەپ بىلىشىڭىزنى، پەزىلەتلىك، ئىرادىلىك، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، ئۈمىدۋار، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

يۇلتۇزۇم قىزىم! سىز مېنىڭ قەلب ئاسمىنىمنى بېزىگۈچى، دىلىمنى نۇرلاندۇرغۇچى، كېچىلىرىمنى يورۇتقۇچىمىسىز. سىز ئىڭەلەپ يەرگە چۈشكەندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە مېنى شادلىققا چۆمۈلدۈرۈپ كەلدىڭىز. ئەمدى بىزنىڭ ئايرىلىش پەيتلىرىمىز يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. گەرچە قەلبىم لەرزىگە كېلىپ، كۆڭلۈم ئارامى بۇزۇلغان بولسىمۇ، بىر ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن بەردەم، سەۋرچان بولۇشۇم كېرەكلىكىنى بىلىپ تۇرىمەن.

جېنىم بالام، ئىنسان ئۈچۈن ئەخلاق تولىمۇ مۇھىم، قىز بالىغا تېخىمۇ شۇنداق. ئەخلاقسىز ئادەم جەمئىيەتتە يوق بولۇپ قالىدۇ. سىزگە دەيدىغان ئەڭ مۇھىم سۆزۈم، ئۆزىڭىزدە گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈڭ. ئەخلاق ـ پەزىلىتىڭىزدىن ئېچىلغان گۈللەر خۇشپۇراق چاچقاندا، روھىڭىزنىڭ نەقەدەر پاكلىقىنى، ئەتراپىڭىزدىكى پىنداكارلارنىڭ سەممىيەتلىرىنى بىلگىنىڭىزدە، ئۆزىڭىزنى دۇنيادىكى ئەڭ باي، ئەڭ كۈچلۈك ئادەم دەپ ھېس قىلىسىز. بۇ كۈچنى، بۇنداق بايلىقنى ھېچقانداق نەرسە بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقىقەت!

لوقمان ھەكىمدىن كىشىلەر: «ئەدەبنى (گۈزەل ئەخلاقنى) كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «مەن ئەدەبنى ئەدەبسىزلەردىن ئۆگەندىم، يەنى، ئۇلار قىلغاننى قىلمى-

دىم ...» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

ياشلار نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ئىش - پائالىيەتلەرنىڭ قائىدىسىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئەخلاقىي يېتەكچىلەرگە موھتاج. قانداق نەرسە ئىنسانغا توغرا، ساغلام ئەخلاقىي قائىدىلەرنى بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ، قانداق نەرسە غايىمىزگە يەتكۈزىدىغان ئەگرىلىكى يوق تۈز يولنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، ئىنساننى توغرا يولدا مېڭىشقا نېمە ئىلھاملاندۇرالايدۇ، دېگەنلەرنى بېجىرىم ئەخلاقىڭىز ۋە نازۇك ھېس تۇيغۇلىرىڭىز ئارقىلىق ئىزدەڭ!

ئەخلاق نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدى بىلەن سىزگە ئالىي مەكتەپ ھاياتى، كوللېكتىپ تۇرمۇشتىكى بەزى مەسىلىلەرنى سۆزلەپ بېرەي.

ئالىي مەكتەپ ھاياتى ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بۇرۇلۇشنىڭ بىرى. بىر بالا تۇغۇلغاندىن تارتىپ مۇشۇ چاغقىچە بولغان 17 ـ 18 يىل جەريانىدا ئاساسەن ئائىلە تەربىيىسىدە بولىدۇ. باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. بالىنىڭ كەلگۈسىدە ماڭىدىغان يولىنىڭ ئىزىنى ئاساسەن ئاتا ـ ئانا سىزىپ بېرىشى كېرەك، شۇنداقلا ئۆز تەربىيىسى ئارقىلىق ناچار ئەخلاقلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ياخشى ئەخلاق ئورنىتالايدىغان، مال ـ دۇنياغا، مەنسەپكە دۇم چۈشمەيدىغان، يىراقنى كۆرەر، تېپەككۇر ئىقتىدارى ياخشى، سېلىشتۇرۇش قابىلىيىتى بار يېتەكچى ئۇستاز كېرەك.

* *

قىزىم! ئىلىم ئۆگىنىش ئەڭ ئۇلۇغ ئىشتۇر. بىلىملىك ئادەم دۇنيادا ئەڭ ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك بولىدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئىلىم ئەھلىنى قەدىرلەيدۇ. بۇ دۇنيادا راھەتتە ياشاشنى، ھەممە ئىنساننىڭ ياخشى كۆرۈشىنى ئارزۇ قىلسىڭىز، ئۆگىنىشكە، ئىلىم - پەن ئىگىلەشكە بارلىق كۈچىڭىز بىلەن تىرىشىڭ.

خۇددى بۈيۈك پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك:

> بىلىم بايلىق ئول گادايلاشمايدىغان،
> قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

پەقەت بىلىملا سىزنى ئۈزلۈكسىز قىممەتكە ۋە مەڭگۈلۈك بايلىققا ئىگە قىلىدىغان نەرسە.

كىتاب كۆرۈش تاماق يېيىشتەكلا ئادىتىڭىزگە ئايلىنىپ كەتسۇن، چۈنكى، كىتاب كۆرۈش ئاشۇ مۇقەددەس بايلىق — بىلىمگە ئېرىشتۇرۇشتىكى ئالتۇن كۆۋرۈك. قەدىمدە ئۆتكەن ئالىملاردىن بىرى كىتاب ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بىزگە ھەرگىزمۇ ئازار بەرمەيدىغان، بىز بار چاغدىمۇ، يوق چاغدىمۇ بىزگە سادىق ۋە ئىنتايىن ئىشەنچلىك بىر دوستىمىز — سۆھبەتدىشىمىز بار. ئۇ ئۆتمۈش ھەققىدە بىلگەنلىرىنى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ بىزگە نەسىھەت قىلغۇچى، شۇنداقلا توغرا مەسلىھەت بەرگۈچى. ئۇ يەنە بىزگە ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىتىپ، بىزدە مۇستەھكەم ئىرادە يېتىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدا قورقۇنچلۇق كېسەللىك، خەۋپلىك ئەھۋاللار يوق بولۇپ، بارماقلىرى ۋە مۇشتلىرى بىلەنمۇ بىزنى قورقۇتالمايدۇ. ئۇنى 〈تىرىك〉 دېسەم يالغانچى بولمايمەن. ئەگەر 〈جانسىز〉 دېسەم ئەقىلسىز ھېسابلىنىمەن. جاھاندا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق دوست يوقكى، يالغۇزلۇقتا سىزنى زېرىكتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭدا

كىشىگە ئارام بېرىش بار، ئازار بېرىش يوق ...» .
شۇنداق ئىكەن، ياخشى كىتابلاردىن مەنپەئەت ئېلىپ، لەززەتلىنىشنى بىلىۋېلىڭ. كىتاب ئوقۇغىنىڭىز ئۆگەنگەن ئىلمىڭىز سىزنىڭ قەلبىڭىزنى ئىسلاھ قىلالايدىغان، نەپسىڭىزنى پاكلىيالايدىغان بولسۇن. ئادەمنىڭ ئەڭ تاتلىق، ئەڭ ئەزىز، ئەڭ قىممەتلىك چاغلىرى ياشلىق دەۋرىدۇر. ئاشۇنداق قىممەتلىك چاغلىرىڭىزنى ھەرگىزمۇ پايدىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلماڭ.

ياشلىق، ھايات بېغىنىڭ باھارىدۇر، ئىنسان ئۆمرىنىڭ نۇرلۇق چىرىغىدۇر. ياشلىقىدا ئىلىم ئەگكۈشتىرى بىلەن قەلب بوستانىغا گۈل چېكەلىگەن ئىنسان ھايات مەنزىلىدە ئۆچمەس ئىزنالارنى قالدۇرالايدۇ. دۇنيانى بىلىم دېڭىزى دېسەك، ئالىي مەكتەپ شۇ دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى. ياشلىقىڭىزنى ئىلىم ئۈچۈن بېغىشلاڭ!

دانىشمەنلەر: «گۈزەل خۇلق، ئىلىم ۋە ئەدەب - ئەخلاق ئۆگىنىش ئارقىلىق ھەمدە يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشتىن ھاسىل بولىدۇ» دېگەن ئىكەن.

* *

قىزىم، سىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى قەدەملىرىڭىزدە ياشاش يولىڭىز ۋە غايىڭىز ئېنىق بولسۇن. دۇنيادا ئىنساننى نۇرغۇن غەم - قايغۇلار قورشىۋالىدۇ ۋە تۈرلۈك غايىلەر تالىشىدۇ. ئىنسان دائىم نەپسىنىڭ ئىچكى توقۇنۇشى ئىچىدە ياشايدۇ. خۇددى:

ناۋادا رازىمەن بولسا سېخىي تۇغقانلىرىم مەندىن،
بېخىل تۇغقانلىرىم كەلدى غەزەپكە ئەكسىچە ئاندىن.
كىم قىلالايدۇ ئۆزىدىن ھەممە ئىنساننى خۇشال،
بۇ كۆڭۈل ئارمانلىرىنىڭ ئالدىدا مىڭبىر دوقال.

دېگەندەك، بارلىق كىشىلەرنى رازى قىلىش ئىشقا ئاشمايدىغان غايە. ئىنساننىڭ غايىسى ئېنىق بولىدىكەن، بۇ تېڭىرقاشلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇتۇلىدۇ. ئۇ چاغدا بارلىق گۈزەل غايىلەرنى بىر غايىگە جەملەپ، شۇ غايىگە قاراپ ئاتلىنىدۇ، بۇ يولدىكى ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى مەنسىتمەيدۇ، ھەرقانداق ئازابنى راھەت، ھەر بىر قۇربان بېرىشنى لەززەت، دەپ بىلىدۇ. ئادەم ئۆز غايىسىنى تونۇپ يەتكەندە خاتىرجەم بولىدۇ، ئۆز يولىنى تاپقاندا ئارام ئالىدۇ. شۇ مەڭگۈ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھەرگىزمۇ نەپسىڭىزگە قۇل بولۇپ قالماڭ. چۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ زور پاجىئە نەپسىنىڭ ئەقىلنى قۇل قىلىشى.

* *

جىگىرىم بالام، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىنى ئۇراپ تۇرىدىغان ئۈمىد دېگەن نەرسە، ئادەمنىڭ خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىق مەنبەلىرىدىن بىرىدۇر. ئۈمىد — روھ ۋە بەدەننىڭ قۇۋۋىتى. ئۇ ھورۇننى غەيرەتكە، غەيرەتلىكنى بولسا داۋاملىق تىرىشىشقا ئۈندەيدۇ. ئۈمىد تۇرتكىلىك كۈچ بولۇپ، كۆڭۈلنى ئەمگەككە ئىنتىلدۈرىدۇ. ئۈمىد ھاياتنىڭ جەۋھىرى، ئاكتىپچانلىقى-

ىنىڭ تۈرتكىسى، ھايات قايغۇ ـ ئەلەملىرىنىڭ يېنىكلەتكۈچىسى، ھاياتقا گۈزەللىك ۋە خۇشاللىق بېغىشلىغۇچىدۇر. ئۈمىد ھەممىدىن بەك تاتلىق نەرسە بولۇپ، مەيلى ئۇ ئەمەلگە ئاشسۇن ياكى ئاشمىسۇن، ئۇ ئەسلىدىنلا ئىنتايىن گۈزەل نەرسە، خۇددى ئاشىقلار ئېيتقاندەك:

مەشۇقنى سېغىنىش بىر تاتلىق ئازاب،
ئۈمىدسىزلىك تاپقاندەك كەتكەندە چاڭقاپ.
يەتسەك بىز ۋىسالغا قانچىلىك ياخشى،
يەتمىسەك قالىدۇ ياشىغان ياىراپ.

ئۈمىد ئۈمىدسىزلىكنىڭ دۈشمىنى. ئۈمىدسىزلىك دىلدىكى ئۈمىد چوغىنى ئۆچۈرىدۇ، ئۈمىدكە باغلانغان رىشتىلەرنى ئۈزۈۋېتىدۇ. ئۇ روھتىكى ھەرىكەت ئىستىكىنى ئۆلتۈرىدىغان، ئىنسان جىسمىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان زور توسالغۇ ۋە جاپالىق جەريان. مۇتەپەككۇرلار ئېيتقان:

ئۈمىدسىزلىك ئاجىزلىتار ئۈمىدسىزنىڭ تېنىنى،
بوشاڭلاردىن قىلىۋېتەر ئىرادىلىك كىشىنى.

ئالىملاردىن بىرى مۇنداق دېگەن: «ئۈمىدسىزلىك ۋە كۆرەڭلىكتىن ئىبارەت ئىككى ئىش ئەڭ ھالاكەتلىكتۇر». بەخت بولسا ھەرىكەت، ئىزدىنىش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ئۈمىدسىز كىشى ھەرىكەت قىلمايدۇ ۋە ئىزدەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە ئىزدىگەن نەرسىسى تېپىلمايدىغان نەرسە.

قانداقلا بىر ئىنساندا ئۈمىدسىزلىك كۆچىيىپ كېتىدىكەن، دۇنيا ئۇنىڭغا تولىمۇ قاراڭغۇ، كەڭرى زېمىن بەك تار تۇيۇلىدۇ.

دېمەك، ئۈمىدسىزلىك ئىنساننىڭ روھىنى چىرىتكۈچى زەھەر، ئىنساننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ۋەيران قىلغۇچى قۇيۇن. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئېتىقادلىق ئادەملەر ئەڭ ئۈمىدۋار، ئەڭ خۇشال كىشىلەر بولۇپ، ئۇ ئۈمىدسىزلىك، بىزارلىق ۋە زېرىكىشتىن ئەڭ يىراق ئىنسانلاردۇر.

پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈنمۇ ئۈمىد بولۇشى كېرەك. يېڭى ھەقىقەت، يېڭى بىلىملەرنى ئېچىش ۋە ئۇلارنى ئېنىقلاشتا ئۈمىد كەشپىياتچىلارغا روھىي مەدەت بولىدۇ. ئۈمىد ھەمراھ بولسا، قىيىنچىلىق ئاسانلىشىدۇ، يىراق يېقىنلىشىدۇ.

ئەڭ قىيىن شارائىتلاردا يۈكسەك قەلبتىن ئېتىلىپ چىقىپ قاراڭغۇ يولنى يورۇتۇپ، زۇلمەتنى تارقىتىۋېتىدىغان بىر نۇر بار. ئۇ نۇر دەل ئۈمىددۇر. ھەربىر تىنىقىڭىزدا ئۈمىد بىلەن ياشاڭ قىزىم!

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى)

# ئۇيغۇرلاردا ئۇلۇغ خاس ھاجىپ مۇئەسسەسەسى ۋە يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىدە ئوينىغان رولى

## يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

بىز ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلاتى ھەققىدە تېخى يېتەرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئىگە بولمىدۇق. شۇ سەۋەبلىك ئوردا تۈزۈمى ۋە ئوردىدىكى ھەرقايسى مۇئەسسەسەلەرنىڭ تۇتقان ئورنى ۋە ئوينىغان رولى ھەققىدە مۇكەممەلراق چۈشەنچىگە ئىگە بولالماي كەلدۇق. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى ئارقىلىق قاراخانىيلارنىڭ ئوردا تەشكىلاتى ۋە ئوردا تۈزۈمى ۋە ھەرقايسى مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئوردىدا تۇتقان ئورنى ۋە ۋەزىپىلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزنى ئىنتايىن مول بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەتقىقاتچىلار قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسىنى تاپتى ۋە بەزى ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەر قىلىندى. تۈركىيىلىك رىشات گەنجىنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» دېگەن ئەسىرى بىلەن يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك ۋە قانۇن» دېگەن ئەسىرى بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا خېلى چوڭقۇرلۇق ھاسىل قىلدى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلاتىدا ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئىمتىيازى توغرىسىدا ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر مەسىلىگە تېخىچىلا جاۋاب بېرىلمەي كەلدى. يەنى ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ پادىشاھنىڭ خاس مەسلىھەتچىسى ئىكەنلىكى ۋە باشقا ۋەزىپىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دۆلەت ئۇستازلىق ئىمتىيازى تىلغا ئېلىنمىدى. ئەسلىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆزىدە بۇ خۇسۇستا خېلى روشەن، ئېنىق مەلۇماتلار بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇئەييەن بىر كۆز قاراشقا كېلىشكە ئاساس بولالايتى. بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مەلۇماتلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىدە پادىشاھ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدار، باش ۋەزىر، يەنى ئوڭ قول ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى بولىدۇ، دەپ چۈشىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داستان ۋە چۆچەكلىرىدىمۇ ئۇلۇغ ھاجىپ ـ تايانغۇ ھەققىدە بىرەر ئۇچۇرنىڭ بېرىلگەنلىكىدىن خەۋىرىمىز يوق. ئۇنىڭدىن باشقا قاراخانىيلاردىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردە قۇرۇلغان تۈرك ـ ئۇيغۇر ئوردىلىرىدىمۇ ئۇلۇغ خاس ھاجىپلىق ئىمتىيازىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز. بىراق بىز قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىلىرىدا دۆلەت ئۇستازلىق ئىمتىيازىغا ئېرىشكەن دانىشمەن ئۇستازلارنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە بەلگىلىك تەسەۋۋۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىسمەن ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز.

بىزگە يېتىپ كەلگەن يازما خاتىرىلەردىن مەلۇمكى، ئوغۇزخاقاندىن تارتىپ كۆلتېكىن، بىلگە خاقانلارغىچە ۋە قاراخانىيلار خانلىرىغىچە بولغان ئۇزاق ھاكىمىيەت باشقۇرۇش تارىخىدا قايسى پادىشاھ ئەڭ ئىقتىدارلىق، ساداقەتمەن، پاراسەتلىك دۆلەت ئۇستازىغا ئېرىشەلىگەن بولسا، شۇ شاھ نۇسرەت قازانغان ۋە توغرا قانۇن تۈزۈپ ئەلنى روناق

تاپقۇزغان ئىدى. قايسى پادىشاھ ياخشى، يارامىلىق ئۇستازغا ئىگە بولالمىغان بولسا ئۇ پادىشاھ ئوڭايلا زاۋال تاپقان. «مەڭگۈ تاش» خاتىرىلىرىدە، كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ خانلىرىدىن ئىستەمى خاقان ۋە بۇمىن خاقانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئۇلار ناھايىتى ئۇلۇغ سەلتەنەت ساھىبى بولغان. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىر تەرەپتىن، ئۇ پادىشاھلارنىڭ بىلىملىك، يىراقنى كۆرەر، پەزىلەتلىك بولغانلىقىدىن دەپ قارىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭمۇ پاراسەتلىك، بىلىملىك بولغانلىقىدىن ئىدى، دەپ خۇلاسىلايدۇ. كېيىن تەختكە چىققان پادىشاھلارنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى، ئالدى بىلەن پادىشاھلىرى ئىقتىدارسىز، پاراسەتسىز ئىدى، دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەسلىھەتچىلەرمۇ پاراسەتسىز، بىلىمسىز ئىدى، شۇڭا قانۇن - تۈزۈم بۇزۇلۇپ، خەلق بىلەن ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدا بىرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خەلق بىلەن بەگلەرنى دۈشمەنلەشتۈرۈپ قويغان، دەپ يەكۈنلەيدۇ.

ئوغۇزخاننىڭ ئۇلۇغ سەلتەنىتىدە ئوغۇزخاننىڭ پاراسەت ۋە جاسارەت بابىدا يېگانە بولغانلىقىدىن باشقا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن، ساداقەتمەن مەسلىھەتچىسى ۋە ئۇستازى - ئۇلۇغ تۈرك ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرىمىز. كۆلتېكىن ۋە بىلگە خاقانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان 7 - ئەسىرلەردە بۇ خاقانلارنىڭ تونيۇقۇقتەك دانىشمەن دۆلەت ئۇستازلىرىنىڭ توغرا يول كۆرسىتىشكە تايانغانلىقى بىزگە مەلۇم. «تونيۇقۇق ئابىدىسى» دە تونيۇقۇق ئۆزىنىڭ تارمار بولغان، چېچىلىپ كەتكەن خانلىقنى قانداق قىلىپ قۇدرەتلىك خانلىق قىلىپ چىققانلىقى، بۇنىڭدا ئۆزىنىڭ قانداق رول ئوينىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «تۈرك سىر خەلقى يېرىدە بوي (خەلق) قالمىدى، ئورمانلىق ۋە تاغ داللىلاردا قالغانلىرى يىغىلىپ يەتتە يۈز بولدى، ئۇلارنىڭ ئىككى ئۇلۇشى ئاتلىق ئىدى، بىر ئۇلۇشى پىيادە ئىدى. بۇ يەتتە يۈز كىشىنى باشلاپ يۈرگۈچى قوشۇن ئۇلۇغى شاد ئىدى. ئۇ ماڭا: قوشۇنىمىزغا قوشۇلغىن، دېدى. قوشۇلغان كىشى مەنكى بىلگە تونيۇقۇق ئىدىم. مەن ئۇنى خاقان قىلاي دېدىم. ئارقىدىن يەنە تەڭرى ماڭا ئەقىل بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەن ئۇنى خاقان قىلاي دېدىم. ئارقىدىن يەنە تەڭرى ماڭا ئەقىل بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەن ئۇنى خاقان بولۇشقا دەۋەت قىلدىم»①. كېيىن تونيۇقۇق دۆلەت قۇرۇپ، قۇدرەت تاپقانلىقى ۋە بۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئوينىغان رولىنى كونكرېت بايان قىلغاندىن كېيىن: «ئۆزۈم قېرىدىم، ئۇلۇغ بولدۇم. ھەرقانداق يەردىكى خاقانلىق خەلقلەردە مەندەك ئادەم بولسا، ئۇلاردا نېمە غەم بولسۇن» دەيدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردا ئىككى مەسىلە يورۇيدۇ، بىرى، تونيۇقۇقنىڭ كۆكتۈرك ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى مۇئەييەنلىشىدۇ، بۇ ئارقىلىق بىرەر تارىخىي شەخسنىڭ ھەرقانداق ئەلدە شۇ ئەلنىڭ تەقدىرىگە كۆرسىتىدىغان مۇھىم ھەل قىلغۇچ رولىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكى ئەكس ئېتىدۇ. ھەقىقەتەن تارىختا قەھرىمان، دانىشمەن شەخسلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتتا ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن مۇھىم. ئىنسانىيەت دۇنياسى مانا شۇنداق قەھرىمان شەخسلەر ۋە پاراسەتلىك دانىشمەنلەرنىڭ يېتەكلىشى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ۋە ھازىرقىدەك زامانىۋى مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرەلىگەن. تارىختا نۇرغۇن سەلتەنەت ساھىبلىرى ئۇلۇغ دانىشمەنلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى ئارقىلىقلا تارىختا ئۇلۇغلۇق نامى ساقلىنىپ قالدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى ماكىدونىيىدە باش كۆتۈرۈپ پۈتۈن دۇنيانى تەسەررۇپ ئاستىغا

① «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، 4 - قۇردىن 6 - قۇرغىچە.

ئالغان بالا پادىشاھ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىدا ئارستوتىلدەك دانا ئۇستازى بولمىغان
بولسا، ئۇنىڭ ئۇنچە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.
شۇنىڭدەك، 7 ـ ئەسىرلەردە تارمار بولغان تۈرك ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشتا تونيۇقۇق
بولمىغان بولسا، ئۇ خانلىقنىڭ تەقدىرى ئۇنداق ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇشى ناتايىن ئىدى.
ھەرقانداق بىر ئەلدە ئاقىل ـ دانىشمەن ئۇستازلارنىڭ بولۇشى شۇ ئەلنىڭ ئامىتى.
ئىككىنچى تەرەپتىن قارىغاندا، تونيۇقۇق يالغۇز مەسلىھەتچى ھەم ۋەزىرلا ئەمەس، بەلكى
كۆكتۈركلەرنىڭ «بىلگە» سى، يەنى دانىشمەن، پاراسەتلىك «تايانغۇ» سى ئىدى. بىراق
ھەممە ئەلنىڭ مۇنداق دانىشمەن ئۇستازغا ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلۇغ سەلجۇقىي-
لار ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇدرەت تېپىپ ئەرەب خەلىپىلىكىنى ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىغا ئېلىشتا
مەلىك شاھقا باش ۋەزىر ۋە دۆلەت ئۇستازى بولۇپ خىزمەت قىلغان نىزامۇلمۈلكنىڭ
ئوينىغان رولىنى كەم مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ھاكىمىيەت
باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئاساسەن شاھلارغا نەسىھەت قىلىش خاراكتېرىدىكى «سىياسەتنا-
مە» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ ئۆزىنىڭ ئۇستازلىق رولىنى تېخىمۇ ئەمەلىي ھەرىكەتتى ئارقى-
لىق جارى قىلدۇرۇپ، كېيىنكى شاھلار ئۈچۈن نەمۇنە بولىدىغان ئۇلۇغ ئەسىرىنى
قالدۇرۇپ كەتكەن. بىراق نىزامۇلمۈلك باش ۋەزىر ئىدى، تايانغۇ ئەمەس ئىدى، ئۇيغۇر-
لارنىڭ ھاكىمىيەت ئوردىلىرىدا ئوردا مائارىپىدا مەخسۇس ئۇستاز بولىدىغانلىقىنى بىز
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «غېرىپ ـ سەنەم» ناملىق ئوردا تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلىرىدىن
كۆردۇق. بىراق، يۇقىرىقى ئۇستازلار تارىخىي مەنبەلەردە «تايانغۇ» نامىدا ئاتالغانلىقىنى
كۆرمىدۇق. بىراق بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتلاردىن «تايانغۇ» ئىمتىيازى-
نىڭ ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق خاس ئەمەل نامى ئىكەنلىكىدىن
ۋاقىپ بولالايمىز. مەھمۇد كاشغەرى «ھاجىپ» ئاتالمىسىنى ئىزاھلاپ بۇنىڭ ئېتمولوگى-
يىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ، «تايانغۇ» ئەسلىدە ھاجىپ دېمەكتۇر. بۇ مەنىدە ھاجىپ
سۆزى ئومۇملاشقاندىن كېيىن «تايانغۇ» تاشلىنىپ قالغان، «ئىشەندى» دېگەن مەنىدىكى
«تايانغۇ» سۆزى «تاياندى» سۆزىدىن كەلگەن. ھۆكۈمدار ھاجىپلارغا ئىشىنىدۇ، پۇقرالار-
مۇ ئۇلارغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار ئۆز تىلەكلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى ھاجىپ ئارقىلىق ھۆكۈمدارنى
يەتكۈزۈشەتتى ۋە جاۋابىنىمۇ ئۇ ئارقىلىق ئېلىشاتتى. بىز يۇقىرىقى مەلۇماتتىن مۇنداق
بىر قانچە مەسىلىگە جاۋاب تاپالايمىز. بىرى، تۈركىي خەلقلەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ
ھاكىمىيىتىدە تايانغۇ مۇئەسسەسەسى ناھايىتى قەدىمكى بىر تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇ ھەر-
گىزمۇ ئەرەب تىلىدىكى ھاجىپ ئاتالمىنىڭ قوللىنىلغانلىقى سەۋەبلىك ئەرەبلەردىن قوبۇل
قىلىنغان مۇئەسسەسە ئەمەس. پەقەت ئەرەبلەر بىلەن بولغان دىنىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەت
ئورنىتىلغاندىن كېيىن قەدىمكى ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى «تايانغۇ» كەلىمىسى ئەرەبچە ھاجىپ
ئاتالمىسىغا ئالمىشىپ قوللىنىلغان، ئىككىنچى، ھاجىپ بىلەن تايانغۇنىڭ ئوقتۇرىدىغان
مەنىسى ۋە ھاكىمىيەتتە تۇتقان ئورنى يېقىن بولسىمۇ، لېكىن مەنە ئېتىۋارى بىلەن خېلى
روشەن پەرقلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى ھېس قىلىمىز، يەنى ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان
«ھاجىپ» سۆزى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئىزاھاتى بويىچە «قاش»، يەنى كۆزنىڭ زىنىنىتى
ۋە ياردەمچىسى دېگەن مەنىلەردە كەلگەن بولسا، «تايانغۇ» سۆزى «تايىنىدىغان، يۆلىنىدى-
غان» دېگەندەك مەنىدە قوللىنىلىپ كەلگەن، يەنى پادىشاھ ئۇلۇغ ھاجىپقا تايىناتتى،
پۇقرالارمۇ ھاجىپقا ئىشىنەتتى ۋە ئۇنىڭغا تايىناتتى، چۈنكى ئۇ ئالدى بىلەن تونيۇقۇق
ئېيتقاندەك دۆلەتنىڭ «بىلگە» سى ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۈركلەردىكى «تايانغۇ»

ئىمتىيازىدىكى ئادەم پادىشاھ بىلەن يۇقىرىلار ئارىسىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك مۇستەھكەم
كۆۋرۈك بولۇپ رول ئوينايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەرەبچىدىكى «ھاجىپ» سۆزىدىن
مۇنداق ئىمتىيازنىڭ مەنىسىنى چىقارغىلى بولمايدۇ. پەقەت «ياردەمچى» دېگەن مەنىسىدى-
كى ئۇقۇمنى چىقىرىشقا بولىدۇ. بىراق ئۇيغۇرلار گەرچە «تايانغۇ» نىڭ ئورنىغا «ھاجىپ»
سۆزىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن تايانغۇنىڭ ئوردىدا تۇتقان ئورنى، رولى ۋە ئىمتىيازى
ھەرگىزمۇ ئۆزگەرمىگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» تە ئۇلۇغ ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ ئوردىدىكى ۋەزىپىلىرى، ئۇنىڭغا قويۇلىدى-
غان تەلەپلەردە ئومۇمىي تەلەپلەردىكى ئورتاقلىقنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرغاندا،
ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ھەقىقەتەنمۇ يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ بەزى
تەلەپلەردە باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرىغا قويۇلغان تەلەپتىن يۇقىرى تەلەپ قىلىنغانلىقىنى
كۆرىمىز.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 2520 ـ بېيىتىدە ئۇلۇغ خاس ھاجىپ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

*ئۆدى بولمىغىنىچە ئۆزى كىرمەسە،*
*ئايىتمازدا ئاشنى ئۆتۈك بەرمەسە.*

(پەيتى كەلمىگۈچە ھاجىپ ئۆزى ئىلىگ قېشىغا كىرمىسۇن، سورالماستىن بۇرۇن
نەسىھەتكە تىل ئاچمىسۇن)

يۇقىرىقى بېيىتىكى «ئۆتۈك» سۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى «قۇتادغۇ-
بىلىك» نىڭ نەزمى يەشمىسىدە ئالغاندەك «ئۆتۈندى، تىلىدى» دېگەن مەنىدە بولماستىن،
بەلكى «نەسىھەت قىلىش، تەلىم بېرىش» مەنىسىدە كېلىدۇ. «ئۆت» سۆزىنىڭ نەسىھەت
ۋە تەلىم مەنىسى بار. ئادەتتە نەسىھەت، تەلىم سۆزى «پەند، ئۆگۈت» دېگەن سۆزلەر
بىلەنمۇ كەلگەن. بىراق پەند، ئۆگۈت، نەسىھەت سۆزلىرى چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە،
ئاتىنىڭ بالىغا، ئۇستازلارنىڭ ئوقۇغۇچى ـ شاگىرتلىرىغا بېرىلىدىغان نەسىھەت، ئۆگۈتلى-
رىنى كۆرسىتەتتى. مەسىلەن: «ھەي ئوغۇل مەندىن ئۆگۈت ئال» (مەھمۇد كاشغەرى)
«نەسىھەت سۆزى بار قانى تۇتاچى» (6471 ـ بېيىت)، «بۇ ئۇزلار كۆتۈردى نەسىھەتلىرى-
دىن» (6474 ـ بېيىت)، «ساڭا بەردى بۇ پەند ئۇزۇم ئاي ئوغۇل» (187 ـ بېيىت)
دېگەنگە ئوخشاش، «ئۆتۈك» سۆزى بۇ يەردە ئۇستازىنىڭ پادىشاھلارغا بېرىدىغان نەسىھەت
ۋە تەلىم مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسىدە تۆۋەنلىكنى ئىپادىلەپ تۇرۇپ
پادىشاھلارغا ئۆتۈنۈش تەرەققىسىدە بېرىلىدىغان نەسىھەت ـ تەلىم ئىپادىسىمۇ ئەكس ئېتىپ
تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇستاز ھەرقانچە دانىشمەن بولغان تەقدىردىمۇ، پادىشاھ دېگەن ئۇ
دۆلەت، ھاكىمىيەتنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئالىي ھۆكۈمدار. شۇڭا دۆلەت ئۇستازى بىلەن پادىشاھ
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە «نەسىھەت»، «پەند» تەڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزى بولمايدۇ، پەقەت
«ئۆتۈك» ئۇسلۇبى قوللىنىلىپ تەلىم بېرىلىدۇ. مەنتىقىلىق نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ «ئۆتۈ-
نۈش» سۆزى بىلەن «بېرىش» سۆزى باغلانمايدۇ.

2519 ھاجىپلارقا ئارتۇق كۆدەزگۈ ئۆزۈگ،
كۆتۈردە كۆزۈگ ھەم ئۆتۈكدە سۆزۈگ.

(هاجىپ ئۆزىنى بەك كۆزەتمىكى، قاراشتا كۆزىگە ھېزى بولمىقى، بەگكە نەسىھەت قىلىشتا ھەم دىققەت قىلمىقى لازىمدۇر)

ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆز پەيتى بولىدۇ، شۇڭا پادىشاھقا نەسىھەت - تەلىم قىلىشتا ۋاقتىنى، مۇھىتىنى، پۇرسەتنى ئوبدان كۆزىتىشى، پادىشاھنىڭ كەيپى ياخشى چاغلارنى تاللاپ ناھايىتى ئەپلىك ئۇسۇلدا پىكرىنى قويۇشى تەلەپ قىلىنغان. شۇندىلا نەسىھەت ۋە مەسلىھەتنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولاتتى. بولمىسا، بىرى ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ، يەنە بىرى پادىشاھنى تېرىكتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

بىز يۇقىرىقىدەك تەلەپلەرنى ۋەزىلەرگىمۇ قويىمىغانلىقىنى، ئىشىك ئاغىسىغىمۇ قويىماسلىقىنى كۆردۇق. پەقەت ئۇلۇغ ھاجىپنىڭلا پادىشاھقا «ئۆتۈك» بېرىش سالاھىيىتى بولغانغا قارىغاندا، ئۇلۇغ خاس ھاجىپتا دۆلەت ئۇستازلىق ئىمتىيازىنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تە يەنە ئۇلۇغ خاس ھاجىپ — دۆلەت ئۇستازىغا قويۇلغان تەلەپلەردە باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن ئالاھىدىرەك شەرتلەرنىڭ قويۇلغانلىقىنى كۆرىمىز.

بىرىنچى، ئۇلۇغ ھاجىپ ھەقىقەتچىل بولۇشتا تولۇق ۋە ھەممىگە ئۈلگە بولۇشى، دىنى كامىل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ (2436 - بېيت).

ئىككىنچى، نەسەبى ئېسىل، خۇلقى ئۈز، ئەلنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان بولۇش (2437 - بېيت).

ئۈچىنچى، ئۇلۇغ ھاجىپتا تۈمەن خىل بىلىم بولۇشى بىلەن بىرگە، زېرەك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ (2441 - بېيت).

تۆتىنچى، كۆزى توق، ھايالىق بولۇشى، ھەرگىزمۇ مال - دۇنياغا ئۆزىنى بۇزماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ.

2442. كۆزى توق كىشى ئىشتا ئالماس پارا،
بولۇر كۆلكۆلۈك ھاجىپ ئالسا پارا.

بۇ تەلەپ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تېخىمۇ تارتىدۇ. ھاجىپ دۆلەتنىڭ ئۇستازى، پادىشاھ بىلەن ئەل ئارىسىدىكى ئادىل، ھەققانىيەتچى كۆۋرۈك، نەسىھەتكۇي ئادەم تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ پارا ئېلىشىنى ئىنتايىن كۆلكۆلۈك، ئۆزىنىڭ ئىمتىيازىغا نىسبەتەن تولىمۇ مۇخالىپ ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇۋاتىدۇ.

بەشىنچى، ئۇلۇغ خاس ھاجىپ چىراي تۈرق، قەددى قامەتتە كېلىشكەن بولۇشى، ئاۋازى ئوچۇق ۋە ئەرەنچە بولۇشى تەلەپ قىلىنغان. چۈنكى:

2464 تۇرار يۈزمۇ - يۈز دائىم ھاجىپ ئۆزى،
شۇڭا كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنسۇن يۈزى.

ئالتىنچى، ئۇلۇغ خاس ھاجىپقا ئەقىل - پاراسەتلىك، قانۇن - قائىدىلەرنى تولۇق بىلىدىغان، ئوچۇق - يورۇق، مېھرىبان، تىلى گۈزەل ۋە چۈچۈك بولۇش تەلىپى قويۇلىدۇ (2473 - 2475).

يۇقىرىقى بىر قاتار شەرتلەر قويۇلغاندىن كېيىن، بۇنداق قاتتىق تەلەپ قويۇلىشىنىڭ

سەۋەبىنى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

2483 ئۇلۇغ ھاجىپ دېسە بولسۇن يۈزى يورۇق،
كېرەك بۇ پەزىلەت، بىلىملە تولۇق.

2484 تولا ئىنچىكە ئىش ئېرۇر ئىش ئارا،
ئەگەر دىققەت ئەتسەڭ ھاجىپلىق، قارا.

2485 كېرەك شۇ نەرسىلەر ھاجىپ بولغىلى،
تۇرۇپ باشتا ئەلگە يول كۆرسەتكىلى.

2489 ياشاسۇن ئۇزۇن يىللار ئىلىگ ئۆزى،
ئۇلۇغ ھاجىپ ئېرۇر ئۇ بەگلەر كۆزى.

2490 نازۇك ئىش ئېرۇر ئۇرپ، قانۇن ۋە ئۇسۇل،
بۇنى رەتلەپ ھاجىپ ئاچار ئىشىك - يول.

يۇقىرىقى بايانلاردىن روشەن بولىدۇكى، ئۇلۇغ ھاجىپلىق ئىشى تولىمۇ نازۇك، ئىنچىكە ئىش ئىكەن. چۈنكى ئۇ باشتا تۇرۇپ پۈتۈن ئەلگە يول باشلايدىغان رولچى ئىكەن. ھاكىمىيەت سەلتەنىتىنىڭ ئۇزۇن يىللار گۈللەپ - ياشىنىشى شاھنىڭ نام - ئاتىقى ئۇزۇن يىللار ياشىشى ئۈچۈن ئۇلۇغ ھاجىپ بەگلەرنىڭ كۆزى بولۇشى كېرەك ئىكەن، يەنە ئۇ پۈتۈن ئۇرپ - ئادەت، قائىدە - قانۇنلارنىڭ باش تۈزگۈچىسى ۋە ئىلىگ ۋە ئەلگە سائادەت ئىشىكىنى ئاچقۇچى ئىكەن.

بۇ بايانلاردا تەلەپ قىلىنغان بارلىق شەرتلەرنىڭ كۆپىنچىسى خاس ئۇلۇغ خاس ھاجىپقا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىمتىيازدىن ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ يالغۇزلا مەسلىھەتچى بولۇش بىلەن چەكلەنمىگەنلىكى، بەلكى ئوردىنىڭ ئۇستازى ھەم ئەلنىڭ ئۇستازى بولۇشتەك ئۇلۇغ شان - شەرەپكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

تۆۋەندىكى بېيىتتىنمۇ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئۇستازلىق ئىمتىيازى ۋە كۆۋرۈكلۈك رولى روشەن نامايان بولۇپ تۇرىدۇ:

2500 ئىچ ھەم سىرتتا كۆرسە يارامسىز قىلىق،
ئاگاھ قىلسۇن، تۈتسۇن، يوقاتسۇن ئېرىغ.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇلۇغ خاس ھاجىپ مۇئەسسەسەسى ئوردىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى بۇلغۇنۇشلارنى تۈزەش، بۇزۇقلارنى تۈتۈش، مەلۇم قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولغان. بۇ مەنىدە مەھكىمە شەرئىيدىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالىي نازارەتچى ئورۇن بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ تۇتقان ئىمتىيازى بىلەن سەلجۇقىيلاردا ئۇلۇغ ھاجىپلارنىڭ تۇتقان ئىمتىيازى ئوتتۇرىسىدا خېلى زور پەرقلەرنىڭ بولغانلىقى مەنبەلەردىن مەلۇم بولماقتا. سەلجۇقىيلار ئوردىسىدا ھاجىپنىڭ ۋەزى-

يىللىرى ئىچىدە چەت ئەل ئەلچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرەر باغلىنىشنىڭ بارلىقىغا دائىر مەلۇمات يوق ئىكەن. غەزنەۋىيلەر ئوردىسىدا چەت ئەل ئەلچىلىرى بىلەن بولىدىغان ئىشلار رەسۇلدارنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەن[①]. سەلجۇقىيلاردا ئۇلۇغ ھاجىپ ۋە ھاجىپلار ئومۇمەن ئەمىرلىك مەنسىپىگە ئىگە ھەربىي (ئەلەم ئەھلى) قۇماندانلار ئىكەن. غەزنەۋىيەلەردا ھاجىپلار ئىككى خىل ئىكەن، بىرى، ساراي ھاجىپلىرى، يەنە بىرى، قوماندان ھاجىپلار. بىراق قاراخانىيلاردا ئۇلۇغ ھاجىپ ۋە قول ئاستىدىكى ھاجىپلارنىڭ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكىگە دائىر مەلۇماتنى ئۇچراتمايمىز. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك»كە نەزەر سالغاندىمۇ ھاجىپلارنىڭ لەشكىرى ئىشلارغا قاتنىشىدىغانلىقى ۋە بۇ ھەقتە قويۇلغان بىرەر تەلەپلەرنىمۇ ئۇچراتمايمىز.

بۇ ئەھۋالدىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، قاراخانىيلاردىكى ھاجىپلىق مۇئەسسەسەسى بىلەن، سامانىيلار ۋە غەزنەۋىيلەر ئارقىلىق سەلجۇقىيلارغا ئۆتكەن ھاجىپلىق مۇئەسسەسەسى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەت ۋە ۋەزىپىلىرىدىن قارىغاندا قاراخانىيلار ئوردىسىدا ئۆزىگە خاس ئىرادە قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ ساقلانغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. يەنى قاراخانىيلار ئۆز دەۋرىدە ئەتراپىدىكى باشقا ئەللەردىن كەلگەن تەسىرلەردىن مۇستەسنا ھالدا، ئۆزىگە خاس، مۇستەقىل ئىرادە قىلىش ئەنئەنىسىنى ئىزچىل قوغداپ قالغان، دېيىشكە بولىدۇ.

× × ×

يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ 1069 ـ 1070 ـ يىللىرى «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئۇلۇغ ئەسىرىنى يېزىپ قاراخانىيلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمدارى ھەسەن بۇغراخانغا نەۋرۇز سوغىسى سۈپىتىدە تەقدىم قىلىدۇ. ھەسەن بۇغراخان ئەسەرنى كۆرگەندىن كېيىن، گۆھەر تېپىۋالغاندەك ئاجايىپ خۇشاللىقتا چۆمىدۇ ۋە يۈسۈپكە نۇرغۇن مۇكاپات، قەلەم ھەققى دەپ يەنە كۆپ مال ـ دۇنيا ھەدىيە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا خاس ھاجىپلىق مەرتىۋىسىنى بېرىپ ئۆزىگە يېقىن قىلىدۇ[②]. كېيىنچە، ئۇلۇغ خاس ھاجىپ مەرتىۋىسى بېرىلىپ يۈسۈپ رەسمىي دۆلەت ئۇستازى بولۇپ، قاراخانىيلار ئوردىسىدا يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە بولغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى ھەقىقى مەنىسى بىلەن دۆلەت ئۇستازى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىدى. ئەسەردە ئورۇن ئالغان مەزمۇن ھەرگىزمۇ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدار ئىلىگنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ئەمەس، بەلكى ھەم ئىلىگنىڭ مەنپەئىتى ھەم ئەلنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، ئەل بىلەن ئىلىگ ئارىسىدا ھەقىقىي كۆۋرۈك بولۇش رولىنى ئۆتىگەن ئىدى. بىز ئوردا بىلەن ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىنى بۇنداق بىر پۈتۈنلۈككە ئايلاندۇرغان ئىدىيىنى غەرب ۋە شەرقنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىدىن ئۇچرىتالمايمىز.

يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ ئوردىغا كىرىشتىن بۇرۇن قانداق ۋەزىپە ۋە ئىمتىيازغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. بىراق بىز شۇنى مۇقىملاشتۇرالايمىزكى، ئۇ ئوردىغا كىرىشتىن بۇرۇن بالاساغۇن ئوردىسىدا تۇرۇشلۇق يۇقىرى ئەمەل ـ مەنسەپ ئىگىسى ئىكەنلىكى مەلۇم. چوقۇمكى ئۇ ھەرگىز ئادەتتىكى كىچىك بىر ئەمەلدار ئەمەس، يەنە بىر جەھەتتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ خان جەمەتىدىن بولۇپ، مۇنتىزىم ئوردا مائارىپى تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان. يەنە بىرى ئۇ ئاساسىي قاتلامدا ۋە ئوردا ئىشلىرىدا تولۇق پىشىپ يېتىلگەن.

---

① رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، 270 ـ بەت.
② «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەزمى مۇقەددىمىسى، 60 ـ، 62 ـ بېيتلەر.

بۇ ھەقتە «قۇتادغۇبىلىك» كە ئىلاۋە يازغان ئاپتورلار يۇسۇپ خاس ھاجىپنى خېلى ياخشى چۈشىنىدۇ. «بۇ كىتابنى قەشقەر ئىلىدە تاماملاپ، مەشرىق شاھى تاۋغاچ بۇغراخان ھوزۇرىغا سۇنغاندۇر. شاھ بۇغراخانمۇ ئۇنى قەدىرلەپ ۋە ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا خاس ھاجىپلىقنى ئىلتىپات قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ دەپ نام - شۆھرىتى دۇنياغا يېيىلغاندۇر»①. يۇقىرىقى باياندا بىزگە لازىملىق بولغان ئىككى مۇھىم ئۇچۇر چاقناپ تۇرىدۇ. بىرى، ئۇنىڭ خاس ھاجىپ ئەمەلىگە مۇشەررەپ بولۇپ، شەرقىي قاراخانىيلار ئوردىسىغا كىرگەنلىكى، يەنە بىرى، ئۇنىڭ كېيىن يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ ئىمتىيازى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا داڭقى كەتكەنلىكىدىن ۋاقىپ بولالايمىز. بۇنداق زور شۆھرەتكە ئىگە بولۇشى بىرى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ جاھانشۇمۇل شۆھرىتى ئىدى. چۈنكى، ئەسەر دۇنياغا ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ئۇ پۈتكۈل شەرق دۇنياسىغا كەڭرى تارقالغان ۋە نۇرغۇن ئوردا قەسىرلىرىدە شاھلارنىڭ مەنۋى ئۇستازى بولۇپ قەدىرلىنىپ، شاھلار ئۇنى ئەڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئالغان ۋە دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ دەستۇرى قىلغان. «چىن - ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىلەركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە بۇغراخان تىلىدا تۈركىي سۆز بىلەن ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق، بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غايەت ئۈزلۈكى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن، ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەربىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەم بەردى. چىنلىقلار ‹ئادابۇلمۇلۇك› (شاھلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى) دەپ ئاتىدى، ماچىن مۇلكىنىڭ ھېكىملىرى ‹ئايىنۇل مەملىكە› (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى) دېسە، مەشرىقلىقلار ‹زىينەتۇلئۇمرا› (ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى. ئىرانلىقلار ‹شاھنامەئى تۈركى› دەپ ئات قويدى. بەزىلەر ‹پەندىنامەئى مۇلك› (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دەپ ئاتىدى. تورانلىقلار ‹قۇتادغۇبىلىك› دەپ ئات قويدى» . يۇقىرىقى ئۇلۇغلاشلار ۋە شان - شۆھرەتلەر كىتابنىڭ شەرق دۇنياسىغا كۆرسەتكەن زىل - زىلىسىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. دېمەك، ئەسەر قاراخانىيلار ئوردىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ ئۆتۈپ تۈركىستان زېمىنلىرىغىچە، پارس مەملىكەتلىرى ۋە ئەرەب دۇنياسىغىچە ئۆزىنىڭ مەنە ۋە ئۇستازلىق رولىنى جارى قىلدۇرغان ئىدى.

قاراخانىيلارنىڭ قانۇنىدا ئوردىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلىك ئورۇنلىرىغا چوقۇم تۈرك - ئۇيغۇر نەسلى بولۇش ھەم نەسلى - نەسەبى ئېرىغ - پاكىز بولغان يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى. ئۇلۇغ خاس ھاجىپقا قويۇلغان مۇھىم تەلەپلەرنىڭ بىرىمۇ نەسلى - نەسەبى ئېرىغ بولسۇن، دېيىلگەن. ئۇنداقتا يۇسۇپ خاس ھاجىپچۇ؟ يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ ئالىي نەسەبتىن، يەنى خان جەمەتىدىن يېتىلىپ چىققان ئالىم ئىدى. بۇنى ئىلاۋە ئاپتورلىرىمۇ دەلىللەپ تۇرۇپتۇ:

57 بۇ تەگى تۇرۇغلۇغ قۇز ئوردا ئەلى،
تۈپ ئەسلى نەسەبتىن يورىمىش تىلى.

(ئۇنىڭ تۇرۇغلۇق ماكانى قۇز ئوردۇ ‹بالاساغۇن› ئىلى ئىدى، ئۇنىڭ تىلى تۈپ ئەسلى نەسەبتىن يورىغان ئىدى)

① نەسرى ئىلاۋە، 34 - 39 - قۇرلار.

دېمەك، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ نەسەبى ئاساسلىق قەبىلىگە، يەنى شۇ دەۋردە ھاكىمى-يەت تۇتۇۋاتقان ياغمىلارنىڭ ئاقسۆڭەك جەمەتىگە تەۋە بولغاچقىمۇ، ئۇ ئوردىغا كىرىشتىن بۇرۇنمۇ ۋە ئوردىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ ئەل ئارىسىدا «پاك، تەقۋادار زات» دېگەن ئۇلۇغلاشلارغا ئېرىشكەن ئىدى. ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئىمتىيازى بىلەن قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. بۆلۈ-نۈش، پارچىلىنىش، داۋالغۇش ۋە ھەر تەرەپتىن خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تىنچ، ئاسايىشلىق، دۆلەت قۇدرەت تاپقان، پۇقرالار روناق تاپقان، قانۇن - تۈزۈم مۇكەممەللەشكەن ھاكىمىيەتنى قۇرۇپ چىقىدۇ. مانا شۇنداق زور داۋالغۇش دۇشمەنلىشىش، ھاكىمىيەت تالىشىش ئەۋجىگە چىققان بىر دەۋردە يۇسۇپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ ئەل بېشىنىڭ ئوردىغا كىرىپ، ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىشى پادىشاھنىڭمۇ بەختى، ئەلنىڭمۇ تەلىيى ئىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئوردىدا يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرى ۋە بۈيۈك پىلانى بويىچە دۆلەتتە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ قانداق ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغانلىقى، قانۇن - تۈزۈمگە قانداق ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈپ دۆلەتكە سائادەت ئىشىكىنى ئاچقانلىقى ھەققىدە «يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ دەپ نام - شۆھرىتى دۇنياغا يېيىلغاندۇر» دېگەن مەلۇماتتىن باشقا، بىرەر ئۇچۇردىن ۋاقىپ ئەمەسمىز. بىراق بىز تارىختىن شۇ ئىشنى بىلدۇقكى، تابغاچ بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن دادىسى سۇلايمان ئارسلانخان ۋاپات بولغاندا ۋەلىئەھدى بولسىمۇ، بىراق ياشتا كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، تاغىسى توغرۇل خاقان يۇسۇپ 1059 - يىلدىن 1075 - يىلغىچە 16 يىل خانلىق يۈرگۈزگەن. بۇ ھەقتە قاراش ئىككى خىل: پىرتساك ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئەمەلىيەتتە دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەختتە ئولتۇرغان، رەسمىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى 1075 - يىلدىن باشلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. رىشات گەنچ بۇ كۆز قاراشنى ياقىلايدۇ. يەنە بىر خىل قاراشتا، ئەبۇ ئەلى ھەسەن 16 يىل داۋامىدا تاغىسى توغرۇل قاغان يۇسۇپقا نائىپ بولغان، دېيىلىدۇ. مېنىڭچە ئىككىنچى خىل كۆز قاراشنىڭ تازا ئىلمىي ئاساسى يوقتەك قىلىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئەسىرىنى 1060 - يىلى ئەبۇئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلىدۇ. ئەگەر تەخت ئەبۇ ئەلى ھەسەندە بولماي تاغىسى توغرۇل يۇسۇپتە بولغان بولسا، ئەسىرىنى نېمە ئۈچۈن ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلىدۇ. بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپ ئىش بولىدۇ. يەنە بىرى، خاس ھاجىپلىق مەرتىۋە دۆلەتتە خاندىن قالسىلا ئىككىن-چى ئورۇندا تۇرىدىغان ئالىي ئورۇن، بۇنى ھەرگىزمۇ نائىپ خان تەيىنلىيەلمەيدۇ. ئۈچىنچى تەرەپتىن، يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بۇغراخانغا ئاتىغان مەدھىيە بابىدا ئەبۇ ئەلى ھەسەننى شۇنچە يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ تەرىپلىشى ئەسلى خانلىق ھوقۇق-نىڭ ئەبۇ ئەلى ھەسەندە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ پۈتۈن زېمىننىڭ ئۇلۇغ خان ئۈچۈن بىزەنگەنلىكىنى مۇنداق يازىدۇ:

85 بەزەندىم بەگىم بولدى خاقان ئۇلۇغ،
ئۆتۈندۈم مۇنۇ قولسا جانىم يولۇغ.

111 ئاتا ئورنى قالدى ئاتى ما بىلە،
ئادىن ماتاقى بولسۇ مىڭ مىڭ ئۇلا.

يۇقىرىقى روشەن بايانلاردىن باشقا، «پۈتۈن جاھان تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخانغا ئېتى قۇتاتسۇن، بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيالىقنى تاپسۇن، دېگەن دۇئالارنى ئوقۇشتى»، «زامان ساڭا دۆلەت ۋە تەخت بەردى، خاقان تەختكە چىققاچ جاھان تىندى» دېگەن بايانلار بار. بىز بۇنىڭدىن ئەمەلىي ھوقۇق توغرۇل خان يۈسۈپتە ئەمەس، بەلكى تاۋغاچ بۇغراخان ئەبۇئەلى ھەسەندە ئىكەنلىكىنى مۇقۇملاشتۇرالايمىز. بۇنداق بولغاندا نائىپخان تابغاچ بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئەمەس، بەلكى توغرۇل يۈسۈپ نائىپ خان بولغان بولىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىدە چەت ئەل ئاپتورلىرى نۇقتىنى قاياققا بۇرىسا شۇ ياققا قاراپ مېڭىۋەرمەي، پاكىتقا، دەلىلگە ئاساسەن يەكۈن چىقىرىش كېرەك.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئەبۇ ئەلى ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان دېگەن نام بىلەن ئۇلۇغ خان بولغاندا ياشتا كىچىكرەك بولۇشى مۇمكىن. 1054 ـ يىلى تەخت ئۇنىڭغا قارار تېپىپ تاكى 1102 ـ يىلىغىچە 41 يىل ھاكىمىيەت سورايدۇ. بىراق بىز ئۇنىڭ شۇ چاغدا قانچە ياشلاردا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. 20 ياشلاردىن يۇقىرى بولغان بولسا، ئۆزى تەخت سورۇشى مۇمكىن ئىدى. بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ كىچىكتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نى تەقدىم قىلغان چاغلاردا ئۇ 30 ياشلاردىكى قىران يىگىتكە ئايلانغان ۋە ئۆزى بىۋاسىتە ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغان دەۋرى ئىدى. شۇڭا بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك دانا، پاكدىل، يۈكسەك ئىقتىدار ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشى ئۇ پادىشاھنىڭ چوڭ ئامىتى بولغان. دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر تەرەپتىن ياش پادىشاھنى ئەتراپلىق تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن زور ئەجىر قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىزىدىن چىقىپ كەتكەن ھاكىمىيەتنى تۈزەش، توغرا يولغا سېلىش، قانۇن ـ تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ئىدى. چۈنكى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك تابغاچ بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىندە ھاكىمىيەتتە ئېغىر بۇزۇلۇش بولغان، ئەمەلدارلار چىرىكلىشىپ، قانۇن ـ تۈزۈم ھاقارەتلەنگەن، كىشىلەردىن پەزىلەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، ياخشىلار خارلانغان، يامانلار دەۋران سۈرگەن، پۇل ـ ھوقۇق كىمدە بولسا شۇنىڭغا بويۇن ئەگكەن، ئىلىملىك، پەزىلەتلىك كىشىلەر خارلانغان. باللار ئاتىسىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايدىغان، خوتۇنلارمۇ ھايا قىلمايدىغان بولۇپ كەتكەن، نۇرغۇن ئىشلار ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن. بۇ ئەھۋاللارنى يەكۈنلىگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنى قىيامەتنىڭ بەلگىسى، بەلگىسى كۆرۈنسە كېلىدىغىنىمۇ كېلىدۇ، دەپ پادىشاھنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. لېكىن ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىپ ئەلنى خاتىرجەم قىلىش ئىشى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن، ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنىڭ بىرىمۇ قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈپ، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىدى. شۇڭا ھاجىپلىق ئىشى ناھايىتى ئۇلۇغ ئىش بولۇپ، كۆرگەنلىكى ئادەم بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى (2492 ـ بېيت)، ھاجىپقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولسۇن، بەگكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولسۇن، چوڭ ـ كىچىك ئەرز ئېيتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ خاس ھاجىپنى تاپاتتى (2493 ـ بېيت). يات ئەلدىن ئەلچىلەر كەلسە ئۇلارنى قانداق كۈتۈش، قانداق ئېھسانلار بېرىشمۇ خاس ھاجىپنىڭ ئۈستىدە بولاتتى (2495 ـ بېيت). زۇلۇمدىن دەرد ئېيتىپ كەلگەن پېقىر، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئۇنى بەگلەرگە مەلۇم قىلىدىغان، ئۇلارغا يول كۆرسىتىدىغان ئىشلار (2498 ـ 2499 ـ بېيتلار) نىمۇ خاس ھاجىپ بېجىرىپ بىر ياقلىق قىلاتتى. ئومۇمەن ئەلنىمۇ رازى قىلىپ، پادىشاھنىمۇ

خۇرسەن قىلىپ، ئىككى ئارىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ يۇرۇتۇش ئۈچۈن زور دەرىجىدە زېھنى
كۈچىنى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. قارىغاندا دۆلەت دىپلوماتىيىسىنىڭ نورمال يۈلد-
ىنىش بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىدا خاس ھاجىپنىڭ ئوينايدىغان رولى مۇھىم ئىدى.
بىز يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق،
تەرتىپلىك، قانۇن - قائىدىگە ئۇيغۇن ھالدا ئورۇنلاش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ
تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن مۇنداق بىرقانچە زور ئىشلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىقىنى تەسەۋ-
ۋۇر قىلالايمىز.
ئالدى بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئوردا ئەمەلدارلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ يارامسىزلد-
ىرىنى ئوردىدىن چەتلەشتۇرۇپ، يارامىلىق، پاك، ساداقەتمەن كىشىلەرنى دۆلەتتە مۇھىم
ئىشلارغا قويغان. بۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇھىم قەدىمىنى
باسقان. چۈنكى، ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆزىدە دۆلەت يارامىلىق كىشىلەر بىلەن قەد
كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، يارامسىز كىشىلەر ئەلنى خاراپ قىلىدۇ، دەپ زاماندىن بىزار بولۇپ
تاقىقا چىقىپ ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئودغۇرمىشنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن زور
تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، يەنە بىرى ئايتولدىنى ئوردىغا كىرگۈزۈپ، ئەلدە گۈللىنىش،
پاراۋانلىق ھاسىل قىلغان.
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان مۇنداق بىر نامۇۋاپىق قانۇن -
تۈزۈم مەۋجۇد ئىدى. ئۇ بولسىمۇ دۆلەتنىڭ يۈكىنى، باج - سېلىق مەجبۇرىيىتىنى باي
ۋە كەمبەغەللەرگە ئوخشاش چېچىش ناھەقچىلىقى ئىدى. ئەگەر ئىش مۇشۇنداق داۋاملىشد-
ۋەرسە ئاخىرقى ھېسابتا نامراتلار نابۇت بولاتتى، ئوتتۇرا ھال تۇرمۇشتىكىلەر نامراتلىشات-
تى - دە، دۆلەت ھەم ئاجىزلىشىپ، ئۇلى بوشاپ كېتەتتى. شۇڭا بايلار كۆتۈرەلەيدىغان
يۈكنى ئوتتۇرا ھاللارغا ئارتماسلىق، ئوتتۇرا ھاللارنىڭ يۈكىنى ئاجىزلارغا يۈكلىمەس-
لىك، نامراتلارغا پۇرسەت بېرىپ يۆلەش كېرەك. ئۇلار ئازراق پۇرسەتكە ئېرىشسە ھاللىق
سەۋىيىگە يېتىدۇ، ھاللىقلارغا پۇرسەت بېرىلسە بېيىدۇ، نەتىجىدە دۆلەت بېيىپ قۇدرەت
تاپىدۇ، دەپ قارىغان. قارىغاندا يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن بۇ
تەسەۋۋۇرىنى ئەمەلىيلەشتۇرگەن بولسا خەلقتە زور ئىقتىسادى يۈكسىلىش بولغانلىقى
چوقۇم، ھازىرمۇ جۇڭگودا دەل يۇقىرىقى يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەكىتلىگەن سىياسەت يولغا
قويۇلىۋاتامدۇ.
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسلاھات تەدبىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم نۇقتىسى ھەربىي
قوشۇننى سەرخىللاشتۇرۇش ئىدى. ئۇ سانغا ئەھمىيەت بېرىپ، سۈپەت قۇرۇلۇشىغا
ئەھمىيەت بېرىلمىگەن ئاجىزلىقلارنى ھېس قىلغان. يەنە بىرى قوشۇن قۇرۇلۇشىدا قوماند-
دان ياخشى تاللىنىشى، ھەربىيلەرنىڭ تەمىناتىغا كۆڭۈل بۆلۈنىشى كېرەك، دەپ قارايت-
تى. ئۈچىنچى تەرەپتىن، ھەربىيلەرنىڭ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئائىلە - تاۋابىئاتلد-
ىرىغا بېرىلىدىغان نەپىقىنى تولۇق بېرىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئۆمۈرلۈك كاپالەتلىك
قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇندىلا ئەسكەرلەر دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى
قۇربان بېرىشكە ھەرقاچان تەييار تۇرالايتتى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ: قوشۇن سەر خىل
بولسا 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇنمۇ كۈپلۈك قىلىدۇ. يارامىلىق ئەسكەردىن تۆت مىڭى بولسا
يېتەرلىك .(2335 - بېيىت) ، دېگەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قوشۇننى سەرخىللاشتۇرۇش
ئۈچۈن خېلى زور تىرىشچانلىقلارنى قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.
يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 3000 بېيىتىدىن كۆپرەك قىسمىنى،

يەنى يېرىمنى دېگەندەك ئەسەردىكى تەركىي دۇنيالىقنىڭ تەشەببۇسچىسى، تەسەۋۋۇپ ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياراتقان ئوبرازى ئودغۇرمىش بىلەن بولغان سۆھبەت ۋە مۇنازىرىگە بېغىشلىغان. بۇ ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىنتايىن كەسكىن كۈرەش ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي كۈرەشنىڭ ئەدەبىي كارتىنىسى ئىدى. ئەسەر-دىكى ئودغۇرمىش ئوبرازى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان تەسەۋۋۇپ ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى ھاياتنىڭ ئەسلى ھەقىقىتىگە پۈتۈنلەي خىلاپ يول تۇتىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى بۇرمىلايدۇ، بۇ مەئىشەت دۇنياسىنى قارىلايدۇ. بىز ئەسەردە بېرىلگەن بايانلار-دىن ھايات گۈلىستانىغا ئۈششۈك تەككۈزىدىغان ئىنتايىن خەتەرلىك بىر قارا جۇدۇننىڭ خىرىس قىلىۋاتقىنىنى كۆرىمىز. ئۇلار ئۆزلىرىنى سەئىد ئەۋلادى دېگەن يۈپۈق بىلەن يۈپۈغداپ 11 ـ ئەسىرنىڭ قاراخانىيلار جەمئىيىتىگە سۇقۇنۇپ كىرىپ تەتۈر، ھايات قانۇنىيىتىگە خىلاپ تەرغىباتلارنى تارقىتىشقا باشلىغان. ئەگەر بۇلارغا يول قويسا قاراخا-نىيلار خانلىقى ناھايىتى تېز زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بولاتتى. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن دىققەت نەزەرىنى ئۇلارنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالماسلىقىغا قاراتقان. بۇ ھەقتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. نەتىجىدە ئۇلار 11 ـ ئەسىرلەردە ئۆزىنىڭ خاتا، ئازغۇن تەرغىباتلىرىنى بازار تاپتۇرالمىغان، ئەل ئارىسى-دىمۇ كۆپ ئېتىۋارغا ئېرىشەلمىگەن.

12 ـ ئەسىرلەردە ئەھمەد يەسەۋىي (1086 ـ 1116) ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قاراخانىيلار جەمئىيىتىدە ئۆزىنىڭ مىستىتىك ئىدىيىۋى ئېقىمى بىلەن زور شۆھرەتكە ئېرىشكەن. بىراق ھاكىمىيەتكە قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدا تەسەۋۋۇر قىلىش-قا ئاساسىمىز يوق. بىراق تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى پەيدا بولغاندىكى خاراكتېرىدىن قارىغان-دا، ئىسلام دىنىنىڭ كۈچلۈك سىياسى خاراكتېرىدىن خېلى زور دەرىجىدە يىراقلاشقان ئىدىيىۋى ئېقىم ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە تەسەۋۋۇپ يەنە سۈپىلىق ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ يۈپۈقى بولدى. بىراق سۈپىلىق ئىدىيىۋى ئېقىمى بىرتالاي جاھالەت ھامىيلىرىنىڭ قارانىيەت ئالدامچىلىقىنىڭ مەنىۋى قورالى بولۇپ قالدى. ئۇلار تېشىدا بىر خىل، ئىچكى دۇنياسىدا بىر خىل بولۇپ خەلقنى ئالداپ، نەچچە يۈز يىللىق جاھالەتكە، غەپلەتكە، مەدەنىيەت جەھەتتە چېكىنىشكە ئېلىپ كىردى.

بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زور تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بىر مەزگىل شەرقىي قاراخانىيلاردا خېلى زور گۈللىنىش بولغانلىقىنى، تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنىڭ زور دەرىجىدە ياخشىلانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. شۇڭا تابغاچ بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ ئۇستازلار يېنىدا بولغانلىقى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەنىۋى يېتەكلىشىدە يېرىم ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرەلىگەن. ئەپسۇسكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەرچە خېلى زور تىرىشچانلىقلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن 1040 ـ يىللىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن غەربىي ۋە شەرقىي قاراخانىيلارنى بىرلەشتۈرۈپ كۈچلۈك سىياسى گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئىشىنى ئورۇنلىيالمىغان ئىدى. بەلكىم بۇ شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولسا كېرەك. شۇڭا، «بۆلۈنگەننى بۆرە يەيدۇ» دېگەندەك قاراخانىيلار شەرقىي شىمالدىن كەلگەن كۆچمەن قەبىلە قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالدى. 1212 ـ يىلىغا كەلگەندە موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار بولۇپ، تارىخنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن چۈشتى.

# زۇلمەت ئىچىدە نۇر[1]

(ئەلىشىر نەۋائى ھەققىدە قىسسە)

مىركەرىم ئاسىم

## ھەددىدىن ئاشقان باقاۋۇل

نەۋائى قەلئە سىرتىدىكى بېغىدىن شەھەرگە بەزىدە پىيادە كېلەتتى. بىر كۈنى ئۇ فىرۇزئابات دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېلىۋاتقانىدى، ئەرەبىي ئات مىنگەن بىر توپ ئاتلىقنىڭ شەھەردىن چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى ۋە كۈمۈش يۈگەن سېلىنىغان ئارغىماقلارنى ئويناقلىتىپ كېلىۋاتقان ياش چەۋەندازلارغا قاراپ: «مىرزا ھۈسەيىن كېلىۋاتقانغا ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. ئاتلىقلارنىڭ كەينىدىن ئۇچىسىغا يەكتەك چاپان، بېشىغا قارا كۆلدىن پاپاخ كىيگەن ياساۋۇللار قولىلىرىدىكى ئەرغۇۋانى[2] تاياقلارنى ئوينىتىپ، خەلقنى پوش - پوش دەيتتى ۋە كەينىدىن كېلىۋاتقان تەختىراۋانغا يول ئاچاتتى. دەرھال يول چېتىگە چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ياكى قاچالمىغان ئادەملەرنىڭ بېشىغا تاياق كېلىپ چۈشەتتى.

قىممەت باھا تاشلار بىلەن بېزەلگەن ۋە تۆت قاۋۇل يىگىت مۈرىسىگە ئالغان تەختىراۋاندا پادىشاھ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ باقاۋۇلى مىرھاجى پىر كېلەتتى، باقاۋۇلنىڭ ئۇچىسىدا زەر ياقىلىق ئىتەكلىرى گۆھەر بىلەن بېزەلگەن ئاجايىپ تون، بېشىدا مىڭ بەخىيىلىك شاپتۇل گۇللۇك دۇپپا، قولىدا ئەرغۇۋانى تاياق، ئىككى يۈزى قىپ - قىزىل ئىدى. تەختىراۋان كۆتەرگەن يىگىتلەر بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ توختاپ قېلىشتى. ئالدىدا كېلىۋاتقان ئىككى شايى تونلۇق نوچى يىگىت ئالتۇن قەدەھكە شاراب قۇيۇپ، گېدىيىپ ئولتۇرغان مىرھاجى باقاۋۇلغا سۇناتتى. باقاۋۇل قەدەھلەرنى بوشاتقاندىن كېيىن، تەختىراۋان كېلىشكەن يىگىتلەرنىڭ مۈرىسىدە ئاستا ئۈزۈپ ماڭاتتى.

نەۋائى كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، ھەيران بولۇپ، باشمالتىقىنى چىشلىگىنىچە تۇرۇپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ: «ئاللاھ، ئاللاھ، بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى، — كۆپكۆندۈزدە ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئەڭ كىچىك بىر مۇلازىمى خالايىقنىڭ كۆز ئالدىدا شاراب ئىچىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، مىرزىنىڭ مۇلازىملىرى بېيىپ، بوسۇغىلىرى ئالتۇن بولۇپ كەتكەن ئىكەن - دە!»

شائىر بىر توپ كونا چاپانلىق، جۇلجۇل كىيىملىك كىشىلەر ئارىسىدا قىستىلىپ تۇراتتى.

— ئەمەلدارلار تويۇپ - تويۇپ يەپ، قات - قات كىيىنىدۇ، ئىچىشلىرى شاراب، — دېدى نەۋائىنىڭ يېنىدا تۇرغان ياپىلاق يۈزلۈك بىر كىشى.

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.
② تويمىكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل دەرەخ.

— سۇلتاننىڭ غەزىنىسىگە چۇشكەن يارماق ۋە دىرەملەرنى مۇلازىملىرى زايا قىلماقتا.

— قولىدىكى قەدەھدە يۇزۇمنىڭ تەرى ئېرىمەس، ئۇلۇسنىڭ قېنى بار...

— ئىلاھىم ئۇنىڭ ئىچكەن مەيلىرى گېلىدىن ئۇتسۇن...

شائىر ئۇنچۇقماي ئادەملەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالاتتى، ئىچىدە ئۇلارنىڭ گېپىنى ماقۇللايتتى، چۇنكى ئۇلار شائىرنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزنى ئېيتىۋاتقانىدى.

«بۇ لەنىتى باقاۋۇل پادىشاھلىقنى شەرمەندە قىلماقتا، ھۇسەيىننىڭ ئابرۇيىنى تۆكمەكتە. يۇقىرى تەبىقە ئەمەلدارلىرى ئىچىدە باشلانغان بۇ ئەخلاقىي بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، سۇلتاننى بۇ رەسۋاچىلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك!» بۇ پىكىر لىپ قىلىپ ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتتى. ئۇ ئاچچىقىنى باسالماي، ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

بۇگۇن شائىر سارايغا بارماقچى ئەمەستى، ئۈچ كۇن ئاۋۋال ھۇسەيىن مىرزا ھۇزۇرىدا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەنىدى، بۇگۇن باقاۋۇلنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئەلۋەتتە ئۇچرىشىش زۆرۇرلۇكىنى بايقاپ قالدى. بىراق سارايغا يېقىن بارغاندا مېڭىشنى ئاستىلىتىپ، قىلىدىغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشقا باشلىدى. بۇ گەپ سۇلتانغا باشقىچە تەسىر قىلىشى، «نەۋائى مېنىڭ مۇلازىملىرىم ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇلارنى ماڭا يامان كۆرسەتمەكچى، دەپ ئويلىشى مۇمكىن ئىدى. ياق، ياخشىسى، ئۆيگە قايتىش كېرەك! ئاقىۋەت بۇ گەپلەر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتەر.»

ئۇ كەينىگە يېنىپ ئاستا ماڭدى. خىيال دەرياسىدا ئۈزۈپ، سەرپۇلغا يېتىپ بارغىنىنىمۇ بىلمەي قالدى. بۇ كوچىدا باباپىرىي دېگەن بىر دىۋانە تۇراتتى، ئۇ ئۆتكەن - كەچكەن زەر چاپانلىقلارنى ئايىماي تىللايتتى. نەۋائى ۋەزىر ۋاقتىدىمۇ بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ تىلىنى ئاڭلىغان ۋە ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇ سەرپۇل كوچىسىدىن ماڭماسلىققا ھەرىكەت قىلاتتى. بۇگۇن بولسا ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ كېتىپ، شۇ كوچىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى.

دىۋانە نەۋائىنى كۆرۈش بىلەن ۋايساشقا باشلىدى:

— سەنمۇ ئالدىمدىن ئۆتىدىكەنسەن، ھەفت پەلەكتىن قارا يەرگە چۇشتۇڭ، ۋەلى ئايىقىڭ ئاستىدىكى تەمۇغنى[1] بايقىمايسەن، كۆزلىرىڭ ئوچۇق بولسىمۇ، ھېچنېمىنى كۆرمەيدۇ، قۇلىقىڭ ھېچنېمىنى ئاڭلىمايدۇ، — نەۋائى شارت بۇرۇلۇپ كەينىگە ياندى. دىۋانىنىڭ:

— يان، يان، بۇ يولۇڭدىن يان. ھى، سېنى... — دەپ تىللاپ قالغىنىنى ئاڭلىدى.

دىۋانىنىڭ ھاقارەتلىرى ئۇنىڭغا قاتتىق تەگكەنىدى. ئۇ ئەلەمگە چىدىماي، مۇشتىنى قاتتىق تۇگۇپ، ئاستا ئىڭرىدى ۋە ساراي ياققا قاراپ ماڭدى. بايا جۇرئەت قىلالمىغان ئىشنى ئەمدى قىلىشقا قارار قىلدى: «ئەگەر بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، باقاۋۇلدىن ئىبرەت ئېلىپ، باشقا كىچىك ئەمەلدارلارمۇ شۇنداق قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلغاي!»

سۇلتان نەۋائىنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلدى. ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرغان شائىرنىڭ مۇلدۇرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە، سولغان چىرايىغا زەن سېلىپ قارىدى ۋە:

— ئەھۋالىڭىز پەرىشان كۆرۈنىدۇ، يا بىر يېرىڭىز ئاغرىپ تۇرىدۇ، ياكى بىرسى سىزنى رەنجىتكەنگە ئوخشايدۇ، — دېدى.

---

① دوزاخ.

— ياق، ساق - سالامەتمەن، كەيپىم ياخشى.

— راستىنى ئېيتىڭ، بىر نەرسىدىن خاپا بولغاندەك قىلىسىز، — دېدى زېرەك ۋە ھۇشيار ھۇسەيىن مىرزا.

— ئەكسىنچە، بۇگۈن خۇشالمەن، چوڭ - كىچىك مۇلازىملىرىڭىزنىڭ دۆلىتى زىيادە، ئىشلىرى چوڭ ئىكەن، مەن پېقىر فېرۇزئابات دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېلىۋاتقىنىمدا، ئۇنىڭ شاھىدى بولدۇم.

نەۋائى ئالدىرىماي مىرھاجى پىر باقاۋۇلنىڭ ھەيۋە بىلەن شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى شۇنداق تەپسىلىي بايان قىلدىكى، ھۇسەيىن مىرزىنىڭ كۆزىگە ياساۋۇللارنىڭ تاياق بىلەن خەلقنى چەتكە سۈرۈۋاتقانلىقى، نەقىشلىك تەختىراۋان تۆپىسىدە ئولتۇرغان باقاۋۇلنىڭ چىرايلىق يىگىتلەر قولىدىن شارابى ناب ئىچىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ كەتتى.

— كەيكاۋۇس ۋە خۇسرەۋ پەرۋىز قىلمىغان ھەشەمەت ۋە داغدۇغىنى بىزنىڭ شاھىمىزنىڭ ئەڭ كىچىك بىر مۇلازىملىرى قىلغىنىدىن چەكسىز خۇش بولدۇم، — دەپ سۆزىنى تاماملىدى نەۋائى.

ھۇسەيىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئىچىنى بىر نېمە تاتىلاۋاتقان كىشىدەك، بىئارام بولۇپ مىدىرلاپ قويدى - دە، نەۋائىنىڭ سۆزىنى ماقۇللىغاندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە چىرايى تاتىرىپ، سۆزنى باشقا ياققا بۇرىدى. سۆھبەت ۋاقتىدا ئۆزىنى خۇددى چوغ ئۈستىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ گاھ قىزىراتتى، گاھ تاتىراتتى. يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەۋاتقان غەزەپ ئوتىغا ئاران چىداپ تۇراتتى. نەۋائى ئۇنىڭ قانداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، سۆھبەتنى چاپسانراق تاماملاشقا ئالدىرايتتى.

شائىر چىقىپ كېتىشى بىلەن ھۇسەيىنىنىڭ قوقاس ئاستىدا ياتقان غەزەپ ئوتى يالقۇنجاپ كەتتى. يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئىشىك ئاغىسىنى چاقىرىپ بۇيرۇق بەردى:

— بۇدەنە بىلەن دولانە دەرھال مىر ھاجىنى تۇتۇپ كەلسۇن!

ئۇ ھاسىراپ سۆزلەيتتى، قوللىرى تىترەيتتى. ئارىدىن چارەك سائەت ئۆتەر - ئۆتمەي چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى چەكچەيگەن باقاۋۇلنى سۆرەپ ئېلىپ كېلىشتى.

— ھە، زۇلۇك! غەزىنىنى شوراپ سەمىرىپ كەتتىڭمۇ؟ سېنى مال - دۇنيا قۇترىتىۋەتتىمۇ؟ يوشۇرغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىڭ كۆپقۇ دەيمەن! ... مەن بىلمەي بۆرىنى باقاۋۇل قىلىپ ئالغانىكەنمەن ... ئۈچىسىدىكى جامەسىنى يېچىپ ئېلىڭلار!

ھەيۋىسىدىن ئادەم ئەيمىنىدىغان دېۋىدەك بۇدەنە تىز چۆكۈپ تۇرغان باقاۋۇلنىڭ ئۈچىسىدىكى قىممەتباھالىق جامەسىنى شارت قىلىپ يېشىۋەتتى - دە:

— مىرزام، تونىنى سالدۇرۇۋالدىم، ئىجازەت قىلىڭ، ئەمدى پۇتىدىن ئېسىپ تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرىسىنىمۇ شىلىپ ئالاي! — دېدى.

— رەھىم قىلىڭ، مىرزام! بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ! ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشىكىڭىزدە ... ئىتتەك پايلاقچىلىق قىلاي، — دەپ ئىڭرىدى باقاۋۇل جان - جەھلى بىلەن ۋە ئۆمىلەپ بېرىپ ھۇسەيىنىنىڭ پۇتىنى سۆيدى.

سۇلتان مىرھاجىنىڭ بۇ پەسكەشلىكىدىن ئوڭايسىزلىنىپ، پۇتىنى تارتىۋالدى - دە، پىشانىسىنى تۇردى. چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ:

— مەيلى، تېنىڭنى ئۆزۈڭگە بېغىشلىدىم، — دېدى ۋە — ئېلىڭىڭدە يوشۇرغان ھەممە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە جاۋاھىرلىرىڭنى غەزىنىگە تاپشۇرغايسەن، كېيىن يانا سۆزلىشىمىز.

— جېنىم بىلەن ... پۈتۈن مال - مۈلكۈمنى تاپشۇرغايمەن، — دېدى باقاۋۇل ھوشىغا

كېلىپ.

سۇلتاننىڭ نەۋكەرلىرى مىر ھاجى پىرنىڭ ئۆيىدىن بىر تالاي كۆمۈش تەڭگە، زەرب[1] قىلىنغان ئالتۇن، سېپى قىممەتباھا تاشلار بىلەن بېزەلگەن پىچاق، خەنجەر، قىلىچ، لەئل، زەبەرجەدلەرنى تاپتى ۋە ئۆزىنى قەلئەگە سولاپ قويدى.

## خوجا دېھدارنىڭ ئىشلىرى

بىر كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن خوجا دېھدار سالام بېرىپ كەپقالدى. نەۋائى ئەمدى سەللىسىنى مۇلازىمى بېھلۇلغا بېرىپ، گۈللۈكنىڭ بىر چېتىدىكى سۇپىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرغانىدى.

— ۋەئەلەيكوم ئەسسالام، خوجا! ياخشى، ئۆز ئايغىڭىز بىلەن كېلىپ قالدىڭىز، سىزگە ئادەم ئەۋەتمەكچى ئىدىم، — دېدى خىيالچان كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

مىسقالى[2]سەللىسىنى پىشانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە سىڭايان قويغان، پۇتىغا سەختىيان مەسە ۋە ئىشەك تېرىسىدىن تىكىلگەن سېرىق كۆن كەش كىيگەن مېھمانغا باشتىن - ئاياق سەپ سېلىپ، جىددى قىياپەتتە:

— خوجا، رىيازەت بىلەن كۈن كەچۈرسىڭىز، ھەقىقەتەنمۇ ساھىبى كارامەت بولاتتىڭىز، — دېدى نەۋائى.

— رىيازەت ۋە زۇھد - تەقۋاغا كەمىنىنىڭ خۇشى يوق. مەن ئۈچۈن ياخشى تۇلپار، شىرىن سۆھبەت، شاراب تولدۇرۇلغان جام ۋە تاتلىق تائام بولسا، بەس.

— مەن سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى بىلگەندەك قوزا سويدۇرۇپ قويغانىدىم، — دېدى.

— كاتتا ئىش بولۇپتۇ. ئىجازەت بەرسىلە، كەمىنە قۇيرۇق مېيى، قوزى گۆشى ۋە پىياز قوشۇپ، قارامۇچ - بەديان بىلەن دۇملەپ قازان كاۋپى پىشۇراي، تەمى مېھمانلارنىڭ ئاغزىدا قالسۇن.

— جانابلىرىنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمايمەن. بۇ ئىشلارنى ئاشپەزگە قويۇپ بېرىڭ. سىز مېھمانلار بىلەن بولۇڭ، مەن ياش قەلەمكەشلەردىن ئۈچ - تۆت كىشىنى چىللىغانىدىم.

— كاتتا ئىش بوپتۇ، تەقسىر، مېھمانلار كەلگۈچە ئۇرۇق[3]سۇرۇپ تۇرساق...

— شەترەنجىنى[4]ئەتىگە قويۇپ تۇرايلى، مېھمانلار كېلىش ئالدىدا خىيالىمىزنى ئەسەبكە مىندۇرۇپ پەرىشان قىلمايلى.

ئۇلار ئۇ يەر - بۇ يەردىن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتى، ياش قەلەمكەشلەردىن بىر نەچچىسى كېلىپ، سۆھبەتكە قوشۇلدى. ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، كۈتۈلمىگەندە سۇلتان ھۈسەيىن، بەگلەردىن مۇھەممەد ۋەلىبەگ ۋە ئۈچ - تۆت نەۋكەر بىلەن بىللە كېلىپ قالدى. نەۋائى ئالدىراپ قېلىپ، ئۇلارنى كوچىدا ئەمەس، دەرۋازا ئالدىدا قارشى ئېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى، شائىرنىڭ نى - نى مېھمانلارنى كۈتۈپ ئۆگىنىپ قالغان مۇلازىملىرىمۇ، ياش قەلەمكەشلەرمۇ تەمتىرەپ قېلىشتى.

نەۋائى دەرھال ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، پادىشاھنىڭ سالىمىنى «ئىلىك» ئالدى ۋە قول قوشتۇرۇپ، شاھىنشاھنىڭ خانىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىدىن بېشى ئاسمانغا يەتكەنلىكىنى

---

① تىللا ئالتۇن.
② بۇقىرى سۇپەتلىك داكا.
③ شاخماتنىڭ ئۇرۇقى مەنىسىدە.
④ شاخماتنىڭ بىر خىلى.

ئىزھار قىلدى ۋە تاجىدار مېھماننى مېھمانخانىغا باشلاپ، تۆرگە سېلىنغان تۆت قاتلاغلىق دۇخاۋا كۆرپىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ۋە نەۋائىنىڭ باشقا مېھمانلىرى ئۆز ئورۇنلىرىنى تېپىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، سۇلتان دۇئاغا قول كۆتىرىپ:

— ئۆز ئايىقى بىلەن كەلگەن مېھمان ئاتايى خۇدا! — دەپ قويدى.

— خانەمگە ھەقنىڭ رەھمىتى ياغقان كۈن ئىكەن، يەر يۈزىنى سۇغىرىپ تۇرغان باھار بولۇتلىرى ئارىسىدىن گويا قۇياش چىقتى - دە، كۆڭلىمىزدە شادلىق چېچەكلىرى ئېچىلدى. قەدىمىڭىزگە ھەسەنات![1]

مىرزا ھۇسەيىن ئۆي ئىگىسىدىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىلىنەر - بىلىنمەس باش لىڭشىتتى.

مۇلازىملار ئاپتۇۋا - چىلاپچا ئېلىپ كېلىپ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ تۇتتى، ئاندىن دەستىخان سېلىپ، نان، مېۋە، قەنت تولدۇرۇلغان ۋازىلارنى ئېلىپ كېلىشتى. مىرزا ھۇسەيىننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان نەۋائى دەرھال نان سۇندۇرۇپ:

— مەرھەمەت قىلسىلا، — دېدى.

مېھمانلار ئاۋۋال نانغا قول سوزۇپ، كېيىن، ئەنجۈر، ئۈزۈم ۋە باشقا مېۋىلەردىن يېگەچ ئولتۇرۇشتى. باشتا گەپ قولاشمىدى. ئارىغا چۈشكەن ئېغىر سۈكۈناتنى بۇزۇپ، ھۇسەيىن بايقارا ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدە سۆز ئاچتى:

— جانابلىرى مەۋلانە ئەنسارىينىڭ «ئىلاھنامە» دېگەن كىتابىنى سېتىۋاپتۇ، — دەپ ئاڭ - لىدۇق، — دېدى ئۇ نەۋائىغا قاراپ.

— راست، بىر كۈنى كاتىپ خوجا ئەبەيدۇللا مەۋلانە ئەنسارىينىڭ مەشھۇر كىتابىنى قېشىمغا ئېلىپ كەلگەنىدى، مەزكۇر خوجا كىتاب ئېلىپ - سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كەمىنە ئۇ رىسالىنىڭ سەھىپىسىنى ئېچىپ، ئوقۇشقا باشلىدىم ۋە تۈگىگىچە يەرگە قويمىدىم.

— شۇنداق مەشھۇر كىتابىڭىز بار ئىكەن، سىزمۇ كۆرۈپ بېقىڭ، دەپ بىزگە ئەۋەت - مەپسىز، — كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى بايان قىلدى سۇلتان ھۇسەيىن.

— كەمىنە مۇناسىپ سوۋغىلار بىلەن ئالىيلىرىغا ئەۋەتمەكچى ئىدىم، ئۆزلىرى كېلىپ قالدىلا.

شۇنىڭ بىلەن يەنە گەپ ئۈزۈلۈپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ھۇسەيىن شائىر قاسىم ئەنۋەر قەسىدىلىرىنى ماختاشقا باشلىدى:

— بىز بەزىدە ئۇنىڭ شېئىرلىرى، بولۇپمۇ قەسىدىلىرى بىلەن مەشھۇر بولىمىز. مەنە مەنتىقىسىنى ھېچبىر شائىر ئەنۋەردەك ئەپلەلمىگەن، رەڭمۇ - رەڭ لىباس كىيدۈرەلمىگەن.

نەۋائى ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، بۇ چاققىچە ئۇنىڭدەك ئاتەش نەپەس شائىر بولمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىچىدە: «ئەپسۇسكى، مەۋلانە جامى بۇ يەردە ئەمەس، بولغان بولسا، ئۆز پىكرىنى ئېيتىپ، ئولتۇرۇشقا جان كىرگۈزەتتى» دەپ ئويلىدى، قولاي پۇرسەت تېپىپ، مەۋلانىنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتىشكە مىرزا ھۇسەيىندىن ئىجازەت سورىماقچى بولدى.

سۇلتانىنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان، ھاياتىدا بىر كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقمىغان مۇھەممەت ۋەلىبەگ بىلەن ئىشىك ئاغىسى ئەسنەشتىن ئۆزلىرىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇرۇشاتتى، قاچان سۆھبەت ماۋزۇسى جەڭ ۋە ئوۋ ھەققىگە كۆچىدىكىن دەپ بىئارام بولۇشاتتى. پادىشاھنىڭ توساتتىن قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىدىن ئوڭايسىزلانغان

---

[1] مۇبارەك.

نەۋائىينىڭ مۇلازىملىرى ۋە يېقىن دوستلىرىمۇ قىسىلىپ - تارتىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نەۋائى خىجىل بولاتتى، تاجدار مېھماننىڭ كۆڭلى ئۈچۈن زورمۇ - زور باشلانغان شېئىر بەھسىنى جانلاندۇرۇشقا تىرىشاتتى، بىراق گەپنىڭ مۇقامى كەلمەي، سۆھبەت گۈلخانى ھە دېسە ئۈچۈپ تۇراتتى.

ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي، دەستىخاندىكى تاتلىق تۈرۈملەرنى ئېلىپ كېتىپ، ئورنىغا كەلتۈرۈلگەن غاز كاۋىپى، قورداق، كابلى شورپا[1] نىڭ ئىللىق ھىدى كېلىپ دىماققا كىرىشكە باشلىدى. شېئىر، قەسىدە توغرىسىدا گەپ باشلاپ ئولتۇرۇشنى قىزىتالماي قىينالغان سۇلتان ھۇسەيىن يېنىك نەپەس ئېلىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان بېھلۇلغا قاراپ كۈلدى:

— مەخدۇم، سىزنى مۇسەللەس سېلىشقا ئۇستا دەپ ئاڭلىغانمەن، سۈزۈپ قويغىنىڭىزدىن باردۇر؟

— راست، شاھىم، كەمىنە بۇ بابتا ماختانسا ئەرزىيدۇ. ئەگەر لۇتۇف - كەرەم ئەيلەپ، ئەھبابلار بىلەن بىر - ئىككى پىيالىدىن نوش قىلىسىلا ... ئۆزۈمنى بەختىيار سانايتتىم.

نەۋائى شارابتىن سۆز ئېچىلغىنىدىن مۇستەر بولۇپ، خىجالەت بولدى. ئۇ بېھلۇلدىن خاپا بولمىدى، چۈنكى سۇلتان بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىر پىيالە شارابقا تەكلىپ قىلىشى ئورۇنلۇق ئىدى. بىراق ئۇ ئەمدى مەۋلانە جامىنى چاقىرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئېچىندى. شاراب ئېچىلىۋاتقان يەرگە ئۇ كىشىنى چاقىرىش تولىمۇ بىئەدەبلىك بولاتتى.

مىرزا ھۇسەيىننىڭ سول تەرىپىدە زېرىكىپ ئولتۇرغان مۇھەممەد ۋەلىبەگ شاراب ھەققىدە گەپ بولغاندا، جانلىنىپ، مىدىرلاپ قويدى.

ساراي شارابچىسى دالاندا بېھلۇل سۈزۈپ قويغان شارابتىن بىر يۇتۇم ئىچىپ: «شاھلار ئىچسە ئەرزىگۈدەك ئىكەن» دەپ ماختىدى، بېھلۇل ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدا بىر پىيالە ئىچىۋالدى - دە، پىيالىنى تولدۇرۇپ، پادىشاھقا يېقىنلاشتى. ئۇڭ تىزىنى يەرگە قويۇپ، ئىككى قولى بىلەن سۇندى. ھۇسەيىن نوش قىلىپ بۇرۇتىنى سۈرتتى - دە:

— شارابى ناب بوپتۇ. ئاتا نەسىھەتىدەك ئاچچىق ۋە پايدىلىق، ئەمما نەسىھەتنىڭمۇ ئېزى ياخشى، — دېدى. بۇ بىر پىيالە بىلەن بەس قىلايلى، دېگەن گەپ ئىدى. ئۇ نەۋائىينىڭ بىر پىيالىدىن ئارتۇق ئىچمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى، قالغانلارمۇ بىر پىيالىدىن ئىچىشىپ كېيىن ئىشتىھاسى ئېچىلغان مېھمانلارنى گۆللۈك تاۋاقلاردا كاۋاپ ۋە قورداقلارنى «ئېلىڭ، ئېلىڭلار» دەپ قىستاشنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

مىرزا ھۇسەيىننىڭ ئىككى يۈزى قىزارغان، ئۈچىسىدىكى كۆك شايى چاپىنى ئوت ياققاندا كۆپكۆك بولۇپ يانىدىغان ئۆتكۈر ھاراق يالقۇنىغا ئوخشاش جۇلالىناتتى.

ئوتتۇرىدىكى تاۋاقلار ئېلىۋېتىلىپ، دەستىخانغا دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن نەۋائى:

— بابا مەۋلانە جامى ھەزرەتلىرىنىڭ نېسىۋىسىنى ئېلىپ قويۇڭلار، دەپ تاپىلىغانىدىم، ئەگەر رۇخسەتى ئالىي بولسا، بىر ئادەمدىن ئەۋەتسەك ... — دېدى.

— ياخشى قىپسىز، خالايتتىمكى، مەۋلانەنىڭ ئۈلۈشىنى خوجا دېھدار يەتكۈزۈپ بەرسە، مەۋلانە بىر كۈنى بىزگە: «خوجا دېھدارنى كۆرسەم، خوشال بولاتتىم ۋە مەندە چاقچاق - كۈلكىگە ھەۋەس پەيدا بولار ئىدى» دەپ ئېيتقانىدى.

پەگادا ئولتۇرغان دېھدار دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ، قول قوشتۇردى.

---

① گۆش - تۇخۇم ۋە تۈرلۈك دورا - دەرمەكلەر بىلەن تەييارلانغان شورپا.

ــ خوجا، نېمە ئۇچۇن باياتىن بېرى ئاۋازىڭىز چىقمايدۇ؟ ــ دەپ سورىدى ھۇسەيىن.

ــ ئالىي ھەززەت، تاماق يېيىش بىلەن مەشغۇل ئىدىم.

ــ ئالدىڭىزغا تائام كەلگەندە ئەھبابلارنى ئۇنتۇپدىكەنسىز - دە!

ــ كەمىندە شۇنداق قۇسۇر بار، مەئزۇر تۇتۇڭ.

ــ دەرھال ئەمرىڭىزنى بەجا كەلتۇرسىڭىز، ئۆزرۈڭىزنى قوبۇل قىلارمىز.

ــ خىزمەت كەمىرى دائىم بېلىمدە، ــ دەپ خوجا تەزىم قىلدى - دە، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

مېھمانلار كۇلۇپ قېلىشتى.

مەۋلانە ئابدۇررەھمان جامى ھاسىغا تايىنىپ، مېھمانخانىسىدىن چۈشۈپ، ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىۋاتقانىدى، دەستىخانغا ئوراغلىق چىنى لىگەننى كۆتۈرۈپ دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان دېھدارنى كۆرۈپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى. سەكسەنگە يېقىنلىشىپ قالغان مەۋلانە جامى تېخى خېلىلا تېتىك، چاققان، كېلىشكەن قېرىلاردىن ئىدى. قامىتى ئازراق مۇكچەيگەن، پوتىنى پاختىلىق چاپان ئۇستىدىن بەش - ئون قېتىم ئايلاندۇرۇپ باغلىۋالغان، ئۇزۇن ھاسىسى بېشىدىن بىر غېرىچ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

ــ قەدەملىرىگە ھەسەنات، كېلىڭ، خوجا، ــ دەپ كۇلدى ئۇ سالامنى ئېلىك ئالغاندىن كېيىن، ــ نېچۈك خۇدا مېھىر - شەپقەت ياغدۇرۇر.

دېھدار نەۋائىنىڭ ئۆيىگە ئەزىز مېھمانلار كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ:

ــ جانابلىرىنىڭ نېسۋىسىنى ئەۋەتتى، ــ دېدى.

ــ ياخشى بوپتۇ، قېنى، مېھمانخانىغا مەرھەمەت.

خوجا ساھىبخانىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ مېھمانخانىغا كىردى. قارىمۇ - قارشى ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن دەستىخاننى ئېچىشتى، دورا - دەرمەكلەر بىلەن پىشۇرۇلغان تاماقنىڭ ھىدى مېھمانخانىنى بىر ئالدى.

ــ قېنى، مەرھەمەت، ــ دەپ ساھىبخان تاماققا قول سوزدى، ــ ۋاي، نېمىشقا ئالمايسىز؟

ــ تەقسىر، قورسىقىمنى تويغۇزۇۋالغانىدىم.

ــ يېگىنىڭىز يولدا چۈشۈپ قالغاندۇر، قېنى، ئېلىڭ، بولمىسا مەنمۇ يېمەيمەن.

ــ قورسىقىم ئاچمىغان بولسىمۇ، كۆڭلىڭىز ئۇچۇن تاناۋۇل قىلىمەن. سىز بىلەن بىر تاۋاقتا تاماق يېيىش ساۋاب، ــ دەپ يېسە تاشىنىمۇ ھەزىم قىلىۋېتىدىغان خوجا قۇيرۇق ياغ بىلەن پەش گۆشىنى يېيىشكە باشلىدى. مەۋلانە قۇيرۇق ياغنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ، مايسىزراق گۆش پارچىسىنى تاللاپ يېدى ۋە بىر نەرسىلەرنى ئويلاپ، خىيالەن كۇلۇمسىرەيتتى.

دەستىخانغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، خوجا كېتىشكە رۇخسەت سورىدى.

ــ ئازراق سەۋر قىلىڭ، ئامانەتنى ئالغانلىقىمغا «تىل خەت» يېزىپ بېرەي، ــ دە كۇلدى مەۋلانە ۋە بىر ۋاراق قەغەزگە بىر نەرسىلەرنى يازدى - دە، قاتلاپ، دېھدارغا بەردى. خوجا «تىل خەت»نى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. يولدا بىرنەچچە قېتىم ئېچىپ ئوقۇغۇسى كەلدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتتى. «خەقنىڭ مەكتۇبىنى ئوقۇش ياخشى ئەمەس، سەۋر قىلاي» دېدى.

نەۋائى پادىشاھنى قەسىرگىچە ئۇزۇتۇپ قويۇپ، قايتىپ، ئەمدى دەم ئالاي دەپ تۇرغاندى. خوجا: «مەن ئېلىپ بارغان نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى ھەققىدە مەۋلانە تىل

خەت بەردى» دەپ شىلدىراق قەغەزنى سۇندى، شائىر قەغەزگە كۆز يۈگۈرتۈپ كۈلۈۋەتتى:

— مەۋلانە بۇ رۇبائىنى ماڭا ئەمەس، سىزگە ئېيتىپتۇ، ئوقۇڭ، — دەپ «تىل خەت»نى ياندۇرۇپ بەردى. خوجا دېھدار قەغەزنى ھۆرمەت بىلەن ئوڭ قولىغا ئېلىپ، بېشىنى سول تەرەپكە، كەينىگىرەك قىلىپ ئوقۇدى:

> ئەي خوجا، مەرازى لۇتفى خۇددا پەرۋەردى،
>
> زى ئاۋەردەنى پۇشتى دۇنبە فەربىھ كەردى.
>
> پۇشى ـ دۇنبەرا بە رەغبەت خوردى،
>
> بۇردى باشكەم ئانچى بەخۇشت ئاۋەردى! ①

ئوقۇپ بولدى ـ دە، قورسىقىنى سىلاپ كۈلۈۋەتتى. نەۋائىمۇ كۈلكىسىنى باسالمىدى. ئۇ ئۆزۈندىن بىرى مۇنداق يايراپ كۈلمىگەنىدى. غەش بولۇپ تۇرغان كۆڭلى غۇباردىن تازىلانغاندەك بولدى.

— خوجا، بۇنى ماڭا بېرىڭ، ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇبارەك قەلەملىرى تەگكەن بۇ قەغەزنى ساقلاپ قوياي.

— جېنىم بىلەن، ئەگەر ئىمكان تاپسام، يانا ئۇ كىشىنى تاۋاب قىلىپ، مۇشۇنداق بىر رۇبائى ئېلىپ كېلەرمەن.

نەۋائى ئابدۇررەھمان جامى ھەققىدە ئۆز ئەسلىمىلىرىنى يازماقچى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رۇبائىنى خۇددى كۆز قارچۇقىدەك ساقلاپ يۈردى.

* * *

ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندە يەنە نەۋائىنىڭ ئۆيىگە مېھمانلار كەلدى. بۇ قېتىم دېھدارنىڭ ئۆزى پاقلان گۆشى بىلەن قۇيرۇقىنى پىياز بىلەن دۈملەپ، ئاجايىپ بىر خىل تاماق تەييارلىدى. مېھمانلار كەتكەندە نەۋائى خوجىنىڭ ئۆتكەنكى ۋەدىسىنى يادىغا سالدى.

— بىر تاۋاق گۆش ئاپىرىپ، مەۋلانەدىن يانا تۆت مىسرا شېئىر ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى كۈلۈپ.

— جېنىم بىلەن، سىزدىن بىر رۇبائى قەرزدار ئىكەنلىكىم يادىمدا. قەرزىمنى ئۆزمەيچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

«بۇ قېتىم مەۋلانە جامى نېمە دەپ يازاركىن؟» دەپ ئويلىدى دېھدار يولدا، دەستىخانغا ئوراقلىق چىنى تاۋاقنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ.

مەۋلانە خوجا دېھدارنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئېلىپ كەلگەن تامىقىنى بىللە يېيىشكە تەكلىپ قىلدى:

— تەقسىر، مەن قورسىقىمنى تويغۇزۇپ كەلگەنتىم، ئۆزلىرى يەۋەرسىلە.

— ئەي، بۇ قېتىم ھەم قورسىقىڭىزدا، ھەم قولىڭىزدا يۈك بىلەن كېلىپسىز، سىزگە جاپا بوپتۇ. ئېيتىپ بېقىڭچۇ، قەيەرلەردە قورساق تويغازدىڭىز؟

ئۇ بۇ سوئالنىڭ نېمە مەقسەتتە سورالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي، ئەجەپلىنىپ:

— نەۋائى ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆيىدە، — دېدى.

---

① تەرجىمىسى:
ئەي خوجا، ماڭا لۇتفى كەرەم ئەتتىڭىز،
قەرت دومبا بىلەن كۆتۈپ خورسەنت ئەتتىڭىز.
قويىنىڭ قۇيرۇقىنى يەپ، كۆتۈرۈپ كەلگەن
يۈكنى قارنىڭىزغا قاچىلاپ كەتتىڭىز.

ـــ ھە! ـــ دەپ قويدى مەۋلانە مىيىقىدا كۈلۈپ، ئاندىن ياغىسىز يۇمشاق گۆش پارچىلىرىنى تاللاپ يەپ، قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ئوغۇللىرىنى چاقىردى. ئىچكەركى ئۆيدىن ئاجىز، چىرايلىق بىر يىگىت چىقىپ، مېھمانغا سالام بەردى ۋە چىنى تاۋاقنى ئىچكىرى ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

خوجا دېھدار قۇرۇق كەتمىسۇن، دەپ ئىچىگە نان سېلىپ قويغان تاۋاقنى دەستىخانغا ئوراپ ئورنىدىن تۇرغاندا، مەۋلانە كۈلۈمسىرەپ:

ـــ ئالدىرىماڭ، بىر قىتئە يېزىپ بېرەي، ـــ دەپ بىر ۋاراق قەغەزگە مانا بۇ تۆرتلىكنى يازدى.

به دېهدار گۇفتەم كى بەردار بەخش،
ئەز ئاپ سۇفرەكا ۋەي سەر ئەفراشتەم،
زى ئىنساف دەم زەد ئەز ئان بەخشى مەن،
هامان پەسكى دەر روھ بەرداشتەم.①

خوجا دېھدار بىر دەمدە يېزىلغان بۇ قىتئەنى ئوقۇپ، قاتتىق كۈلۈۋەتتى.

## ساندۇق سائەت

نەۋائىنىڭ كىتابلىرى كۆپىيىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنى رەتلىك ساقلاش ئۈچۈن بىر كىتابدار كېرەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا مۇھەممەد نەققاش دېگەن بىر كىشىنى تەۋسىيە قىلدى.

مۇھەممەد نەققاشنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق ئىدى. ئۇ تاش ۋە ياغاچقا ئويما نەقىش سالاتتى، مىسكەرلىك، ياغاچچىلىق، مۇقاۋىچىلىق ۋە باشقىلارنى بىلەتتى. ئۇ نەۋائىنىڭ تەكلىپىنى جان دەپ قوبۇل قىلدى.

بىر كۈنى شائىرنىڭ ئۆيىگە يېقىن دوستلىرى كەلگەنىدى. مېھمانلاردىن خوجا دېھدار تاكچىغا تىزىلغان چىنى لىگەن ۋە ۋازىلارنى تاماشا قىلىپ:

ـــ چىنى قاچا ياساشتا ھېچكىم جۇڭگولۇقلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، ـــ دېدى، ـــ ئۇلارنىڭ ھۈنىرىگە قايىل بولماي ئامالىڭ يوق...

ـــ راست، ـــ دېدى نەۋائى ئۇنىڭغا قاراپ، ـــ جۇڭگو چىنىسى ئالەمگە مەشھۇر، ئەمما تىرىشسا بىزنىڭ ئۇستىلارمۇ شۇنداق چىنى ـ قاچىلارنى ياساپ چىقالايدۇ، بىزدە چىنى ياسايدىغان ئاق لاي، ھاك تاش ۋە باشقىلار بار.

ـــ ئادەم ياسىغان نەرسىنى ئادەم ياسيالايدۇ، ـــ دەپ سۆزگە ئارىلاشتى پەگادا تۇرغان مۇھەممەد نەققاش.

ـــ بارىكاللا، ـــ دېدى نەۋائى كۈلۈپ، ـــ مەن سىزدىن شۇ سۆزنى كۈتكەنىدىم. سىز ماھىر بىر كۇلال تېپىپ، شۇ ئىشقا تۇتۇش قىلسىڭىز، جۇڭگو ئۇستىلىرىدەك چىنى ـ قاچىلارنى ياسايتتىڭىز.

ـــ كېلىڭ، ھاجى مۇھەممەدكە ئاق يول تىلەيلى، ھىراتنىڭ ئاق لېيىدىن بىزگە فارفۇر

---

① تەرجىمىسى:
تاماقنى بەر بولۇپ دېدىم دېھدارغا:
سىزمۇ بەلا، مەن ئالدىم تۇز نىسۋەمنى.
ئىنسابقا كېلىپ ئۇ دېدىكى، ماڭا—
بولدا ئالغانتىم، تۇز نىسۋەمنى.

ئىدىش - قاچا ياساپ بەرسۇن، — دېدى خوجا دېھدار.

دوستلىرىنىڭ مەدىتى مۇھەممەد نەققاشنى غەيرەتلەندۈرۈۋەتتى. ئۇ ئۆزىگە ئوخشىغان ئىشچان ۋە ماھىر بىر كۇلالنى تېپىپ، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئىككىسى يەڭ تۈرۈپ، ھاك تاش ۋە ئاللىقانداق سۇزۇك كۆك تاشلارنى ھاگانچىدا يانچىپ، ئەگلەكتىن ئۆتكۈزدى، ئاھەنرابا ياردىمى بىلەن ئۇنى تۆمۈر زەردىلەردىن تازىلاپ، كېيىن لاي قىلىپ، تازا پۇشۇردى. ئاندىن كېيىن بۇ لايدىن كۇلال دەستىگاھىدا تاۋاق، ۋازا ۋە باشقا قاچا - قۇچىلارنى ياسىدى ۋە ئۇلارنى خۇمداندا پۇشۇردى. مۇھەممەد نەققاش كۆكۈش تاشلارنى ئېزىپ، ئەگلەكتىن ئۆتكۈزدى ۋە ئۇنىڭغا ئاللىقانداق بىر نېمىلەرنى قوشۇپ «سىر» تەييارلىدى، ئىدىشلارنى سىرلاپ، شۇنداق نەقىش بەردىكى، ئۇلارنى جۇڭگو چىنىلىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى، چەكسىز جاراڭلايتتى.

مۇھەممەد نەققاش شۇ ئىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەندە كۆڭۈلسىز بىر ھادىسە يۈز بەردى. ئۇ نەۋائىغا زۆرۈر بولۇپ قالغان بىر كىتابنى تاكچىدىن ئالىمەن، دەپ ئۇنى تام ئاستىدىكى سائەت ئۈستىگە چۈشۈرۈۋەتتى. سائەت توختاپ قالدى. نەۋائى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق خاپا بولدىيۇ، لېكىن ئۈنچىقمىدى. نەققاش ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن:

— ئىشتىن قولۇم بوشىغاندىن كېيىن سائەتنى تۈزەپ بېرىمەن، — دەپ ۋەدە قىلدى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، شائىر نەققاشنى چاقىرىپ:

— سىز ماڭا بىر سائەت قەرزدارسىز، — دېدى چاقچاق ئارىلاش، — تۈنۈگۈن مەن مۇبارىز بەگنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغانىدىم. فەرەڭگىستاندىن[1] كەلگەن سودىگەرلەر ئۇنىڭغا ساندۇق شەكلىدىكى بىر سائەت سوۋغا قىلىپتۇ. بۇرۇن ئەرەبلەر بۇنىڭدىن ياخشىراق سائەتلەرنى ياسىغانىكەن، لېكىن بۇ ھۈنەرنى تاشلىۋەتكەنىكەن. ئىلمۇ - ھۈنەر قويىدەك ئازغىشىپ، فەرەڭلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەمدى يوقالغان قويىنى تېپىۋېلىش كېرەك.

نەۋائى «ساندۇق سائەت»نى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ، نەققاشقا خۇددى شۇنداق بىر سائەت ياساشنى تەكلىپ قىلدى، مۇھەممەد نەققاش ئۈنچۈقماي يەرگە قاراپ قويىدى.

— ھە، نېمىشقا ئاۋازىڭىز چىقماي قالدى؟ بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتامسىز؟ كۆز قورققاق، قول باتۇر، دېگەن گەپ بار…

— ئەگەر ياخشى بىر تۆمۈرچى بولسا، ياسىيالايمىز، — دېدى نەققاش ئويلىنىپراق، — بىر ئۇستا بار، ئىسمى سەربانەلى. ئۆزى تۆمۈر، پولات، جەزدىن قىلىنىدىغان ھەممە بۇيۇملارنى ياساشنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇ پۇلغا بەك ئامراق…

— بىز پۇلدىن قاچمايمىز، شۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقسىلا بولدى، — دېدى نەۋائى، — بېرىڭ، شۇ تۆمۈرچى بىلەن كېلىشىپ، ساندۇق سائەتنى كۆرۈپ، ئەندىزە ئېلىپ كېلىڭ. مەن سىزگە بىر مەكتۇپ يېزىپ بېرەي. ئەگەر شۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقسىڭىز، تارىختا نامىڭىز قالغاي.

نەۋائىنىڭ سۆزى نەققاشنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشتى. ئۇ يېڭىنى تۈرۈپ، ئىشقا تۇتۇش قىلدى.

ئارىدىن ئىككى - ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن تۆمۈرچى بىلەن نەققاش ئېغىر بىر «ساندۇق»نى كۆتۈرۈپ، نەۋائىنىڭ مېھمانخانىسىنىڭ تۆرىگە تىك تۇرغۇزۇپ قويۇشتى. شۇ كۈنى كەچتە نەۋائى نەققاشنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرىنى

---

① فرانسىيە، ياۋروپا دېگەن مەنىدە.

تەكلىپ قىلدى.

سائەت دەل يەتتە بولغاندا ساندۇقنىڭ قاپقىقى جاراڭلاپ ئېچىلدى. ساندۇق ئىچىدە تۆمۈردىن ياسالغان بىر ھەيكەل تىك تۇراتتى، ئۇ قولىدىكى تۆمۈر تاياق بىلەن ئالدىدىكى ياپىلاق مىس پارچىسىغا يەتتە قېتىم ئۇردى ۋە ئىشىك يېپىلدى.

— بارىكاللا!

— ھاجى مۇھەممەد بىنەزەر ئۇستا، — دېيىشتى مېھمانلار ياقىلىرىنى كۆتۈرۈپ.

— ھە، سائەت ساندۇق ئېچىلىپ، ئىچىدىكى ھەيكەل، مەسىلەن، سائەت ئىككى بولغاندا ئىككى، ئۈچ بولغاندا ئۈچ قېتىم چاڭ چالىدۇ ۋەھاكازا، — دەپ ئىزاھ بەردى نەۋائى خۇش بولۇپ.

## كىتابدارنىڭ خاتاسى

نەۋائىنىڭ ئۆيى سۇ سەپكەندەك جىمجىت، ھەممە ئادەم پۈتىنىڭ ئۇچىدا ماڭاتتى، بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى. شائىرنىڭ ئۆزى ھېچكىم بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىماي، ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن ئېتىۋالغان، بۇگۇن ھۇزۇرىغا ھېچكىمنى كىرگۈزمەسلىكىنى بۇيرىغانىدى. ئۇنىڭ سادىق مۇلازىمى بېھلۇل ھەرقانچە ئېھتىيات قىلسىمۇ گاھ بىر نەرسىگە سوقۇلۇپ كېتەتتى، گاھ بىرەر نەرسىنى قولىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ، لېۋىنى چىشلەپ قالاتتى.

نەۋائىنىڭ كىتابدارى ھاجى مۇھەممەد نەققاش ئۆزىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بۇ ئۆينى تەرك ئېتىشكە ھازىرلىنىۋاتاتتى. ئۇ گۇناھ قىلىپ قويغان بالىدەك يەردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، بىرەرسىنىڭ يۈزىگە تىك قارىيالمايتتى.

بۇنىڭدىن ئىككى ئايدەك ئىلگىرى مۇنداق بىر ھادىسە يۈز بەرگەن ئىدى.

نەۋائى كىتابدارنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ:

— خوجا دېھدارغا جامىي ھەزرەتلىرىنىڭ دىۋانلىرىنى بېرىڭ، ئۇنى باشقا سوۋغىلار بىلەن ياقۇپبەگكە[1] ئەۋەتمەكچىمىز. دېھدار بىزدىن تەبرىز سۇلتانىغا ئەلچى بولۇپ بارىدۇ، — دېگەنىدى.

كىتابدار باش ئېگىپ چىقىپ كەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر - خىيالى يېڭى بىر سائەت ياساش بىلەن بەند ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ كېتىپ، نەۋائى ئېيتقان كىتابنىڭ ئورنىغا باشقا بىر كىتابنى — ئىبن ئەرەبىينىڭ «فۇتۇھاتى مەككىيە» دېگەن كىتابنى ئەلچىگە بېرىۋەتتى، چۈنكى جامىينىڭ دىۋانى بىلەن ئىبن ئەرەبىينىڭ كىتابىنىڭ مۇقاۋىسى بىر خىل، سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن بۇ ئىككى كىتابنى بىر - بىرىسىدىن ئايرىلغىلى بولمايتتى. خوجا دېھدارمۇ كىتابنى ئېچىپ قارىمايلا، ئۇنى باشقا قىممەت باھا نەرسىلەرنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويىدى.

داللار، دەريالار ئاۋات شەھەرلەر، سۇ سەپكەندەك جىمجىت يېزا كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، بىر نەۋكىرى بىلەن دېھدار تەبرىز شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. تۈركمەن سۇلتانى ئۇنى ئانچە كۆتكۈزمەيلا قوبۇل قىلدى.

ياقۇپبەگ تېخى ياش بولسىمۇ، ئىران ۋە ئەرەب تىللىرىنى ياخشى بىلەتتى، شۇنداقلا

---

[1] ياقۇپبەگ — ئاققويۇنلىرى سۇلالىسىدىن ئىراق ئەزەربەيجانى (پايتەختى تەبرىز) ھۆكۈمدارى (1479 ـ 1490).

تۈركىي تىللاردا يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇپ، چۈشىنەتتى. ئۇ ئۆزىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن تۈركمەن سۇلتانلىرىدەك ھىراتقا قارشى دۈشمەنلىك سىياسىتىنى قوللانماي، ئەكسىچە، ھۈسەيىن بايقارا بىلەن دوستلۇق شىۋىسىدە سۆزلىشىشكە ئۇرۇناتتى. نەۋائىينىڭ سەۋەبى بىلەن ھىرات ۋە تەبرىز ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە يىپلىرى كۈندىن - كۈنگە مۇستەھكەملەنمەكتە ئىدى. ياقۇببەگ نەۋائىيغا ئىخلاسمەن بولۇپ، ئۇنىڭ غەزەللىرىنى يادلاپ يۈرەتتى. ئۆز پايتەختىدە شۇنچىۋالا مەشھۇر شائىرلار، سەنئەتكارلارنى توپلىغان سۇلتان ھۈسەيىنگە ھەۋىسى كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشقا، ھەممىشە ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىشقا ئۇرۇناتتى.

ھۈسەيىن بايقارا ئەلىشىر بىلەن تۈركمەن سۇلتانىنىڭ بىر - بىرىسىگە سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ تۇرۇشلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دوستلىقىدىن ئۆز مەۋقەسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا ھەرىكەت قىلاتتى. شائىرنىڭ غەربىي ئىران بىلەن خۇراسان ئوتتۇرىسىدىكى كونا ئاداۋەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىشكە ياردەم قىلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

ياقۇپبەگ ئۆزبېكچە، تۈركمەنچە سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەڭ ئالدى بىلەن ھۈسەيىن بايقارانىڭ، كېيىن ئەلىشىرنىڭ سالامەتلىكىنى سورىدى ۋە ئەلچىنىڭ يولدا قانداق كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلدى:

— يولدا ھارمىدىڭىزمۇ؟ دېمىڭىز سىقىلمىدىمۇ؟

دېھدارنىڭ ئىككى يۈزى قىپقىزىل بولۇپ، سەپەرنىڭ ئۇنىڭغا ياققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ياق، ئەلاھەزرەت ھارمىدىم، ھەم زېرىكمىدىم، يولدا ھەمرايىم بار ئىدى، — دېدى سۇلتاننىڭ تۈركمەنچە قىلىپ قىردۇرغان قاپقارا ساقىلىغا قاراپ.

— يولداشىڭىز كىم بولىدىكىن، بىلىشكە بولامدۇ؟

— مەۋلانە ئابدۇرەھمان جامىي ھەزرەتلىرى! ... — ياقۇببەگنىڭ تەئەججۈپلەنگەنلىكىنى بايقاپ، قوشۇپ قويدى، — راستى، ئۇ كىشىنىڭ غەزەللىرى. ئۇ زاتى بابەرەكياتنىڭ دىۋانلىرىنى ئەلىشىربەگ جانابلىرىدىن سوۋغا قىلىپ ئېلىپ كەلدىم. يولدا زېرىككىنىمدە ئۇ مۇقەددەس كىتابنى ئېچىپ، ھېكمەت غەزىنىسى بولغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، كۆڭلۈم بۇ فانىي دۇنيا تەشۋىشلىرىدىن فارىغ بولۇپ، ئەدەبىيات نۇرى بىلەن مۇنەۋۋەر بولاتتىم ۋە ...

ياقۇپبەگ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ، قولىدىن كىتابنى ئالدى ۋە بىرىنچى سەھىپىسىنى ئېچىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئالدىراپ - تېنەپ كىتابنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. يولدا تېپىۋالغان ھەميانىدىن تىللا ئەمەس، مىس تەڭگە چىقىپ قالغان كىشىدەك لەۋلىرى ساڭگىلىدى. كېيىن خوجا دېھدارغا تىكىلىپ قاراپ قالدى: «نەۋائىينىڭ ئەلچىسى مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامدۇ»، دېگەن پىكىر خىيالىغا كەلدى ۋە قىزىرىپ كەتتى. باشقا ئادەملەرنىڭ ئەلچىسى بولغاندا بۇ مەمەدانىنى زىندانغا تاشلايتتىم. لېكىن ئۇلۇغ نەۋائىينىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسىنى خورلاش، شائىرنىڭ ئۆزىنى خورلاش بولىدۇ. ئۇ پىكىر - مۇلاھىزە بىلەن ئۆز غەزىپىنى بېسىشقا ئۇرۇندى. ئېھتىمال، ئەلچى ئۆزىنىڭ قانداق كىتاب ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن بىخەۋەردۇر. ئەڭ ئاۋۋال بىر سىناپ بېقىش كېرەك.

— جانابلىرى، يولدا راستىن مەۋلانە جامىينىڭ غەزەللىرىنى مۇتالىئە قىلىپ كەلدىڭىزمۇ؟

ياقۇپبەگنىڭ ئەۋزايىدىن چوڭ بىر خاتاغا يول قويغىنىنى بايقاپ قالغان دېھدار شۈبھىلىنىپ:

— قولىڭىزدىكى كىتاب مەۋلانە جامىي ھەزرەتلىرىنىڭ كۇللىياتلىرى ئەمەسمۇ؟ —

دەپ سورىدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى ئالاق - جالاق ئىدى.
— ياق، ئىبن ئەرەبىينىڭ «فۇتۇھاتى مەككىيە»سى. سىز يولدا غەزەل ئەمەس، تارىخ كىتابىنى ئوقۇپ كەلگەنسىز ...
— يولدا ھېچنېمە ئوقۇمىدىم ... زاتى ئالى مېنى كەچۈرسىلە. ئەجەبا! كىتابدار ھاجى مۇھەممەد قولۇمغا باشقا كىتابنى تۇتقۇزغانىكەن. ئېچىپمۇ باقماپتىمەن، — دەپ پىشانىسىگە ئۇردى دېھدار، — بۇنىڭ ئۈستىگە سىزگە يالغان سۆزلەرنى ئېيتتىم، كالۋالىقىم، يالغانچىلىقىم ئۈچۈن ھەرقانداق جازاغا مۇستەھىقمەن. مەن ئېشەك بولمىسام، كىتابنى ئېچىپ كۆرمەمتىم. ئېغىلچىغا بۇيرۇڭ! بېشىمغا نوختا سېلىپ، مېنى ئېشەكلەرنىڭ ئارىسىغا باغلىسۇن، مەن ھوزۇرىڭىزدا بىئەدەپلىك قىلدىم ...
ئىككى دەقىقە ئاۋۋال ئىككى يۈزى قىپقىزىل، غادايغان، كۆزلىرىدە ئىشەنچ چاقناپ تۇرغان خوجا دېھدار بىردەمدە سۇغا چۆشكەن ناندەك ئىۋىپ كەتتى. ياقۇپبەگ ئۇنىڭ تامدەك ئاقارغان يۈزىگە، مۆكچەيگەن قامىتىگە قاراپ:
— ئەگەر ئۇلۇغ شائىرنىڭ ۋەكىلى بولمىغان بولسىڭىز، دەل سىز تەلەپ قىلغان جازانى بېرەتتىم، سىزگە باشقا بىر جازا ئويلاپ قويدۇم ...، — دەپ مىيىقىدا كۈلدى - دە، بىر ئاز توختاپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: — ئالتە ئايلىق بىر قوزىنىڭ گۆشىنى يېگەيسىز، تېرىسىدىن جانابلىرىغا جۇۋا تىكتۈرۈپ بېرەي.
— بۇ مەن ئۈچۈن جازا ئەمەس، كاتتا مۇكاپات، كەمىنىنىڭ ئىشتىھالىق ئىكەنلىكىدىن خەۋەرلىرى بار ئىكەن - دە، شۇنداق، سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىزدەك بولسۇن. پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ ...
ياقۇپبەگ كۈلۈپ، كىتابدارنى چاقىرتتى. زىلۋا، ئۆچكە ساقال كىتابدار كىرىپ تەزىم قىلدى - دە، سۇلتان ئۇزاتقان كىتابنى پىشانىسىگە تەگكۈزدى ۋە ئۇنى ۋاراقلاپ بېشىنى كۆتەردى. ئۇنىڭ چىرايىدا «بۇ كىتاب بىزنىڭ كىتابخانىدا بارغۇ» دېگەن ئىپادە بايقالدى. ياقۇپبەگ بۇ ئىپادىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق تىكىلىپ قويدى. كىتابدار بۇ قاراشنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، ئېيتىدىغان سۆزىنى يۇتۇپ، باش ئەگدى - دە، چىقىپ كەتتى.
خوجا دېھدار ماختانچاق بولسىمۇ، ھاتەم، مەرد، سىر ساقلىمايدىغان ئادەم ئىدى. تەبرىزدىكى بىمەنە ماختانچاقلىقى يادىغا كەلسە، نومۇس قىلغانلىقىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولسىمۇ، بۇ ئىشنى نەۋائىدىن يوشۇرۇشنى لايىق كۆرمىدى. ئەگەر بۇ گەپلەرنى شائىر باشقا ئادەمدىن ئاڭلىسا، ئۇ ۋاقىتتا ھىراتتا باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.
ئۇ ھىراتقا يانغاندىن كېيىن، نەۋائىغا ياقۇپبەگنىڭ نامەسى ۋە سوۋغىلىرىنى تاپشۇرۇپ:
— ھاجى مۇھەممەد ھوزۇرىدا سىزگە ئېيتىدىغان سۆزۈم بار، — دەپ قالدى.
«بىر كاشىلا چىقتىمۇ نېمە؟ ...» دەپ ئەنسىرىگەن نەۋائى دەرھال كىتابدارنى چاقىرتتى. ئۈچىلىسى جەم بولغاندىن كېيىن خوجا دېھدار تەبرىزدە بولغان سۆزلەرنى يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردى. نەۋائىنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزلىشىگىمۇ ماجالى قالماي، يەرگە قاراپ قالغىنىنى كۆرۈپ:
— مەن ھەرقانداق جازاغا لايىقمەن. بۇيرۇق بېرىڭ، يالىڭاچلاپ ئەللىك - ئاتمىش تاياق ئۇرسۇن، — دېدى.
— جازا بىلەن بۇ شەرمەندىلىكنى يۇيۇپ، تاياق بىلەن ئۆتكۈزگەن خاتانى تۈزەتكىلى بولماس، — دېدى شائىر، — ئىككىڭلار بىر بولۇپ مېنىڭ شېخىمنى سۇندۇردۇڭلار. سىزگىنغۇ مەيلى، لېكىن ھاجى مۇھەممەدتەك ئىشچان ئادەمدىن بۇنداق ئىشنىڭ سادىر

بولغىنىغا ھەيرانمەن.

شائىر سۆزىنى تاماملىيالماي، بېشىنى سالغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزى تاتىرىپ، ئىككى چېكىسى لوقۇلداپ ئاغرىشقا باشلىدى، كۆزى ئېلىشىپ، ئەتراپىدىكى نەرسىلەر ئايلىنىۋاتقاندەك بولاتتى. خوجا دېھدار ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بايقاپ، دەرھال ياستۇق ئېلىپ كەلدى، ياتقۇزۇپ، بېشىنى ئاستا تۇتۇشقا باشلىدى.

ھاجى مۇھەممەدنىڭ كۆزىگە دۇنيا تاردەك بىلىنىپ كەتتى. قېنى ئەمدى، قېنى ئەمدى، يەر يېرىلسا، كىرىپ كەتسە ...

ئۇ كىتابخانىدا ئۇھ تارتىپ، ئۇيان، بۇيان ماڭاتتى، پەمسىزلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى - ئۆزى كايىتتى، ساقىلىنىڭ مويلىرىنى بىر - بىرلەپ يۇلاتتى، «مەن ئەخمەق، كىتابنى دېھدارغا بېرىشتىن ئاۋۋال ئېچىپ قارىسام ئۆلەتتىممۇ. ھەي ئىست، ئەمدى نەۋائىينىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن. بۇ ئۆيدە قانداقمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرۈيمەن. شائىر ھەر قېتىم مېنى كۆرگەندە تەبرىزدە بولغان سەت ئىش ئېسىگە كېلىپ، كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئۇ جانابتىن رۇخسەت سوراپ، ئۆزۈمگە باشقا ئورۇن ئىزدەي ...» دەپ ئويلايتتى. ئۇزۇن مۇلاھىزىدىن كېيىن، ئۇ بۇ قارارىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. خېلىدىن بېرى بەدىئۆززامان ئۇنى خىزمىتىگە چىللاۋاتقانىدى.

نەۋائىي ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى زەڭ قويۇپ تىڭشاپ، ئۆزرى ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بايقىدى ۋە ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىۋەتتى.

مەۋلانە ئابدۇسەمەت چېۋەر كاتىب ۋە ماھىر نەققاش ئىدى. ئۇ يازغان خەتنى ئادەم تاماشا قىلىپ تويمايتتى، ئۇنىڭ قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈلگەن دىۋانلارنى قولغا ئېلىپ ۋاراقلاش ئادەمگە زوق بېغىشلايتتى. سەھھافلار① ئۇستاز شائىرلارنىڭ دىۋانلىرىنى ئۇنىڭغا كۆچۈرەتتى ۋە پايدىسىغا ساتاتتى. قىسقىسى، بۇ كاتىبنىڭ بازىرى چاققانىدى.

ئابدۇسەمەت كاتىبنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغان نەۋائىي بىر كۈنى ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، مەۋلانە جامىينىڭ دىۋانلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى ۋە ھەر مىسراسىغا بىر تەڭگىدىن پۇل بېرىشنى ۋەدە قىلدى.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە، كاتىب ئابدۇسەمەت تاپشۇرۇلغان ئىشنى ئورۇنداپ، ۋەدە قىلغان پۇلنى ئېلىپ كەتتى. شائىر دىۋاننى ۋاراقلاپ چەكسىز خۇش بولدى. كاتىب ھەربىر سۆزنى مەرۋايىتتەك سەترلەر يېپىغا ماھىرانە تىزغانىدى.

ئۇستازىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن شائىر كىتابنى قولتۇقلىغان پېتى جامىينىڭ ئۆيى تامان يول ئالدى، مەۋلانە ئادەتتىكىدەك، بېشىدا ئاق دوپپا، ئۈچىسىدا يەكتەك، مېھمانخانىسىدا بىر ئەرەبىي كىتابنى مۇتالىئە قىلىپ ئولتۇراتتى. نەۋائىي ئىشىكتىن كىرىپ سالام بېرىشى بىلەن كىتابنى جوزا تۆپىسىگە قويۇپ، ئورنىدىن قوپماقچى بولدى. شاگىرت قېرىپ قالغان ئۇستازىنىڭ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا قاراپ تۇرماي، ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى. ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، دىۋاننى ساھىبخانىغا ئىككى قوللاپ سۇندى - دە:

— ھەر ھالدا بىر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقسىلا ياخشى بولاتتى، — دېدى، — ئىلتىماسىم شۇكى، ئەگەر پۈرسەتلىرى بولسا، مۇقابىلە قىلىنسا، ئەسلى نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇلسا ... كاتىب غەلەت كۆچۈرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس.

① مۇقاۋىچىلار.

كىتابنى قولغا ئېلىپ ۋاراقلاپ، مەۋلانە جامىينىڭ قورۇق باسقان يۈزى كۈلۈمسىرەپ، نۇرسىز كۆزلىرى پارقىرىدى.

— مەۋلانە ئابدۇسەمەتنى خۇشنەۋىس دەيتتى، ئېيتقانلىرىدەك بار ئىكەن. ئەگەر مىجازى خېتىغا مانەنند بولسا مۇقابەلەنىڭ هاجىتى يوق، هەر هالدا، بىر - ئىككى كۈن بۇ يەردە تۇرسۇن، كۆزدىن كەچۈرەيلى، — دېدى ئۇ ئۆز سۆهبىتىگە دەخلى يەتمىسۇن دېگەن مەقسەتتە كىتابنى تاكچىغا ئېلىپ قويدى ۋە باشقا ماۋزۇدىن سۆز باشلىدى...

ئەتىسى كەچقۇرۇن نەۋائى ئۇستازىنىڭكىگە بارغاندا ئۇنىڭ ئەۋزايى باشقىچىرەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، هەيران قالدى. جامىينىڭ قاشلىرى يىمىرىلگەن، بىر نەرسىدىن نارازىدەك پېشانىسى تۈرۈلگەنىدى.

— مەۋلانە ئابدۇسەمەت شەكىل ئۈچۈن مەزمۇننى قۇربان قىلىپتۇ، — دېدى ئۇ، كۆرپىگە ئولتۇرۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، — ئۆزى بەك ئۇستا خەتتات بولسىمۇ، كۆپ يەرلىرىنى غەلەت كۆچۈرۈپتۇ. خاتاسىز مىسرا، خاتاسىز خەتلەر يوق. بەزى يەرلىرىدە بىر - ئىككى مىسرانى چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.

نەۋائى ئوڭايسىز ئەهۋالغا چۈشۈپ، «مەۋلانە ئابدۇسەمەتتىن بۇنداق بولۇشنى كۈتمىگەنىدىم» دەپ غۇدۇراپ قويدى ۋە ئۇستازى ئۇزاتقان كىتابنى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭ كىرگۈزگەن بەزىبىر تۈزىتىشلىرىگە كۆزى چۈشتى.

— ئەگەر سىزنىڭ مۇبارەك قەلىمىڭىز بىلەن ئىسلاھ تاپسا بۇ كىتاب كەمىنە ئۈچۈن مەشهۇر بىر يادىكارلىق بولاتتى، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

— ئەگەر تەلەپىڭىز شۇ بولسا، دىۋاننى باشتىن - ئاياق كۆرۈپ چىقىپ، ئىسلاھ قىلاي، — دېدى جامىي، ئەڭ قەدىرلىك دوستىنىڭ سۆزىنى يەردە قالدۇرماي.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. نەۋائى ئۆز بىنەپشىزارلىقىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ۋاقتىدا جامىينىڭ ئوغلى سالام بېرىپ كىردى - دە، قولىدىكى كىتابنى ئۇزاتتى. ئۆز ئۇستازىنىڭ قولى بىلەن ئىسلاھ قىلىنغان دىۋاننى ئېلىپ، ۋاراقلىدىيۇ، كۈلۈمسىرەپ قويدى. جامىي هەربىر مىسراغا دېگىدەك تۈزىتىش كىرگۈزگەن. چۈشۈپ قالغان مىسرالارنى كىتابنىڭ هاشىيەسىگە يېزىپ قويغانىدى. گەرچە ئۇنىڭ خېتى خەتتاتلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ئابدۇسەمەتنىڭ خېتىدەك بېجىرىم بولمىسىمۇ، نەۋائىنىڭ كۆزىگە بەك چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋارىقىدا مەۋلانە تۆۋەندىكى چاقچاق قىتئەنى يېزىپ قويغانىدى:

خۇشنەۋىسى چۇ ئارازى خۇبان،
سۇخەنەمرا بەخەتتى خۇب ئاراست.
لېك خەرجا دەر ئۆزى سەهۋى قەلەم،
گاه چىزى فوزۇدە، گاهى كوست.
قەردەم ئىسلاهى ئان بەخەتتى خېش،
گەرچى نى ئامەد چۇنانچى دىل مىخاست.
هەرچى ئۇ كەردە بۇد باسۇخەنەم،

بەختى ئۇ قۇسۇر كەردەم راست.①

نەۋائى بۇ پارچىنى زوقلىنىپ ئوقۇپ كۈلۈۋەتتى.

ياقۇپبەگ بىر ئاي ئاۋۋال يازغان خېتىدە نەۋائىدىن ئەڭ ياخشى كىتابلىرىدىن بىرىنى ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى. شائىر ئۇنىڭغا سوۋغا ئۈچۈن مەۋلانە جامىينىڭ ئۆز مۇبارەك قەلىمى بىلەن ئىسلاھ قىلغان بۇ دىۋانىدىن باشقا كىتاب تاپالمىدى. خوجا دېھدارنىڭ قولىغا بۇ كىتابنى تاپشۇرۇپ، يەنە ئۇنى تەبرىزگە ئەۋەتتى.

نەۋائىنىڭ ئەلچىسى چۆللەر، ئاۋات ئۆلكىلەر، خاراب يېزىلار، نۇرغۇن شەھەرلەرنى بېسىپ، تەبرىزگە يېتىپ كەلدى. دېمىنى ئېلىپ، ئۆزىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن يۇيۇنۇپ، راسلىنىپ، سۇلتاننىڭ دەرگاھىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. ياقۇپبەگ ئۇنى ئانچە كۆتكۈزمەي قوبۇل قىلدى. ئۇدۇلىدا يانا چەكسە ئىككى يۈزىدىن قان تامىدىغان خوجىنىڭ تەزىم قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئۆتكەن قېتىمقى ماختانچاقلىقىنى ئەسلەپ، كۆلكىسىنى ئاران بېسىۋالدى. نەۋائىنىڭ نامىسىنى ئوقىغاچ، ئەلچىگە يېقىنراق كېلىشنى بۇيرۇدى. خوجا دېھدار تىزلىنىپ ئۇنىڭ تەختى ئالدىغا باردى ۋە قولىدىكى كىتابنى سۇندى. سۇلتان كىتابنى ئېلىپ ۋاراقلاپ تۇرۇپ، يۈزىدە ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى، خالاس. جىددىيلىكتىن ئەسەر قالمىدى. بولۇپمۇ ئاخىرى بەتتىكى قىتئەنى ئوقۇپ، چەكسىز خۇش بولۇپ كەتتى. ئۈچ قېتىم ئوقۇپ، ئۇنى يادلىۋالغاندىن كېيىن جامىينىڭ قولى بىلەن يېزىلغان قۇرلارنى كۆزىگە سۈرتۈپ:

— مەن ھاياتىمدا ھېچكىمدىن بۇنچىلىك قىممەتلىك سوۋغا ئالمىغانىدىم، — دەپ قويدى.

## ئىستىبداتلىق ياشلار ھامىيسى

مىرھاجى باقاۋۇل جازاسىنى تارتىپ، پادشاھ دەرگاھىدىن قوغلانغاندىن كېيىن ئەمەلدارلار بىر ئاز ئېھتىياتچان بولۇپ قالدى. ئۇلار ئەمدى كوچىدا ئۆزلىرىنى سىپايى تۇتىدىغان، ئادەملەرنىڭ كۆز ئالدىدا ،ەي ئىچمەيدىغان بولۇشتى، بايلىقىنى داڭلىمايتتى، ئەمما پىتنە - پاسات ئىشلىرىنى پىنھان رەۋىشتە داۋاملاشتۇرىۋەردى.

نەۋائى ھەددىدىن ئاشقان ئايرىم ئەمەلدارلارنى نوختىلاش مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ئىنساپ بىلەن ئىش قىلىشقا ئۆگىتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئاللىقاچان چۈشەنگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ قولىدىن كەلگىنىچە پۇقراغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۇنتۇمايتتى. بەزى ئارزۇلىرىنىڭ يۈزىدىن بىرىمۇ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، يۈرىكى سىقىلاتتى، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالمايتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى بەزلەش ئۈچۈن شېئىر ۋە سەنئەت ئاشىيانىغا چىقىپ، نەفاسات گۈلزارىنى تاماشا قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىدا سادىر بولۇۋاتقان قەبىھ ھادىسىلەرنى ئۇنۇتماقچى بولاتتى. خۇسۇسەن، كامالىددىن بېھزاد ئىشلىگەن سۈرەتلەرنى كۆرگەندە كۆڭلى ئېچىلىپ، يايراپ كېتەتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. قوللىرى قىزلارنىڭكىدەك نازۇك كامالىددىن سىزغان سۈرەتنى تاماشا قىلىپ تۇ-

① تەرجىمىسى: «ئۇ خۇشخەت كاتىپ سۆزلىرىمنى گۈزەللەر يۈزىدەك بېزەپتۇ. لېكىن، قەلىمى خاتا مېڭىپ، گاھ بىر نەرسە قوشۇپتۇ، بەزىدە ئېلىپتۇ. گەرچە كۆڭلى خالىغان ھالغا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئۆز قەلىمىم بىلەن ئىسلاھ قىلدىم. سۆزلىرىم ئۈستىدە قانچىلىك ئورۇنغان بولسىمۇن، ئۇنىڭ خېتىگە دەخلى يەتكۈزدۇم.»

روۋپ، شائىرنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، قىزىل يۈزى ئېچىلىپ كەتتى. بىر ۋاراق پارقىراق يىپەك قەغەزدىن يوغان گەۋدىلىك، لەۋلىرى دورداق، ئىككى يۈزى سېمىزلىكتىن قولاقلىرى گۆش ئىچىگە يېتىپ كەتكەن، قىپ ـ قىزىل يۈزلۈك بىر كىشى قاراپ تۇراتتى. نەۋايى سۈرەتنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى. مىرزا ھۈسەيىننىڭ جەڭگىۋار بەگلىرىدىن بولغان بابا مەھمۇد ئاجايىپ ئادەم. ئۇ سېمىزلىكىگە قارىماي، ئەپچىل چەۋەنداز، ماھىر قىلىچۋاز، تەڭداشسىز مەرگەن ئىدى. ھەممىدىن شۇ يېرى قىزىق ئىدىكى، يول مېڭىپ، ئات چېپىپ كەلگەندىمۇ باشقا سېمىز ئادەملەردەك ھاسىرىمايتتى، تومۇرى ياخشى سائەتتەك بىر خىلدا ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۆزى خۇشچاقچاق، ئاقكۆڭۈل كىشى بولۇپ، كۆڭلىدە كىر ساقلىمايتتى، چاقچاق قىلىپ، ئۇلپەتلەر ئولتۇرۇشنى جانلاندۇرۇۋېتەتتى. ياش مۇسەۋۋىر[1] ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىنىلا ئەمەس، ئىچكى دۇنياسىنىمۇ ئەكس ئەتتۇرۇشنى بىلگەن.

ــ بارىكاللا! ــ دېدى شائىر خۇشچاقچاق تەلەپپۇز بىلەن. ئاندىن باشقا سۈرەتلەرنى تاماشا قىلىشقا كىرىشتى. نەۋائى بۈيۈك شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىلا شۇنداق ھاياجانلىناتتى.

ــ سىز سىزغان سۈرەتلەرنى كۆرگەندە لەتافەت گۈلشەنىدىن دىمىغىمغا مۇئەتتەر بادى سابا كەلگەندەك بولىدۇ، ــ دېدى ئۇ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئورۇق يۈزلۈك بېھزادقا كۈلۈپ قاراپ، ــ بارىكاللا، كاتىب ۋە مۇسەۋۋىرلارنىڭ بەخت يۇلتۇزى ئەتارۇد[2] سىزنى بەختى ھىمايىغا ئاپتۇ. ئەمگەك سىزنى يۈكسەك كامالەت باسقۇچىغا ئېلىپ چىقىپ، رىيازەت يامغۇرى مۇراد سەھراسىنى لالىزار قىلىپتۇ.

شائىر ھاياجانلانغاندا شۇنداق كۆتۈرەڭگۈ ۋە كىتابىي سۆزلەرنى ئىشلىتەتتى.

ــ ماختاشلىرىڭىزدىن بېشىم ئاسمانى ھەفتۇمغا يەتتى. ياخشى سىز بار ئىكەنسىز، بولمىسا ھالىم نېمە بولاتتى. روھىم ئۈمىدسىزلىك ئازگىلىغا چۈشكەندە، سىز ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇپ، پېقىرنى تارتىپ ئالغايسىز، ــ دېدى بېھزاد ئۇنىڭغا مىننەتدارچىلىق بىلەن قاراپ.

ــ سىزدەك ھۈنەرۋەن يىگىتلەرگە ھەرقانچە ياردەم بەرسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئىستىبداد ئىگىلىرىگە ياردەم بېرىش، ئۇنۇملۈك يەرگە ئۇرۇق چېچىش بىلەن باراۋەر. ئەمما سىزگە بىر سۆز ئېيتاي، ئىستىبداد نوتىسىنىڭ كۈشەندىلىرى، ھەسەتگۈيلىرى كۆپ بولىدۇ. ئېھتىيات قىلىڭ.

ــ راست ئېيتتىڭىز، قولى ئۇزۇن ئادەملەر ئارىسىدا بىزدەك پېقىر ھۈنەر ئىگىلىرىنى كۆرەلمەيدىغانلارمۇ بار ئىكەن. مېنىڭچە، شاقاسىم نۇر بەخش ماڭا ھەسەت كۆزى بىلەن قارايدۇ. سۇلتاننىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتى ئۇنىڭ يۈرىكىگە رەشك ئوتىنى ياققان بولسا كېرەك. ئۆتكەن كۈنى مېنى ئۇچرىتىپ: «قىيامەت كۈنى سىز سىزغان سۈرەتلەر، بىزگە جان تېپىپ بەر، دەپ پېشىڭىزدىن تۇتسا، قانداق قىلىسىز؟ ...»، ــ دەپ سوراپ قالدى.

ــ سىز نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭىز؟

ــ مەن ئېيتتىم: مەدامىكى، قىيامەت قايىمدا ئۇ سۈرەتلەر تىلغا كىرىپ، بۇنداق سۆزلەرنى ئېيتقان ئىكەن، دېمەك جېنى بار، ئۇلارغا يانا جاننىڭ كېرىكى يوق.

ــ بارىكاللا، جايىدا جاۋاب بېرىپسىز، ــ دەپ كۈلدى نەۋائى. كۈلدى ـ دە، بىر نەرسىنى ئويلاپ خامۇش بولۇپ قالدى، ــ شاقاسىمغا ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئېتىقادى زور.

---

[1] رەسسام.
[2] مېركورىي يۇلتۇزى.

ئۇ مەككار ساختا ئەۋلىيادىن ھەر ئىش كېلىدۇ. سىزگە بىر نېمە دېمىدىمۇ؟
— ياق، ئۇنچۇقماي، قاشلىرىنى يىمىرىپ، كېتىپ قالدى.
— بۇنداق ئادەملەردىن قورقۇش كېرەك. بىزنىڭ زامانىمىزدا مەنسەبدارلار ئالدىدا گەپ تاپالمىغان كىشىدەك بويۇن ئېگىپ تۇرۇش دۇرۇست، ھازىر جاۋابلىق ئادەمنىڭ بېشىغا بالا كەلتۈرىدۇ. تىلى ئۆتكۈرنىڭ بېشىدا دائىم ئۆتكۈر قىلىچ ئېسىقلىق. كەمتەر بولۇڭ!
— بىلگەن بولسام، ئۇنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ، يەرگە قاراپ تۇرغان بولاتتىم. ئەمدى ئۇ ساختا ئەۋلىيا پېيىمغا چۈشمىسە ئىدى، دەپ قورقىمەن.

ھۆسەيىن بايقارا قېرىغاندا شاقاسىم نۇر بەخشتەك بىر ئالدامچى «پىرى مۇرشىد» قا ئىخلاس باغلاپ، ئۇنىڭغا مۇرىد بولغانىدى. نەۋائى ۋە ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرى بۇ نوپۇزلۇق ساختا ئەۋلىيانى تولىمۇ يامان كۆرەتتى، لېكىن ئۇز نەپرەتلىرىنى ئوچۇق بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەمما بىر كۈنى نەۋائىنىڭ دوستلىرىدىن مۇھەممەد شەمش ئۇنى باپلاپ جايلىغانىدى.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مۇھەممەد شەمس بىر ئىش بىلەن نەۋائىنىڭكىگە كەلدى ۋە سالامدىن كېيىن ساھىبخانىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇرۇلغان چېدىر ئىچىگە كىردى. سەللىسىنى ئوتتۇرىدىكى تۈۋرۈككە ئىلىپ قويۇپ، نەۋائى بىلەن شەترەنج ئويناشقا چۈشتى. شۇ ۋاقىتتا شائىرنىڭ مۇلازىمى شاقاسىمنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. مۇھەممەت شەمس ئورنىدىن قوپۇپ، سەللىسىنى بېشىغا كىيىۋالدى. نەۋائى ئۇنىڭغا «نۇر بەخش» كە «چاقچاق قىلماڭ» دەپ تاپىلىدى. ئەمما شاقاسىم چېدىرغا كىرىپ:
— ئاجايىپ خىرگاھ (چېدىر) ئىكەن، — دېيىشى بىلەن مۇھەممەد شەمس ئويلانمايلا:
— تەقسىر، سىلى كېلىشتىن ئاۋۋال خىرگاھ ئىدى، سىز كىرگەچ، فەرگاھ (ئىشەك ئېغىلى) بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۆتكۈر چاقچاقچى مۇھەممەد شەمسىنىڭ ئوقى نىشانغا تەگكەنىدى. لېكىن ساختا ئەۋلىيا ئۆزىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ دېدى:
— كېيىنكى ۋاقىتلاردا قۇلىقىم ئېغىر بولۇپ قالغان، بىر نېمە دېدىڭىزمۇ؟
— ھە، تەقسىر، چېدىرىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرى ئۈچۈن سىلىنى تەبرىكلەۋاتىمەن، — دېدى مۇھەممەد شەمس.

نەۋائى پادىشاھنىڭ پىرى بىلەن ئەھۋاللىشىپ، ئۇنى ئەزىزلەپ ئوتتۇرىغا ئولتۇرغۇزغانىدى.

شائىر بۇنىڭدىن بىر يىل ئاۋۋال بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشنى ئەسلەپ كۈلدى - دە:
— قورقماڭ، ئەگەر سىزغان سۈرەتلىرىڭىز ھۆسەيىن مىرزىغا يارىسا، شاقاسىمنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قالغاي، — دېدى، بابا مەھمۇدنىڭ رەسىمىنى مىرزا كۆرسە، خۇش بولغاي. سىز ئۇ سېمىز بەگنىڭ تۈرلۈك ھالەتتىكى سۈرەتلىرىنى ئېلىڭ...

سۈرەتچىلىك سەنئىتىدىن خەۋىرى بار شائىرنىڭ مەسلىھەتلىرىنى رەسسام جان - دىلى بىلەن تىڭلىدى. ئۇ نەۋائىنىڭ ئۆيىدىن چىقىۋېتىپ، يۈرىكىدىكى سۆزۈك ئىلھام بۇلىقىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، قايناشقا باشلىغانلىقىنى سەزدى.

بېھزاد كەتكەندىن كېيىن شائىر بىر نەچچە يىل ئاۋۋال بېھزادنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەنلىكىنى ئەسلىدى. ئۇ بىر كۈنى سارايدا نەققاشلار ئىشلەۋاتقان ئۆيگە كىرگەنىدى. پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بولغان نەۋائىنى كۆرۈپ، نەققاش ۋە مۇسەۋۋىرلار ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ تازىم قىلدى. نەۋائى ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئولتۇرۇشقا رۇخسەت

قىلدى. نەققاشلار ئارىسىدا ئون ئالتە ـ ئون يەتتىگە قەدەم قويغان ناتونۇش بىر يىگىتنى كۆرۈپ، ھەيران بولدى. يىگىت ئالتۇن ھەل تەييارلاۋاتاتتى.

ــ بۇ يىگىت كىم؟ ــ دەپ سورىدى نەۋائى مىرەك نەققاشتىن.

ــ بىر تونۇشۇمنىڭ ئوغلى. ئىسمى كامالىددىن. رەھمەتلىك ئاتىسى بىچارە بىر ھۇنەرۋەن ئىدى. يېتىم قالغان بىر ئوغۇل ھۇنەر ئۆگەنسۇن، دەپ ئۆزۈمگە شاگىرت قىلىۋالدىم.

ــ ئىشقا رىغبىتى ياخشىمۇ؟

ــ ياخشى، ھۇنەرگە ئىشقىۋاز، ئەمگەكچان بالا ئىكەن.

ــ ئۇنداق بولسا، ساۋابلىق ئىش قىلىپسىز، مىررەك.

نەۋائى يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىشىنى كۆرۈشكە باشلىدى. كامالىددىننىڭ بارماقلىرى نازۇك ۋە پاكىزە ئىدى. نەققاش ۋە كىتابدار ئىشقا ئولتۇرۇش ئالدىدىن قوللىرىنى كىپەك بىلەن ياخشىلاپ يۇيىۋەتتى.

بېھزاد پاكىز يۇيۇلغان چىنى ئىدىشنىڭ تېگىگە، يانلىرىغا بېلىق يېلىمى سۈرتتى ـ دە، ئۇنىڭغا نېپىز ئالتۇن پارچىسىنى سېلىپ، ئىككى بارمىقى بىلەن ئىشقىلاشقا باشلىدى. ئالتۇن زەررىلەرگە ئايلىنىپ، ئېرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئازراق پاكىز سۇ قۇيۇپ، قولى بىلەن ئايلاندۇراتتى ۋە چىنىنىڭ چېتىدىكى يېلىمنى يۇيۇپ ئاستىغا چۈشۈرەتتى. ئاندىن ئىدىشنىڭ قاپقىقىنى يېپىپ قوياتتى. ئېرىگەن ئالتۇن چىنى ئىدىش تېگىگە چۆككەندىن كېيىن ئارتۇق سۇنى ئاستا تۆكۈپ، ئالتۇننىڭ تۆپىسىگە ئازراق ئالچە يېلىمى قۇياتتى. ئالتۇن ھەل ئەمدى تەييار بولغان بولۇپ، ئۇنىڭغا موي قەلەمنى پاتۇرۇپ، كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىگە نەقىش سالسا بولاتتى.

ئارىدىن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن نەۋائى يەنە نەققاشلار ۋە مۇسەۋۋىرلار ئىشخانىسىغا كىردى. بۇ قېتىم بېھزاد سۈرەت سىزىشنى ئۆگىنىۋاتقانىدى. ئۇ ئۇستازى سىزىپ بەرگەن بىر سۈرەت تۆپىسىگە قېلىن ئىپەك قەغەز قويۇپ، ئۇنىڭ چەتلىرىنى ۋە ئاساسىي سىزىقلارنى ئۆتكۈر يىڭنە بىلەن سانجىپ چىقتى. كېيىن سۈرەتنى بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپ، ئاق قەغەز تۆپىسىگە كۆمۈر توپىسىنى ئايلاندۇرۇپ چېچىپ، ئاندىن ئۇنى پۇلەپ تاشلىدى. كۆمۈر توپىسى يىڭنە ئۇچى تەككەن تۆشۈكلەردە قېلىپ، سۈرەتنىڭ شەكلى كۆزگە ئېنىق تاشلاندى. بېھزاد ئىنچىكە قوغۇشۇن قەلەم بىلەن سۈرەتنىڭ لايىھىسىنى سىزىپ چىققىدۇ. ئاندىن قولىغا مۈشۈك يۇڭىدىن ياسالغان ئىنچىكە موي قەلەمنى ئېلىپ بوياشقا باشلىدى. شائىر ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇردى.

ــ باركاللا! ــ دەۋەتتى نەۋائى، بېھزاد كۆچۈرگەن رەسىم ئەسلى نۇسخىسىنىڭ دەل ئۆزىدەك چىققانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ پەيتتە شائىر ھەممە ئىشنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، رەسساملىقنى ئۆگەنگۈسى كەپكەتتى. رەسساملىقتا ئۇنىڭ قابىلىيىتى بار ئىدى. ھايۋانلارنىڭ رەسىمىنى سىزىشنى بىلەتتى. لېكىن مۇسەۋۋىر بولۇش ئۈچۈن ئىشنى كىچىكلىكىدىن باشلاش كېرەك. ئەپسۇسكى، ياشلىق دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى. نەۋائى چوڭقۇر خۇرسىنىپ قويدى. ئۇ مىرەك نەققاشقا قاراپ:

ــ مەۋلانە، كامالىددىنگە ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىڭ، ــ دېدى، ــ ئېغىر ئىشلارنى قىلمىسۇن، چىلەكتە سۇ توشۇپ ياكى ئوتۇن يېرىپ، قولى قوپاللاشمىسۇن.

ــ جېنىم بىلەن، ــ دېدى نەققاشلار باشلىقى، ۋەزىرى ئەزەم ياش مۇسەۋۋىرنى ئۆز ھىمايىسىغا ئالغىنىنى بايقاپ.

* * *

بىر كۈنى بېھزادنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ شاگىرتى مەھمۇد مۇزەھھىپ كېلىپ: «ھۇسەيىن مىرزا سىزنىڭ سىزغان يېڭى سۈرەتلىرىڭىزنى كۆرۈشنى خالايدىكەن» دېدى.

نەۋائى دوستلىرى ئارىسىدا بېھزاد ئىشلىگەن يېڭى رەسىملەرنى ماختىغانىدى. بۇ سۆز كۆپ ئۆتمەيلا، ھۇسەيىن بايقارىنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتتى ۋە دەرھال مۇسەۋۋىرنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ شاگىرتىنى يوگۈرتتى. بېھزاد بابا مەھمۇد بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ بىر نەچچە رەسىمىنى سىزغان ۋە ئۇلارنى باشقا رەسىملەر بىلەن پادىشاھقا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن خۇرۇم سومكىغا سېلىپ قويغانىدى. ئۇ دەرھال سومكىنى قولتۇقلاپ، سارايغا قاراپ ماڭدى.

ھۇسەيىن مىرزا ئاۋۋال خۇشخەت كاتىبلار كۆچۈرگەن كىتابلارنى ۋە ئۇلاردىكى نەقىش ۋە سۈرەتلەرنى سائەتلەپ تاماشا قىلىپ زوقلىناتتى. بىراق كېيىنكى ۋاقىتلاردا، شاقاسىم نۇر بەخشقا قول بەرگەندىن كېيىن سەنئەت ئەسەرلىرىگە قىزىقماي قالدى. نەۋائىنىڭ بېھزاد ھەققىدىكى سۆزلىرى بولسا، ئۇنىڭ كونا كېسىلىنى قوزغاپ، يەنە سەنئەتكە قىزىقىش ئويغاغانىدى. ھۇسەيىن مۇسەۋۋىرنى ئىلتىپات بىلەن قارشى ئېلىپ، ئولتۇرۇش ئۈچۈن يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى ۋە تەقدىم قىلىنغان رەسىملەرنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. بىر سۈرەتتە بابا مەھمۇد كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى، ئىككىنچىسىدە ئاتقا مىنمەكچى بولۇپ، ئۈزەڭگىگە بىر پۇتىنى قويغان، ئېگىز ئات ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەي، ئارقا پۇتىغا ئولتۇرۇپ قالغانىدى. ئۈچىنچى سۈرەتتە كۈپتەك سېمىز بەگ بارماقلىرىنى قاسىلدىتىپ ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى. ھۇسەيىن بايقارا بۇنى كۆرۈپ قاتتىق كۈلۈۋەتتى. ئىشىك كەينىدە ئولتۇرغان بەگ ۋە مۇلازىملار ئۇنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلىدى. ئەتىگەندىن بېرى قاپىقى ئېچىلمىغان ھۆكۈمدارنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ تۇرغان ئەمەلدارلار يېنىك نەپەس ئالدى.

بېھزاد پادىشاھ ھۇزۇرىدىن چىققاندا ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنى شاقاسىم نۇر بەخش سولتاننىڭ ئىلتىپات قىلغانلىقى بىلەن تەبرىكلىدى. ھۆكۈمدارنىڭ كۈلكىسى ئۇنىڭ بېشىغا توپلىنىشقا باشلىغان ھەسەت بۇلۇتىنى تارقىتىۋەتتى. نەۋائى ياش رەسسامنىڭ ئىشلىرى سولتانغا غايەت دەرىجىدە مەقبۇل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، چەكسىز خۇش بولدى.

(داۋامى بار)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ
(ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى)

# ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئورنى توغرىسىدا

ئابلىمىت ئۆمەر

مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىسلام دىنى كىرىشكە باشلىدى. قۇتەيبە باشچىلىقىدىكى ئەرەب قوماندانلىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى زەردۇشت (ئاتەشپەرەستلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىبادەتخانىلىرى چېقىلدى، غەيرى ئىسلام كىتابلىرى كۆيدۈرۈلدى، بۇ بىر قېتىملىق مەدەنىيەت بۇزغۇنچىلىقى ھېسابىغا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى يېڭى بىر ئىدېئولوگىيە فورمىسى — ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام نەمۇنىسىنى يارىتىشىنىڭ مەنىۋى ئاساسىنى ھازىرلىدى. سامانىيلار، غەزنەۋىيلەر ۋە قاراخانىيلار قاتارلىق يەرلىك ئىسلام ھاكىمىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاملىشىش دەۋرى ئاساسەن تاماملاندى.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىدېئولوگىيە فورمىسىنى يەڭگۈشلىشى گەرچە ئىككى ئەسىرگە يېقىن ئەرەبلەرنىڭ زورلۇق ئىشلىتىشى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدىكى ئۆزئارا كەسكىن كۈرەشلەر نەتىجىسىدە مەيدانغا چىققان بولسىمۇ، مۇھىمى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى تېخىمۇ يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرۈلۈپ ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيەت چەمبىرى (تىپى) دائىرىسىگە كىرىپ، غەربتىكى يۇنان، رىم مەدەنىيىتى، شەرقتىكى مىسىر ـ بابىلون، ھىندىستان ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن كەڭ ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى.

مەنىۋىيەتنىڭ بىردەكلىككە يۈزلىنىشى تۈرتكىسىدە، يۇقىرىقى ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى ئىلگىرى سودىگەرلەر، ئىلىم ئىزدىگۈچىلەر، ئالىملار ۋە ئايرىم كىشىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىسىدىكى ئىلىم ئالماشتۇرۇش شەكلىدىن ھالقىپ، ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ يۆلەنچۈكى، ئېتىقاد يادروسى بولغان دىننى قوبۇل قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى مەنىۋىيەت دۇنياسىنى بېيىتىش تەقەززاسى ئارقىسىدا قوبۇل قىلىنىپ، ئانا تۇپراقتا شەكىللەنگەن قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئاتلىقلار مەدەنىيىتى، يايلاق ـ بوستان مەدەنىيىتى، غەرب تەسىرىدىكى ئىللىنىزم مەدەنىيىتى ۋە تەڭرى دىنى، ئاتەشپەرەستلىك دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى قالدۇق مەدەنىيەتلىرى بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىپ، يېڭى بىر خىل تۈستىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەر مىللەت ئىسلام (مۇسۇلمان) مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىسلام تۈسىنى ئالغان بۇ خىل مەدەنىيەت كۆپ قاتلاملىقتا، كۆپ مەنبەلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئىلىم ـ پەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن تەركىبى قىسمى پەلسەپە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، خىمىيە، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىق كەڭ دائىرىلىك مەدەنىيەت قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەن. ماقالىمىزنىڭ ھەجىم ئېتىبارى بىلەن بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە قىسقىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز.

**1. ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە تەسىرى**

ئۇمەييە سۇلالىسى (مىلادىيە 661 ـ 750 ـ يىللار) ۋە ئابباسىلار سۇلالىسى (مىلادىيە 750 ـ 1258 ـ يىللار) دەۋرى ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىش دەۋرى ۋە مۇستەھكەملىنىش دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىسى ۋاڭ جىلەي ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتىش كېرەككى، (بۇ دەۋر) ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلدى ھەمدە مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى بولۇپ قالدى»②.

مەلۇمكى، ئەرەب يېرىم ئارىلى 7 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا چىقىشى بىلەن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ دىن تارقىتىشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان غازاتلىرى ئارقىسىدا 631 ـ يىلى بىرلىككە كەلدى. تېخىمۇ مۇھىمى، شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمان ئەرەبلەر دىنى قىزغىنلىقنى پۈتكۈل تېررىتورىيىسىدە ئورتاق ئەنئەنىگە ئايلاندۇردى. بۇ ھال ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا غايەت زور ئىچكى كۈچ بولۇپ قالدى. 632 ـ يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەرەب دۆلىتى تۆت خەلىپە دەۋرى ۋە سۇلالە دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ زور ئەرەب ئىمپېرىيىسىگە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ زېمىنى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە شەرقتە ھىندىستان ۋە جۇڭگو چېگرىلىرىغىچە، غەربتە جەبىلتارىق بوغۇزىغىچە، شىمالدا قارا دېڭىز، جەنۇبتا نىل دەريا ۋادىسىغىچە تۇتۇشۇپ، ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپاغا قەدەر تۇتاشتۇرۇلغان ئەرەب خەلىپىلىكى — «ئەرەب ئىمپېرىيىسى» شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى دۇنياۋى دىنغا ئايلاندى.

تېررىتورىيىنىڭ كېڭىيىشى ئارقىسىدا خەلىپىلىك دائىرىسىدە غەيرى مىللەتلەر، غەيرى ئىدىيىلەر، غەيرى ئىقتىسادىي تەركىبلەر ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. گەرچە ئەرەبلەر ئەسلى مەدەنىيەت ئاساسى ئاجىز، كۆچمەن قەبىلىۋى مىللەت بولسىمۇ، كۈچلۈك ئىسلام روھى ۋە بىلىمگە ئىنتىلىش روھىنىڭ تۈرتكىسىدە، بولۇپمۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلىپىلىك ئۈچۈن كۈنسېرى زۆرۈر بولۇۋاتقان ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش، مۇستەھكەملەش، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرخىل ئىدېئولوگىيىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش، مىللىي زىددىيەت ۋە مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈرىيىتى ئېتىبارى بىلەن، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، بۇ جەھەتلەردە يېڭى تۈزۈملەرنى بەرپا قىلىش قاتارلىق رېئال مەسىلىلەر نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىلەردىن بولۇپ قالغانىدى. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا كەلگۈسى گۈللىنىش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئەرەب ھۆكۈمرانلىرى ئەرەب تىل ـ يېزىقىنى پۈتۈن ئىمپېرىيە دائىرىسىدە دۆلەت تىل ـ يېزىقى قىلىپ بېكىتتى. مەيلى خەلىپىلىك دائىرىسىدىن بولسۇن، مەيلى باشقا ئەللەردىن بولسۇن، غەرب ۋە شەرقنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى ئەرەبلەر ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، 100 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاساسەن ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ نامايەندىلەرنىڭ بىرى بولغان «ئىسلام مەدەنىيىتى»نى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاساس سالدى.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەلىرىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئومۇمەن تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردىن تەشكىل تاپىدۇ:

(1) ئەرەبلەرنىڭ ئەسلى مەدەنىيىتى. مەسىلەن: ئەرەب تىل ـ يېزىقى، شېئىر ـ قوشاقلار، ماقال ـ تەمسىللەر، ھېكايە ـ رىۋايەتلەر، ئاسترونومىيە، مۇزىكا قاتارلىقلار،

ئىسلام دىنى شەكىللەنگەندىن كېيىن قۇرئان ۋە ھەدىس قاتارلىقلار بۇ جەھەتتە سالماقلىق ئورۇننى ئىگىللىدى.

(2) سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان مەدەنىيەت. بۇ خىل مەدەنىيەت تېرىتورىيە دائىرىسىدىكى ۋە باشقا كەڭ مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى، يۇناننىڭ پەلسەپە ۋە ھەرخىل تەبىئەت پەنلىرى، رىمنىڭ سىياسى - قانۇنى، پارسلارنىڭ تارىخى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، ھىندىستاننىڭ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەت ۋە دىنىي پەلسەپىسى، جۇڭگونىڭ تۆت چوڭ كەشپىياتى قاتارلىقلار. بۇ مەدەنىيەت تەركىبلىرى ئىسلام مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئاساسلىق مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ئۇزاق مەزگىللىك سىڭىشىش، ئۆتۈشۈش ۋە سىستېمىلىشىش جەريانىدا يېڭى تۈستىكى بۇ خىل مەدەنىيەت ھەقىقىي رەۋىشتە شەكىللەندى.

بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىلىم - پەن قىسمىنى قۇرۇلما جەھەتتىن ئاساسلىق پەلسەپە (تەبىئەت پەلسەپىسى، دىنىي پەلسەپە، لوگىكا، ئېتىكا)، تەبىئەت پەنلىرى (ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، خىمىيە، فىزىكا)، جەمئىيەت پەنلىرى (تارىخ، جۇغراپىيە، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات - سەنئەت)، دىنىي پەنلەر (قۇرئانشۇناسلىق، ھەدىسشۇناسلىق، تەپسىرشۇناسلىق، كالامشۇناسلىق، فىقھشۇناسلىق 〈دىنى قانۇنشۇناسلىق〉، قىرائەتشۇناسلىق) قاتارلىقلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ③. ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئەنە شۇنداق مۇكەممەل پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەن قۇرۇلمىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

كۆپ قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بەرپا بولۇشىدا «يۈز يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتى» ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. بۇ ھەرىكەت ئەرەب خەلىپىلىكى مەزگىلىدىكى سىرتتىن مەدەنىيەت قوبۇل قىلىشنىڭ ئالاھىدە ئۇسۇلى بولۇپ، غەرب ۋە شەرقنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرى ئەرەب ۋە خەلىپىلىك دائىرىسىدىكى باشقا تىللارغا كەڭ تەرجىمە قىلىنغان. 8 - ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان بۇ ھەرىكەتتە ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان كلاسسىك ئەسلى ئەسەرلەر 100 دىن ئاشقان. پەقەت جۇغراپىيىگە ئائىتلا 100 پارچىدىن ئاشقان ئىدى④. بۇ ئەسەرلەر ئاساسەن ئارىستوتىلنىڭ «مېتافىزىكا»، «قۇراللار»، «كاتېگورىيە»، «ئىزاھلار»، «لوگىكا»، «فىزىكا»، «ئېتىكا»، پلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت»، «قانۇن» قاتارلىقلار ۋە پىراتاگور، پىفاگور، پتولمى، ھىپپوگرات، گالىن قاتارلىقلارنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرى ئىدى. يۇقىرىقى ئەسەرلەردىن باشقا ھىندى، پارس، سۇرىيە تىللىرىدىمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گۈللىنىشىگە بىۋاستە تەسىر ۋە ئوزۇق بولغان.

خۇددى ئاتاقلىق تارىخچى فىلىپ. ھىتتى ئېيتقاندەك: «يۇنانلىقلار نەچچە يۈز يىل ئىچىدە ئاران تەرەققى قىلدۇرغان نەرسىلەرنى ئەرەب ئالىملىرى نەچچە ئون يىل ئىچىدىلا ئۆزلەشتۈرۈپ بولغان»⑤. بۇ ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ئىشى ئۇمەييە سۇلالىسى دەۋرىدە باشلانغان، ئابباسىلار سۇلالىسى، بولۇپمۇ بۇ سۇلالىنىڭ 7 - خەلىپىسى خەلىپە مەئمۇن (مىلادىيە 786 - 833 - يىللار) دەۋرىدە باغداتتا قۇرۇلغان «بەيتۇل ھېكمە» (ھېكمەتخانا) نامىدا ئاتالغان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ھەرقايسى پەنلەر بويىچە كلاسسىك نەمۇنىلەرنى تەرجىمە قىلىش ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. بۇ دەۋرگە ئائىت بەزى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، خەلىپە مەئمۇن تەرجىمە ئىشلىرىغا ئىلھام بېرىش ۋە تەرجىمانلارنى

مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن «بىر قىسىم تەرجىمانلارنى تەرجىمە قىلغان ئەسەرنىڭ ئورگىنالى قانچىلىك ئېغىرلىقتا بولسا، شۇنچىلىك ئالتۇن بىلەن مۇكاپاتلاش چارىسىنى يولغا قويغان» ⑥.

كۆپ مەنبەلىك ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىمپېرىيە دائىرىسىدە كېڭىيىپ يۈكسەك تەرەققى قىلدى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىم - مۇتەپەككۇرلىرىنى دۇنيا مەدەنىيەت نامۇنىلىرى بىلەن ئەركىن ئۇچرىشىش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. شۇ ئاساستا ھەرقايسى ئالىم - مۇتەپەككۇرلار ئۆز ئەنئەنىسى ۋە ئىلىم - پەن نامۇنىلىرى ئاساسىدا يېڭىچە تەپەككۇر ۋە يېڭىچە ئۇسلۇبتا ئۆز ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى يارىتىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تۆھپە قوشۇش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولدى. بۇ مەزگىلدە بارلىققا كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى دەل مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت گۈللىنىش دەۋرىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ئەل فارابى (870 - 950 - يىللار)، ئىبن سىنا (980 - 1037 - يىللار)، خارەزمىي (780 - تەخمىنەن 850 - يىللا)، بىرونى (873 - 1050 - يىللار) يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرى قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنىدۇ. تۆۋەندە بىز ماقالىمىزنىڭ ھەجىم ئېتىبارى بىلەن فارابى، ئىبن سىنا، خارەزمىي، بىرونىلارنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى يۈكسەك ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۆتىمىز.

## 2. ئەل فارابى ۋە ئۇنىڭ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى

ئەبۇ ناسىر فارابى ھىجرىيىنىڭ تەخمىنەن 259 - يىلى (مىلادىيە 870 - يىلى) سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب (ئوترار) شەھىرىنىڭ ۋاسىنج ھەربىي قەلئەسىدە دۇنياغا كېلىپ ھىجرىيىنىڭ 339 - يىلى (مىلادىيە 950 - يىلى) 12 - ئايدا سۈرىيىنىڭ دەمەشق شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئۇ تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئوغۇز - قارلۇق، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى گۇرۇپپىسىغا تەئەللۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن⑦. ئالىم ئوتتۇرا ئاسىيادا دەسلەپكى بىلىم، پەن ئاساسىنى تۇرغۇزغان، «ئۈچ بىلىم» دەپ ئاتالغان گرامماتىكا (نەھۋى)، ئىستىلىستىكا (ئىلمىي فەساھەت)، ئەخلاق دەرسلىكلىرىنى ۋە «تۆت ئىلىم» دەپ ئاتالغان مۇزىكا، گېئومېترىيە (ھەندەسە)، ئاسترونومىيە (ئىلمىي نۇجۇم) بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. 30 ياش ئەتراپىدا ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ مەركىزى باغداتقا بارغان، ئۇ باغداتقا سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە تىكلەپ بولغان. كېيىنكى ئۆمرىدە باغدات، ھەرران (مىسوپوتامىيىدىكى مۇھىم بىر مەدەنىيەت ئۇچىقى ئىدى) لاردا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلمىي، پەلسەپىۋى ئېقىملار بىلەن تونۇشتى. فارابى ھەرراندا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئالېكساندرىيە ئىلمىي گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ خرىستىئان تەرجىمانلار تەرجىمە قىلغان ئارىستوتېل ئەسەرلىرى بىلەن ئارىستوتېلنىڭ گرېك يېزىقىدىكى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. تۈرلۈك مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ ئارىستوتېلنىڭ «روھ توغرىسىدا» دېگەن كىتابىنى 100 قېتىم، «مېتافىزىكا» نى 40 قېتىم، «رىتورىكا» كىتابىنى 20 قېتىم ئوقۇپ ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيەتلىرىنى ئىگىلىگەن⑧. ئۇ كېيىن باغدات، دەمەشق قاتارلىق جايلاردا بولۇپ ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان. تۈركىيە ئالىمى ئەھمەد ئاتەش ئۆزىنىڭ «فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى» ناملىق كىتابىدا

فارابىنىڭ 160 پارچە ئەسىرىنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسىتىدۇ. فارابى ئەسەرلىرى ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، لاتىنچە، ئىسپانچە، فىرانسۇزچە، نېمىسچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە ۋە باشقا بىرمۇنچە تىللاردا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. ئالىمنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن باشقا ئەسەرلىرى ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، ئارىستوتىل قاتارلىق مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرىگە يازغان ئىجادىي شەرھى ئەسەرلىرى؛ يەنە بىرى، ئالىمنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىلمىي، مەخسۇس ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى «پەنلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرىپى توغرىسىدا كىتاب»، «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى توغرىسىدا»، «پەلسەپە توغرىسىدا»، «ئەقىل توغرىسىدا»، «بەخت توغرىسىدا»، «پەزىلەتلىك ئادەت» قاتارلىق ئىلمىي، سىياسىي ۋە پەلسەپىۋىي ئەسەرلەردۇر. ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى پەلسەپە، لوگىكا، مۇزىكا، ئېتىكا، تەبىئەت پەنلىرى، روھىيەت ۋە شېئىرىيەت قاتارلىق نۇرغۇن پەنلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق پەلسەپىۋى ئىدىيىسى تۆۋەندىكىچە:

ئالىمنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ئارىستوتىل ۋە يېڭى پلاتونىزمچىلارنىڭ ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلغان ھالدا تەسەۋۋۇپ، تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىنى ئالغان بولۇپ، ئۇ بۇ خىل ئىدىيىلەرنى تەبىئىي پەنلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەقىل بىلەن ئېتىقادنى كېلىشتۈرمەكچى بولىدۇ.

پەلسەپە، دىنى ئەھكاملارغا قارىتا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ پەلسەپىنى دىنىي كالامىزمدىن ھالقىتىپ مۇستەقىل راۋاجلاندۇرغان. ئۇ پەلسەپە ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، پەقەت پەلسەپىلا ئالەمگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك بىلىشكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ، پەقەت پەلسەپىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەندىلا، ئاللاھنى تونۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ پەلسەپىنى نەزەرىيىۋى پەلسەپە ۋە ئەمەلىي پەلسەپە دەپ ئىككىگە بۆلىدۇ. نەزەرىيىۋى پەلسەپىگە فىزىكا، ماتېماتىكىلارنى، ئەمەلىي پەلسەپىگە ئېتىكا (ئەخلاق مىزادشۇناسلىقى)نى كىرگۈزىدۇ. ئونتولوگىيە (تۈپ زات نەزەرىيىسى) نۇقتىسىدىن يېڭى پلاتونىزمنىڭ «ئۇرغۇپ چىقىش» (ئېماناتسىيە) قارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ ئاللاھ - ئالەمدىكى مەۋجۇداتنىڭ بىرىنچى سەۋەبى ۋە مەقسەت سەۋەبى، ئۇ مەڭگۈلۈك ساپ روھ، مۇقەررەر سوبىستانسىيە (ئەسلى زات)؛ ئاللاھنىڭ زاتى ۋە تاشقى دۇنيا بىردەكلىكتە ئىكەن، تاشقى ئالەم تۆت زات (تۇپراق، سۇ، ئوت، ھاۋا) تىن تەركىب تاپقان، ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىش ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتى، تەرەققىيات ئۆزگىرىشنىڭ جەريانى، ئۆزگىرىش تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارىغان.

بىلىش نەزىرىيىسى جەھەتتە، ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى، ئىنسانلار بىلىش ئىقتىدارى بىلەن ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ ۋە بىلىش سۇبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم بىلەن سىرتقى دۇنيا ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت شەكىللەندۇرۇش بىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى، بىلىشنىڭ مەنبەسى سېزىم، لېكىن، ئىنسانلار بىلىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن پائال ئەقىلگە تايىنىشى كېرەك؛ ئۇ ئەقىلنى مۇمكىنلىكتىكى ئەقىل، ئەمەلىي ئەقىل، ئېرىشىلگەن ئەقىل، پائال ئەقىل دەپ بۆلگەن. بۇ خىل بىلىش نەزەرىيىسى فارابى بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ توغرا بىلىشى ۋە ھەقىقەت - تەبىئەت جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىردەكلىكتە ئىكە، دېگەن يەكۇنگە مۇجەسسەملىشىدۇ. ئۇ پەن، دىن، لوگىكا توغرىسىدا توختىلىپ: «پەن ۋە دىن ئوخشىمىغان ئىككى ساھەدىكى

ھەقىقەت، دىن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، ئېتىقادى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقىنىڭ ئۆلچىمى دائىرىسىدىكى ھەقىقەت، لېكىن پەن بولسا كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئىزدىشى توغرىسىدىكى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بەختىگە ئىنتىلىشى توغرىسىدىكى ئىلگىرىلىشىدىكى بىلىملەر، بۇ كەڭ مەنىدىكى ھەقىقەت. لوگىكا، پەلسەپە ۋە ئىلاھىيەتنى ئايرىدىغان ۋاستىدۇر»⑨ دېگەن يەكۈننى چىقارغان.

ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىدىيىلىرى «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىگە مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، بىر شەھەر (دۆلەت) نىڭ گۈللىنىشى ۋە يۈكسىلىشى ئۇنىڭ رەئىسىنىڭ پەزىلەتلىك پەيلاسوپ بولۇشىغا، خەلقنىڭ ئومۇمىي ئىتتىپاقلىقىنى ساقلىشىغا، بەدەن ئەزالىرى يۈرەكنى تەقەززا قىلغاندەك ھاكىم ئەزاغا تەلپۈنىشى، يۈرەكنىڭ ھەرقايسى ئەزالارنى ئوزۇقلۇق - قان بىلەن تەمىنلىگىنىگە ئوخشاش ئۆز ئارا تەقەززالىقىغا، يەنى ياخشى سەردارنىڭ يول باشلىشى، دىيانەتلىك، پەزىلەتلىك ئاھالىلەرنىڭ ھەرقايسى تەرەپتىن قول تۇتۇشۇپ ئىشلىشىگە باغلىق، دېگەن ئىلمىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھالاكەتكە يۈزلەنگەن شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇش سەۋەبى سەردارى (ھاكىمى) نىڭ چىرىكلىشىشى، ئۆز مەنپەئەتىنى خەلق مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن قويۇشى، ھاكىم ۋە ئەل ئارىسىدىكى نىيەت - ئىقبال، مەسئۇلىيەت بىردەكلىكىنىڭ بۇزۇلۇشى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇشى، ئاينىشى، مەنۋىيەتتىكى ياتلىشىش، چۈشكۈنلىشىش قاتارلىق مۇھىم سەۋەبلەرگە يىغىنچاقلاپ، ئەگەر يۇقىرىقى ھادىسىلەر ئاساسلىق ئېقىم سۈپىتىدە كۆرۈلسە، دەل ۋەيرانچىلىق ۋە ھالاكەتنىڭ مۇقەددىمىسى بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىپ بۇ خىلدىكى ئەللەر ئاينىپ ۋەيران بولىدۇ، ياكى مەھكۇملۇققا دۇچار بولىدۇ، خەلقى ھەقىقىي، ئەركىن، ئىنسانىي ئىززەت - ھۆرمەت، ھوقۇقتىن مەھرۇم بولىدۇ، دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ. ئالىمنىڭ يۇقىرىقى مۇھىم تارىخىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرى تارىخنىڭ ھەقىقەت قانۇنىيەتلىرىنى يورۇتۇش بولۇپ، ھېلىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق.

### 3. ئىبن سىنا ۋە ئۇنىڭ روھىيەت پەلسەپىسى

مۇسۇلمان شەرقىنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى ۋە تېببىي ئالىمى ئەبۇ ئەلى ھۈسەيىن ئابدۇللا ئىبن سىنا (مىلادىيە 980 - 1037 - يىللار) ياۋروپادا «ئاۋى سىنا» نامى بىلەن مەشھۇر. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا شەھىرى يېنىدىكى ئەفشان يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. جاھان مەدەنىيىتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى شەرىپىگە، شەرقتە «ئۈچىنچى ئۇستاز»، «ئىككىنچى فارابى»، «شەيخۇل رەئىس»، «تېبابەت شاھى» دېگەن نامدا ئاتالسا، غەربتە ھىپپوكرات ۋە گالىندىن ھۆرمەتلىك ھەكىم، دەپ تونۇلدى. ئالىمنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، پەلسەپە، پسىخولوگىيە، تېببىي پەنلەر بويىچە قىممەتلىك، سەمەرىلىك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ئىبن سىنا ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەينى زامانىغىچە بولغان پەنلەرنى ئۆز تەتقىقاتى ئاساسىدا، نەزەرىيىۋىي پەنلەر ۋە ئەمەلىي پەنلەرگە بۆلدى.

نەزەرىيىۋى پەنلەرنى تەبىئەت پەنلىرى، ماتېماتىكا، مېتافىزىكا، لوگىكا قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلگەن. ئەمەلىي پەنلەرنى كىشىلىك ئەخلاق، ئاممىۋى ئەخلاق، ئائىلە ئەخلاقى، سىياسىيشۇناسلىق قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى سەۋەبلىك ھەممە ئۇنىڭ «روھىيەت توغرىسىدا» «ئەلقانۇن» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمىز سەۋەبلىك ئىبن سىنا پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم غولى —

روھىيەت پەلسەپىسىنى قىسقىچە تۆۋەندىكىدەك شەرھلەيمىز:

ئۇنىڭ روھىيەت قاراشلىرى پەلسەپىۋى سىستېمىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، جانلىقلار فىزوئولوگىيىسى، ئىنسان پسىخولوگىيىسىنى سىستېمىلىق، لوگىكىلىق يورۇتۇپ بېرىپ «روھىيەت پەلسەپىسى»نى شەكىللەندۈرگەن. ئالىم ئۆز قاراشلىرىدا جانلىقلار (ئۆسۈملۈك، ھايۋانات، ئىنسان) دىكى روھ چۈشەنچىسى توغرىسىدا ئەتراپلىق توختالغان. روھنىڭ مەنبەسى، قاتلىمى، فۇنكسىيىسى توغرىسىدا شۇ دەۋرگىچە يېڭى خۇلاسە ھېسابلىنىدىغان، شۇنداقلا زامانىمىزغىچە قىممىتىنى يوقاتمىغان مۇھىم يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ئۇنى مۇھىم كاتېگورىيىلەرگە بۆلگەن.

روھ ئىبن سىنا پەلسەپىسىدىكى مۇھىم كاتېگورىيە بولۇپ، بارلىق جانلىقلار روھ سەۋەپتىن ھەر خىل تەبىئىي قۇۋۋەتكە (ئىقتىدار) گە ئىگە. جانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆسۈپ - يېتىلىشى ئوزۇقلىنىشى ۋە كۆپىيىشى ئىنسانلارنىڭ پسىخىك، فىزىئولوگىيىلىك پائالىيىتى قاتارلىق ھاياتلىق يۈرىشىشى روھتىن ئىبارەت بىر خىل قۇۋۋەتكە موھتاج بولۇپ، روھ سەۋەبلىك بۇ پائالىيەتلەر بىردەكلىككە ئىگە. روھ بۇ جەرياندا ئالاھىدە قۇۋۋەتلىك رولىنى ئۆتەيدۇ. «بەزى جىسىملار سېزىم ھاسىل قىلىدۇ، بەزىلىرى خالىغانچە ھەرىكەتلىنىدۇ، بەزىلىرى ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىدۇ، يەنە ئوخشاش تۈردىكى جىسىملارغا كۆپىيىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇشى بىر خىل رولنىڭ بولغانلىقىدىن بولۇپ، بۇ خىل رول ئۇلارنىڭ تېنىگە مۇھتاج ئەمەستۇر. ئۇ ئۇلارنىڭ تېنىدە ئۇلارنىڭ ئۆز تېنىگە قارىتا غەيرى ماھىيەتلىك مەۋجۇدلۇق بولۇپ، يۇقىرىقى جەريانلار شۇ نەرسە تەسىر كۆرسەتكەن جەرياندۇر. بىز بۇ خىل رول ئوينىغان نەرسىنى روھ دەپ ئاتايمىز»⑩. دېمەك، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، روھ بىر خىل سۇبىستانسىيە ياكى روھى ھادىسە بولماستىن جانلىقلارنىڭ ھاياتلىق جەريانلىرىدىكى باغلىغۇچى، مۇناسىۋەتلەشتۈرگۈچى ھاياتلىق مېخانىزىمى بولغان بولىدۇ. ئىبن سىنا بۇ خىل روھلاردا قۇۋۋەت بولىدۇ، دەپ قارىغان ھەمدە بۇ قۇۋۋەتلەرنى چىقىش قىلىپ ئۈچ كاتېگورىيىگە بۆلۈپ مۇلاھىزە قىلغان.

1 - كاتېگورىيە ئۆسۈملۈك روھلىرى؛ 2 - كاتېگورىيە ھايۋانات روھلىرى؛ 3 - كاتېگورىيە ئىنسان روھلىرىدۇر. ئۆسۈملۈك روھلىرىدا ئۈچ خىل قۇۋۋەت بولىدۇ: ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى، ئۆسۈش قۇۋۋىتى، كۆپىيىش قۇۋۋىتى. ھايۋانات روھلىرىدا يۇقىرىقىلاردىن سىرت، ھەرىكەت قۇۋۋىتى، ئىدراك قۇۋۋىتى بولىدۇ. ھەرىكەت قۇۋۋىتىدىن غەرەز، ھەۋەس، سۆيگۈ، غەزەپ قۇۋۋەتلىرى كېلىپ چىقىدۇ. ئىدراك قۇۋۋىتى تاشقى بەش سەزگۈ ئەزا قۇۋۋىتى ۋە ئىچكى ئىدراك قۇۋۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان روھلىرى ئەقلىي روھ دېيىلىدۇ. يۇقىرىدىكى كاتېگورىيىلەردە يۇقىرى دەرىجىلىك قۇۋۋەتلەر تۆۋەن دەرىجىدىكى قۇۋۋەتلەرنىڭ فۇنكسىيىسىنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئىنسان روھىيىتىدىكى ئەقىل - ئەمەلىي ئەقىل (ئەخلاقىي ئادەتلەر، ھەر خىل پەنلەرنىڭ ئاساسى) ۋە نەزەرىيىۋى ئەقىل (ماددىي ئەقىل، ئەمەلدىكى ئەقىل، ئېرىشىلگەن ئەقىل، مۇقەددەس ئەقىل) لەرگە بۆلۈنىدۇ، ھەربىر ئەقىلنىڭ قۇۋۋىتى (ئىقتىدارى) ۋە فۇنكسىيىسى ئۆزىگە خاس ۋە بىر - بىرىنى چۈرىدىگەن سەۋەپ - نەتىجىلىك مۇناسىۋەت ئاساسىدا يۈرىشىدۇ.

ئۇنىڭ روھ ھەققىدىكى، ئەقىل توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرى قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن پىلاتون، ئارىستوتېللارنىڭ مېتودىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرىگە مەلۇم دەرىجە-

دە ۋارىسلىق قىلىش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش، ھەمدە ئەل كىندى، فارابىلارنىڭ نەتىجىلىرىگە ئىش قوشۇش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى ئانىمىزىم (ھەممە نەرسىدە جان - روھ بار قارىشى) قاراشلىرىغا ئۆز تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قوشۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭىچە، ئىجادىي نەتىجىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ روھ قارىشى ئىنساننىڭ مېڭە، يۇلۇن، نېرۋا سىستېمىلىرىدىكى بىر خىل فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارىغىمۇ ئانالىزاتورلۇق ۋە ئەقىل ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە سىگناللىق قۇۋۋەتتۇر. روھ سەۋەبلىك ئىنساندا ئۆزىگە خاس ئەقلىي ئىقتىدار، ئەخلاق ئېڭى شەكىللەنگەندىن سىرت، گۈزەللىكتىن سۆيۈنۈش ۋە رەزىللىكتىن نەپرەتلىنىش قاتارلىق ئىستېتىك ئاڭمۇ شەكىللىنىدۇ⑪.

دېمەك ئىنساندىكى خاراكتېر ئۆزگىچىلىكى، ئەقلىي ئىقتىدار، ئەخلاق ئېڭى روھ سەۋەبلىك مەيدانغا كېلىدۇ. ئىنساننىڭ كېيىنكى تەقدىرى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى قاتارلىقلارمۇ مەلۇم دەرىجىدە روھنىڭ كونتروللۇقىدىن ۋە تۈرتكىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. قىسقىسى، روھ سەۋەبلىك ئىنسان خاراكتېر، ماھىيەت، ئۆز قىممەتلىرىنى ۋە ئۆز مەنۋىيەتلىرىنى ياراتقان بولىدۇ.

ئىبن سىنا بىلىش نەزەرىيىسىدە «ئىنسان ئەقىل سەۋەبىدىن دۇنيانى بىلىش، ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىغا ئىگە» دەپ قاراپ ئۆز بىلىش نەزەرىيىسىنى ياراتقان، سىرتقى سەزگۈلەرنىڭ شەيئىلەرنى سېزىشى ئىچكى ئىدراكى قۇۋۋەتلەرنىڭ شەيئىلەرنى ئابستراكسىيىلەپ، بىۋاسىتە سېزىش ئارقىلىق شەيئى ماھىيەتلىرىگە يېتىشىنى تەكىتلەيدۇ، بۇ جەريان ئاڭ ۋە سېزىم ھاسىل قىلىنىش جەريانى بولۇپ، يۇقىرىقى ھەرخىل روھىي قۇۋۋەتلەر تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىنىدۇ. بىلىش باسقۇچلىرى سەزگۈلۈك بىلىش (روھىي بىلىش)، ئىچكى تەپەككۇر قۇۋۋەتلىرىنىڭ رولى، بولۇپمۇ ئەقلىي روھنىڭ ئالاھىدە خىزمىتى بىلەن يەكۈنلىنىدىغان لوگىكىلىق باسقۇچ - ئەقلىي بىلىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇ يەنە ئالاھىدە ئىقتىدارلىقلار (تۇغما ئالاھىدە ئەقلىي ئىقتىدارلىقلار) لا ئىگە بولالايدىغان مۇقەددەس ئەقىل ئارقىلىق بىۋاسىتە بىلىش (ئەقلىي ئىنتۇئىتسىيە) تىن ئىبارەت ئالاھىدە بىلىش شەكلىنىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويىدى.

ئۇ پەلسەپىنى «مەۋجۇدىيەت ئارقىلىق مەۋجۇدىيەتنى چۈشەندۈرىدىغان ئىلىم، باشقا پەنلەر ئاساس قىلىدىغان پرىنسىپلار توغرىسىدىكى ئىلىم»⑫ دەپ قاراپ، پەلسەپىنى باشقا پەنلەر ئاساس قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىرخىل ماھىيەتلىك ھەم يۇقىرى دەرىجىدىكى نەزەرىيىۋى پەن، دەپ قارىغان. ئۇ ھەقىقەتنى «تاشقى دۇنيا ھادىسىلىرىگە ماسلاشقان ئىبارە ۋە ھەرىكەت، يەنى ئۇ بۇ خىل ئىبارە ۋە ھەرىكەت تاشقى دۇنيا بىلەن بىردەك بولغان ۋاقىتتا ئىپادىلىنىدۇ»⑬ دەپ ھەقىقەتنىڭ كونكرېت زامان، ماكان ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ «ھەقىقەت ئوبيېكتىپ دۇنيا (تەبىئەت، ماددىي دۇنيا) توغرىسىدىكى توغرا ئىنكاس ياكى ھۆكۈم» دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولىدۇ. ئىبن سىنا پەلسەپىسىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ بىلىش دىئالېكتىكىسى — تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە ئىنسانلار تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى، ئىنسان ئەقلىي روھلىرى ۋە مۇقەددەس ئەقىل تەرىپىدىن توغرا ئىگىلىنىدۇ، بىلىشتىن مەقسەت دۇنيانىڭ ھەقىقەت، قانۇنىيەتلىرىنى توغرا ئىگىلەش، ئىلىم - پەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلاندۇرۇش ئاساسىدىكى ئىزدىنىش، دېگەن بىر پۈتۈن سىستېمىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ يەكۈن ئىنساند-

يەتنىڭ بىلىش تارىخىدىكى، جۈملىدىن مۇسۇلمان شەرق مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۆزگىچە بىر نەمۇنە ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ دۇنيا تېبابەتچىلىكىگە قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن مول بولۇپ، تېبابەتچىلىك تارىخىدا نۇرغۇنلىغان تۇنجى بايقاشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. «ئۆپكە تىبىركىليوزىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەل ئىكەنلىكىنى بايقىغان، كۆكرەك پەردە ياللۇغى ۋە ھەرخىل نېرۋا كېسەللىكلىرىنى بايان قىلغان، بۇلغانغان سۇ ۋە تۇپراقنىڭ كېسەل تارقىتىدىغانلىقىنى بايقىغان»[14]. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆپكە تىبىركىليوزى، چۇما، چېچەك، قىزىل ... قاتارلىق كېسەللىكلەرنى بىر قىسىم كۆرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ۋە تارقىتىدىغانلىقىنى، بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئىچىملىك سۇ، تۇپراق قاتارلىقلاردىن تارقىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن[15]. 11 ـ ئەسىردە بۇ خىل كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان كېسەل تارقاتقۇچى ئالىملىنىڭ «مىكروب» ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش قىيىن بولسىمۇ، بۇ خىل ئامىلنىڭ كېسەل تارقىتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بۇلغانغان سۇ ۋە تۇپراقتا بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى، مىكروبنىڭ بايقىلىش ئىلمىي ئاساسىنى خېلى بۇرۇنلا تۇرغۇزغانلىق، شۇنداقلا تېببى ساھەدە كېيىنكى ئالىملار ئۈچۈن مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ «روھىيەت توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا ئادەم مېڭىسىنىڭ قۇرۇلمىسى — مېڭە نېرۋىلىرى، سەزگۈ ئورگانلىرى، چوڭ مېڭە، كىچىك مېڭە تۈزۈلىشى، مېڭە توقۇلمىلىرى ۋە قېرىنچىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلغانلىقىغا، بۇ بايانلارنىڭ ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە، ئاناتومىيە، فىزىئولوگىيە پەنلىرىنىڭ يەكۈنلىرىگىمۇ ئۇيغۇن بولىدىغانلىقىغا قاراپ بۇ بايانلارنىڭ قىياسەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي كۆزىتىش ۋە تەتقىقاتتىن كەلگەنلىكىنى، ئالىمنىڭ مېڭە ئوپېراتسىيىسى ئېلىپ بارغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. دەرۋەقە «ئۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىنسانىنىڭ تەپەككۇر ئورنى ۋە ئورگىنى يۈرەك دېگەن قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىپ مېڭىنىڭ تەپەككۇر ئورنى ۋە ئورگىنى ئىكەنلىكىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن تۇنجى پەيلاسوپ ئىدى»[16]. بۇ تەرەپلەر ئەينى ۋاقىتتىكى تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن بولۇشى، دىنىي ئېدىئولوگىيىنىڭ چەكلىشى ۋە بوغۇشىدىن ھالقىپ چىقىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى — مىدىتسىنا، ئىنسان فىزىئولوگىيىسى، پەلسەپە ساھەسى ئۈچۈن قوشۇلغان ئۆچمەس تۆھپە ھېسابلىنىدۇ.

## 4. خارەزمىي ۋە ئۇنىڭ ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرگە قوشقان تۆھپىسى

مۇھەممەت ئىبن مۇسا خارەزمىي (مىلادىيە 780 ـ 850 ـ يىللار) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خارەزىم رايونىدا (خارەزىم ھازىرقى ئۆزبېكىستان بىلەن تۈركمەنىستان چېگرىسىغا توغرا كېلىدۇ، ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا) دۇنياغا كەلگەن، ئۇ شۇ دەۋر «ئەرەب ماتېماتىكىسى» تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى مۇھىم شەخس، ئۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ بىرى، ماتېماتىكا ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھەرقانداق ماتېماتىك ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ[17]. ئالىمنىڭ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلەرگە قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى زور. ئۇ ماتېماتىكا ۋە ئالگېبرا ھەققىدە ئەڭ نەمۇنىلىك كىتابلارنى يازغان. ئۇنىڭ ماتېماتىكا جەھەتتىكى تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ماتېماتىكىدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىنىڭ ۋە ماتېماتىكىنىڭ ئالاھىدە بىر تارمىقى

بولغان ئالگېبرا پېنىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ مىلادىيە 820 ـ يىللىرى ئەتراپىدا تارىختا بىرىنچى بولۇپ «تەڭلىمىلەر ھەققىدىكى پەن» («Hisab al—j abr wal—muqabalah») ناملىق ئەسىرىنى يازغان[18]. بۇ ئەسەر 12 ـ ئەسىردە لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، تاكى 16 ـ ئەسىرگىچە ياۋروپادىكى ئالىي مەكتەپلەردە مۇھىم ماتېماتىكا دەرسلىكى قىلىنغان «algebra» (ئەلجەبىر) دېگەن بىر خىل پەن ۋە پەن نامىمۇ «al—jabr» دىن ياۋروپاغا تارقالغان، بىزگىمۇ شۇ پېتىچە كىرىپ ئۆزلەشكەن. ئالىمنىڭ يەنە بىر تۆھپىسى شۇكى، ئەسلى ھىندىلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان نۆلدىن باشلانغان ئونلۇق ساناق سان سىستېمىسى ئەل خارەزمىينىڭ شۇ ئەسىرى ئارقىلىق ياۋروپا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كېڭەيگەن، ئەسەر شۇ دەۋردىكى ئىسلام مەدەنىيىتى دائىرىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئالاقە ـ ئورتاق تىلى ئەرەب تىلى بويىچە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سانلار سىستېمىسى ئەل خارەزمىينىڭ تۆھپىسى بىلەن «ئەرەب رەقىمى» نامىدا ئاتالغان.

ئۇنىڭ ماتېماتىكا ۋە ئونلۇق ساناق سان سىستېمىسى، بولۇپمۇ تەڭلىمىلەر ھەققىدىكى نەتىجىلىرى ئىرانلىق ئۆمەر ھەييام، پىستالىق لىئوناردۇ، پىلورونسىيىلىك ياقۇپ قاتارلىقلار تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىندى، ئۆمەر ھەييام خارەزمىي ماتېماتىكىسىدىكى نامەلۇملۇق تەڭلىمىلەرگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ ھەر خىل تەڭلىمىلەرنى تۈرگە ئايرىشقا تەرەققىي قىلدۇردى[19]. ئۇ جۇغراپىيە جەھەتتە يۇنان جۇغراپىيە ئالىمى پىتولىمىنىڭ «جۇغراپىيە» دېگەن ئەسىرىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىش ۋە قايتا ئىشلەش ئاساسىدا «يەر تەسۋىرى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىققان. كىتابتا ھەربىر شەھەر، جاينىڭ (جەمئىي 537 ئورۇن) ئۇزۇنلۇق، كەڭلىكتىكى ئورنى كۆرسىتىلگەن. خارەزمىي سىزغان بۇ خەرىتىلەردىن يېقىن شەرق، ئوتتۇرا شەرق خەرىتىسى، ئازوۋ دېڭىزى خەرىتىسى، نىل دەرياسى خەرىتىسى قاتارلىقلار زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بۇ ئەمگەكلىرى غەرب ۋە شەرق جۇغراپىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن چوڭ تۆھپە ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە يەر شارى ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارغان پىتولىمىنىڭ قاراشلىرىغا قارىتا ئىلگىرىلىگەن يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە يەر شارىنى ناھايىتى چوڭ دەپ ھېسابلىغان، «يەر شارىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنى ھېسابلاپ چىقىپ 64 مىڭ كىلومېتىر دەپ بېكىتكەن»[20]. ھازىرقى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئۆلچەنگەن يەر شارىنىڭ ئېكۋاتور بويىچە ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 40075 كىلومېتىر[21] بولۇپ، بۇ ئىككى ئۆلچەم ئوتتۇرىسىدىكى خاتالىق پەرقى 23 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇقراق ئىدى. ئېنسىكلوپېدىك ئالىم خارەزمىي يەنە تارىخ پەنلىرى بويىچىمۇ ناھايىتى چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئاساسىدا يازغان «يەھۇدىيلارنىڭ تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ بايراملىرىنى بەلگىلەش» دېگەن ئەسىرى ئۆز زامانىسىدا ناھايىتى زور شۆھرەت قازانغان. ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يوقىلىپ كەتكەن، پەقەت ئىسپان، لاتىن تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇندىن باشقا ئۇ يۇنان، ھىندى، پارس ئاسترونومىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا نەتىجىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ، ئەڭ دەسلەپكى ئەرەب كالېندارىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭ بۇ كالېندارى «خارەزمىي كالېندارى» دەپ ئاتالغان ۋە پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىغا كېڭەيگەن[22].

ئالىمنىڭ ماتېماتىكا، جۇغراپىيە ۋە ئاسترونومىيە ھەققىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى باشقا

ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ، بولۇپمۇ پەلسەپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

**5. بىرونى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، تەبىئىي پەنلەردىكى مۇۋەپپەقىيىتى**

ئەبۇ رەيھان بىرونى (مىلادىيە 537 ـ 1059 ـ يىللار) ئوتتۇرا ئاسىيا خارەزىم خاندانلىقىنىڭ پايتەختى قىيات شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر يېزىدا (بۇ يېزا ھازىرقى ئۆزبېكىستان ئۈرگەنچ شەھىرىدىن 120 كىلومېتىر يىراقلىقتا توغرا كېلىدۇ) دۇنياغا كەلگەن، ئۇ داڭلىق ئالىم، تارىخشۇناس، پەيلاسوپ ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا خارەزىمدىمۇ بىر «مەئمۇن ئاكادېمىيىسى» قۇرۇلغان بولۇپ㉓، بىرونى قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئىلىم ئالماشتۇرىدىغان ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان مەركىزىگە ئايلانغانىدى. بىرونى ئۆزىنىڭ پارس، ئەرەب، تۈركىي، ئىبراي، سۈرىيە ۋە سانسكرىت تىلىنى بىلىش ئارتۇقچىلىقى بىلەن كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان ۋە تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ ئۆمرىدە 154 پارچە ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىدىن «قەدىمكى يادىكارلىقلار» دا تۈركىي، پارس، ئەرەب، يۇنان، رىم قاتارلىق خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ جۇغراپىيە، مېترولوگىيە، ئېتنوگرافىيە جەھەتتىكى كونكرېت ئەھۋاللىرى، يىلنامىلىرى، كالېندارلىرى ھەم دىنىي ئېتىقادلىرى، تىل، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا ئەتراپلىق تارىخىي مەلۇمات بېرىلىدۇ. بۇ ئەسەر شەرق ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بىرونىنىڭ يەنە بىر ۋەكىللىك ئەسىرى «ھىندىستاننى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دۇر. بۇ ھىندىستان تارىخى توغرۇلۇق ئېنسىكلوپېدىيە دېيىشكىمۇ بولىدىغان ئەسەر بولۇپ، ئەسەردە ھىندىستاننىڭ قەدىمدىن تارتىپ تاكى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخى ئەتراپلىق شەرھلەنگەن. ھىندىلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، تارىختىكى دىنلىرى، ئىلاھىي چۈشەنچىلىرى، ئەۋلىيا ـ پەيغەمبەرلىرى، دىنىي مەزھەپ، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەخلاق، تىل ـ ئەدەبىيات، ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، ھىندىستاننىڭ سىياسىي ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، پەلسەپىسى، باج تۈزۈملىرى، ئاسترونومىيىسى، قانۇنلىرى بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ بۇددا پەلسەپىسىنىڭ ئاساسلىق قاراشلىرى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان. يۇنان پەلسەپىسى بىلەن دىنىي پەلسەپە ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ يەنە ھىندى پەلسەپىسىنىڭ ئىسلام سوپىزىمىغا بولغان تەسىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئاسترونومىيە جەھەتتە، «مەسئۇد ئاسترونومىيىسى ۋە ئاسترونومىيە قائىدىلىرى»، «ئاسترونومىيىگە كىرىش چۈشەنچىلىرى» دېگەن ئەسەرلىرىنى يازغان. ئۇنىڭ يەنە 45 تىن ئارتۇق ئاسترونومىيە ئەسۋابىنى ياساپ چىققانلىقى مەلۇم. يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە ئاسترونومىيىگە ئائىت نەزەرىيىلەر يەكۈنلەنگەن. «يەر شارىنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغانلىقى قىياس قىلىنغان»㉔. جۇغراپىيە ۋە گېئولوگىيە جەھەتتىكى تۆھپىلىرىمۇ ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، «قىممەت باھالىق تاشلارنى بىلىش كىتابى» ئوتتۇرا ئاسىيا گېئولوگىيىسى بويىچە مۇكەممەل ئەسەر ئىدى. بۇ ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مېنېراللار ۋە مېتال تۈرلىرىنىڭ جايلىنىش قاتلىمى توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ھەر خىل چەكلىمىلىكلەر ۋە تېخنىكىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا قارىماي، 50 تىن ئارتۇق مېنېرال، رودا ئەينەك قاتارلىقلار ھەققىدە تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەن، ئېسىل تاشلار ۋە مېنېراللارنىڭ 18 خىلى ئۈستىدە تامامەن توغرا باھالاش ئېلىپ بارغان. ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئۇلارنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ بېكىتكەن. ئۇ تېبابەتچىلىك، تەبىئەت پەنلىرى بويىچە،

يەنە خىمىيە، مىنېراللوگىيە، بىئولوگىيە پەنلىرىنى بىر - بىرىگە باغلاش ۋە ئەتراپلىق ئىگىلەش كېرەك، دەپ قارىغان.

پەلسەپە ئىدىيىسى جەھەتتە، ئۇ ئىككى ھەقىقەت نەزەرىيىسىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، ساددا دىئالېكتىكىلىق قاراشقا ئىگە ئىدى. ئۇ ماددىلار ئۆزلىرىنى ياراتقان، تەبىئەت دۇنياسىدا پەيدا بولغان بارلىق ھەرىكەت ماددىغا مەنسۇپ، ماددا ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىش، تەرەققىيات ھالىتىدە تۇرىدۇ ۋە ئۈزلۈكسىز كونكرېت ماددا ھالىتىگە ئۆزگىرىدۇ، تەبىئەت دۇنياسى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلگەن نەرسىلەرنىڭ توغرا - خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىدىغان ئۆلچەم، دەپ قارىغان.

روھىي قۇۋۋەت (ئىقتىدار، روھ ۋە تەپەككۇر قاتارلىقلار) تەننىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى، پەلسەپە بىر خىل ئەڭ يۈكسەك ئەقلىي بىلىش، لېكىن دىن كىشىلەر ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىگە چەك قويىدىغان ئەخلاق ئۆلچىمى. ياخشىلىقنى تەكىتلەش، يامانلىقنى تۈگىتىش كېرەك. دىن ۋە پەن ئوخشىمىغان دائىرىدىكى ئىككى خىل مەسىلە … دەپ قارىغان. ئۇنىڭ پەلسەپە، ئەخلاق ۋە دىنى قاراشلىرىنى قىسقىچە يۇقىرىقى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن بولۇپ، ئۇنى بۇ توغرۇلۇق ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە قىممەتلىك ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، دەپ ئېيتالايمىز. ئالىمنىڭ يۇقىرىقىدەك ھەرقايسى تەبىئىي پەنلەر ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى ۋە ئەمگەكلىرى شەرىپىگە كېيىنكى ئالىملار تەرىپىدىن «ئېنسىكلوپېدىك ئالىم، ھەر خىل مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەلچىسى» دەپ تەرىپلىنىپ، مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

## 6. يۇقىرىقى ئالىملار ئەمگىكىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىدە، جۈملىدىن دۇنيا مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى ۋە بىز ئۈچۈن قىممىتى

ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا يېتىشكەن يۇقىرىقى بىر نەچچە ئالىم، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەبىئىي پەن، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى يۈكسەك سەۋىيىسىنىڭ نامايەندىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئەمگەكلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت گۈللىنىشى دەۋرىنىڭ يۈكسەك پەللىسى، شۇنداقلا ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتى دەپ ئاتالغان ئىسلام دىنى تەسىرى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام مەدەنىيىتىدە سالماقلىق ئورۇن تۇتقان ۋە شەرق ۋە غەرب دۇنياسىدا كەڭ ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن پەخىرلىك تۆھپىكارلىرىمىزدۇر. گەرچە ئۇلار ياشاپ ئۆتكەن تېررىتورىيە، قان سىستېمىسى، مىللەت تەۋەلىكى ئېنىق تۈرك، تاجىك - پارس مىللەتلىرىگە تەۋە بولسىمۇ، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيەت چەمبىرىكى دائىرىسىدە ئىجاد ئەتكەنلىكى ۋە ئالاقە - خەلىپىلىك تىلى، پەن - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تىلى ھېسابلانغان ئەرەب تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقى سەۋەبلىك، مەدەنىيەت، دائىرە نۇقتىسىدىن ئۇلار «ئەرەب پەيلاسوپى»، «ئەرەب ئالىملىرى» قىلىپ قويۇلغان، ھەتتا فارابى توغرۇلۇق نۇرغۇن مەتبۇئاتلاردا «ئەرەب» دېيىلىشتىن سىرت، «ئەتتۈركى» تەخەللۇسى ئىشلەتكەنلىكى، نەسەبىنىڭ ئېنىق بولغانلىقىغا قارىماي، «پارس مىللىتىدىن بولغان ئەرەب پەيلاسوپى» قىلىپ قويۇلغان (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشر قىلغان «غەرب پەلسەپە ئومۇمىي تارىخى»، «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «ئەرەب پەلسەپىسى» ۋە «داڭلىق شەرق پەيلاسوپلىرى ئىدىيىلىرى» قاتارلىق مەنبەلەردە …). گەرچە ئۇلارنىڭ نامى ئۇنداق، مۇنداق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپرىقى يېتىشتۈرگەن بۇ ئالىملار ئۆزلىرى ياراتقان مەنىۋى بايلىقلار

قىممىتى ئېتىبارى بىلەن كەڭ جاھان خەلقى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن. ئەسەرلەر بۇيى قەدىرلىنىپ ئەسەرلىرى تەتقىق قىلىنغان ۋە ھەرخىل تىللاردا نەشر قىلىنىپ كېلىنگەن، بۈيۈك پەيلاسوپ فارابىنىڭ ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەرەب پەيلاسوپى ئەل كىندىن كېيىنكى ئەمەس، بەلكى دۇنيا پەن ئاتىسى دەپ ئاتالغان ئارىستوتىلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ نام ئېلىشى ھەرگىز تاساددىپىي ئەمەس ئىدى[25]. گوللاندىيىلىك داڭلىق پەيلاسوپ بوئىر: «فارابىنىڭ ئارىستوتىل پەلسەپىسىگە قوشقان تۆھپىسىنى بىر ئابىدە دېيىش كېرەك. ئۇ ئارىستوتىلنىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىققان ۋە تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاشنىڭ ئالدىدا يالغان ئارىستوتىل ئەسەرلىرىنى چىقىرىپ تاشلىغان. ئۇنىڭ يەنە بىر تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ئۆز ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىللە بۇ كىتابلارنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىلگىرى ۋە يېقىنقى دەۋرلەردە ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان ئارىستوتىلنىڭ ئەسەرلىرى فارابى رەتلەپ تەرجىمە قىلغان نۇسخىلىرىنى ئاساس قىلغان»[26] دەيدۇ.

ئارىستوتىلنىڭ بۇ ئەسەرلىرىنىڭ رەتكە تۇرغۇزۇلۇشى، تەرتىپى فارابىنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئاندىن بېكىتىلگەن. فارابى دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە پەيلاسوپلار مۇشۇ تەرتىپكە ئۇدا ئاساسلانغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىگەن. شۇڭلاشقا فارابىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇنى «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ ئاتىشى تەبىئىي ئىش، ھېچقانداق غەلىتىلىك مەۋجۇد ئەمەس[27]. ئالىمنىڭ شۇنداق ئاتىلىشى ئۇنىڭ ھەرقايسى پەنلەر بويىچە قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كەڭ خەلق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنىڭ دەلىلى، خالاس. فارابىنىڭ تەلىماتلىرى كېيىنكى بىر دەۋردە شەرق ـ غەرب ئالىملىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ۋە تېخىمۇ راۋاجلىنىشى، مۇكەممەللىشىدە ئۆز قىممىتىنى يەنە بىر قېتىم ئىپادە قىلدى. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئالدى بىلەن شەرقتە، ئاندىن غەربتە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەبۇ زەكەرىيە، يەھيا ئىبنى ئەدى، ئاباس ئەل تەۋھىدى، ياقۇپ ئىبنى مەسكەۋەيسىلەر يېتىشىپ چىقتى. «10 ـ ئەسىر ئېنسىكلوپېدىيىلىرى»، «سادىق دوستلار مەخپىي ئىلمىي تەشكىلاتى»غا تەسىر كۆرسەتتى. ئىبنى سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئىمامىددىن كاشغەرى، ناسىر خىسراۋ، ئىبنى باجە، ئىبنى توفوئېل، ئىبنى روشىد، ئىبنى خەلدۇن، نىزامى گەنجەۋى، پەخرىددىن رازى، ئەلىشىر نەۋائى، ئىبنى مەيمۇندى، ئابدۇقادىر بېدىل قاتارلىقلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاساسلىق غوللۇق رول ئوينىدى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىبنى مەيمۇند (مىلادىيە 1135 ـ 1234 ـ يىللار) ۋە كومونارلىق گىرات (مىلادىيە 1114 ـ 1184 ـ يىللار) قاتارلىقلار تەرىپىدىن «ئەۋى ئەسەف» نامىدا ئىسپانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيىدە تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلدى.

ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىدىكى مەرىپەتچىلەردىن سىگىر. بىراباتسكى، روجېر. بېكون، فىرانس. بىكون، بىرونو، گالىلې، كوپېرنىك، دىكارت، سىپىنوزا، گېگىل قاتارلىقلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى[28].

بۇ ھەقتە داڭلىق پەيلاسوپ گېگىل مۇنداق دەيدۇ: «ئارىستوتىل ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمەسى غەرب ئەللىرى ئۈچۈن پەلسەپە بۇلىقى بولۇپ قالدى. غەربلىكلەر ئۆزۈن بىر مەزگىلگىچە ئارىستوتىل ئەسەرلىرىنىڭ قايتا تەرجىمىسى ۋە ئەرەبلەرنىڭ شەرھى تەرجىمىسىدىن باشقا

ئارستوتىلنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى. ئىسپانىيەدىكى ئەرەبلەر، بولۇپمۇ ئىسپانىيەنىڭ جەنۇ-بى، پورتۇگالىيە ۋە ئافرىقىدىكى يەھۇدىيلار تەرىپىدىن ھازىر بۇ ئەسەرلەر ئەرەبچىدىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنماقتا»㉙.

ئىبن سىنا ئۆز ھاياتىدا 240 نەچچە پارچە ئەسەر يازغان. «ئەل قانۇن» ۋە «داۋالاش كىتابى» (ئەششىپا) ياۋروپا تىللىرىغا 12 ـ ئەسىردىلا تەرجىمە قىلىنغان. 17 ـ ئەسىرگىچە نۇرغۇن ياۋروپا ئالىي مەكتەپلىرىدە دەرسلىك قىلىنغان ۋە ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەر، دەپ قارالغان، پەقەت لاتىن تىلىدىلا 40 قېتىم نەشر قىلىنغان. ئىبن سىنانىڭ تىببىي ۋە پەلسەپە ئەسەرلىرى شەرق دۇنياسىدا ھازىرغىچە قەدىرلىنىپ تېۋىپلار ۋە پەيلاسوپلارنىڭ قوللانمىلىرى قىلىنىپ كېلىنۋاتىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چۈش، روھ، تەپەك-كۇر ئورنى، ئورگىنى ۋە ئەقىل توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئالىملار قاراشلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئىبن سىنا قاراشلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىماممەدىن كاشغەرى دېگەن كىشىنىڭ «ئەل قانۇن»غا ئۇيغۇر تىلىدا قايتا شەرھى يازغانلىقى مەلۇم.

بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىدىن كۆرە، ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپا «ئاۋى سىنا ئېقىمى» دېگەن پەلسەپۋى ئېقىم مەۋجۇد بولغان، توماس. ئاكۋىنا، دىكارت، بىروگسون قاتارلىق پەيلاسوپلار ئىبن سىنانىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان㉚.

ھازىر خەلقئارادىمۇ يۇقىرىقى ئالىملارغا تېگىشلىك باھالار بېرىلىپ ۋە خاتىرلىنىپ ئالىملارنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى نامايان قىلىنىپ كەلمەكتە. داڭلىق تارىخچى فىلىپ. ھىتتى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى» دا: «يۇنان پەلسەپىسى بىلەن ئىسلام پەلسەپىسىنى قوشۇش، كېلىشتۈرۈش ئىشلىرىنى ئەرەبلەردىن چىققان ئەل كىندى باشلىغان، تۈركلەردىن چىققان فارابى داۋاملاشتۇرغان، پارس ئىبن سىنا تاماملىغان»㉛ دەپ يازسا، ئىراقلىق پەيلاسوپ موسا مۇساۋى «ئەرەب پەلسەپىسى» ناملىق ئەسىردە، فارابى ئەرەب دۇنياسىدىكى پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقىي ئۇل سالغۇچىسى، بىز ئېيتىۋاتقان ئىسلام پەلسە-پىسىنىڭ بىرىنچى ياراتقۇچىسى، ئۇ ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تىكلىگەن ۋە پەلسەپىدىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەرەب پەيلا-سوپلىرىنىڭ ئىدىيىسىدە بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى مەنبە قىلماي قالمىغان، ㉜ دەپ يازىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق كىتابتا «شەرق پەيلاسوپلىرىنىڭ ئىچىدە ئۈچ كىشى ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، ئۇلار ئەل كىندى، ئەل فارابى، ئىبن سىنالاردۇر. ئۇلار تۈرك ۋە پارسلاردىن ئىدى»㉝ دەپ كۆرسىتىپ فارابى، ئىبن سىنا قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، ئىسلام پەلسەپىسى يارىتىشتىكى ئورنىغا ۋە شەرق دۇنياسىدىكى ئورنىغا توغرا باھا بەرگەن. دۇنيا تىنچلىق مۇدىرىيىتىنىڭ چاقىرىقى بىلەن 1952 ـ يىلى ئىبن سىنا دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 1000 يىللىقى (ھىجرىيە كالىندارى بويىچە) داغدۇغىلىق قۇتلۇقلاندى (ئالدىنقى قېتىملىقىدا بىرو-نىمۇ ئىبن سىنا بىلەن بىللە قۇتلۇقلانغان). يەنە ب د ت پەن ـ مائارىپ تەشكىلاتى ئىبن سىناغا «دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى تۆت بۈيۈك شەخسنىڭ بىرى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

يۇقىرىقى ئالىملىرىمىزنىڭ مۇبارەك نامى ئۆزلىرى ياراتقان مەنىۋىيەت، پەن ـ مەدەنىيەت

مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئېتىبارى بىلەن، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە شەخسلەر نامى بىلەن، بولۇپمۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە قوشقان تۆھپىلىرى، قىممىتى بىلەن مەڭگۈ قەدىرلىنىدۇ ۋە ئۆچمەيدۇ. بۇ نەتىجىلەر ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجە، يېڭى قىممەت يارىتقۇسى.

مەدەنىيەت تارىخىمىزنى تارىخىي ئۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىش، ۋەقەلەر تىزىمىسى، يىلنامىلەر خاتىرىسى، پادىشاھلار زەپەر خاتىرىسى، ئوردا تارىخى، سىياسىي ۋە مۇناسىۋەت تارىخلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس. شۇنداقلا بۇ خىل يۈسۈندىكى تارىخ تارىخنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىدىن يىراق تۇرىدۇ. تارىخنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن «تارىخ» ئارقىلىق ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى، تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى، ماددىي - مەنىۋى قىممەت قاتلىمىنى تونۇش، شۇ ئارقىلىق «يېڭى تارىخ» نىڭ بېتىنى ياساشتۇر.

### ئىزاھاتلار


① «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»

② ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي تىزىسلىرى»، 335 - بەت، خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.

③ ④ ⑨ ㉒ ㉔ «جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 688 - بەت، 148 - بەت، 145 - بەت، 225 - بەت، سچۈەن لۇغەت نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى.

⑤ ⑰ ⑱ ⑲ ㉛ فىلىپ. ھىتتى (ئامېرىكا): «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى» 1 - توم، 357 - بەت، 447 - بەت، 446 - بەت، 435 - بەت، سودا نەشرىياتى، 1976 - يىل نەشرى.

⑥ گوبىڭدى: «ئەرەب ئوتتۇرا قەدىمكى زامان قىسقىچە تارىخى»، 232 - بەت، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى.

⑦⑧ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، 9 -، 16 - بەتلەر، 38- بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - تىل نەشرى.

⑩ ⑬ ⑮ ئىبىن سىنا: «روھىيەت توغرىسىدا»، 8 - بەت، كىرىش سۆز 20 -، 21 - بەت، كىرىش سۆز، 8 - بەت، سودا نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى.

⑪ ⑯ بۇ ھەقتە ئابلىمىت ئۆمەرنىڭ «ئىبىن سىنانىڭ روھىيەت پەلسەپىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىغا قارالسۇن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1999 - يىللىق 3 - سان.

⑫ چىن جوڭياۋ: «ئەرەب پەلسەپىسى»، 20 - بەت، شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى مائارىپ نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى.

⑭ ㉝ ئەۋارىد. مىكنال. بورنىس، فىلىپ. لى. رالىپ (ئامېرىكا): «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، 1 - توم، 444 - بەت، 443 - بەت سودا نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى.

⑳ ۋۇگو: «ئىلىم - پەن تارىخى»، 1 - توم، 202 - بەت، خۇنەن پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى.

㉑ A. N سترال، A. H. سترال (ئامېرىكا): «ھازىرقى زامان تەبىئىي جۇغراپىيىسى»، پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

㉓ زارىپ دولات باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېركلار»، 118 ـ بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى.

㉕ ئىزتىشيۇ. توشىھىكو (ياپونىيە): «ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى تارىخى»، 151 ـ بەت، بۈگۈنكى جۇڭگو نەشرىياتى، 1992 ـ يىل نەشرى.

㉖ بوئېر (گوللاندىيە): «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، 99 ـ بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1958 ـ يىل نەشرى.

㉗ خۇاشىنچۇەن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «داڭلىق شەرق پەيلاسوپلىرى» (غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا تومى)، 154 ـ بەت، شەندوڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى.

㉘ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 151 ـ 152 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى.

㉙ گېگىل (گېرمانىيە): «پەلسەپە تارىخىدىن لېكسىيەلەر»، 3 ـ توم، 261 ـ بەت، سودا نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

㉚ ئىزتشىيو. توشىھىكونىڭ «ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى تارىخى» ۋە موسا مۇساۋىنىڭ «ئەرەب پەلسەپىسى»نىڭ «ئىبن سىنا» قىسمىغا قارالسۇن.

㉜ موسا مۇساۋى (ئىراق): «ئەرەب پەلسەپىسى»، 66 ـ بەت سودا نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا، لېكتور، ماگىستېر)

## ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە:

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ (قەدىمىي قوليازمىلار بۇنىڭ سىرتىدا). شۇڭا، ئۆزىڭىزدە ئەسەردىن بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىڭ.
2. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسىرىڭىزنى كىتاب قىلىپ ئىشلەش ياكى توپلامغا كىرگۈزۈشتىن بۇرۇن چوقۇم بىز بىلەن مەسلىھەتلىشىشىڭىز، رۇخسىتىمىزنى ئېلىشىڭىز كېرەك.
3. ئەۋەتكەن ئەسىرىڭىز مۇمكىنقەدەر چىرايلىق، رەتلىك، ئىملاسى توغرا بولۇشى (ئىمكان بولسا كومپيۇتېردا بېسىپ ئەۋەتىلسە تېخىمۇ ياخشى)، ئىزاھلىرى، نەقىللىرى ئېنىق، دەلىللىك بولۇشى، خىزمەت ئورنىڭىز، ئۇنۋانىڭىز، ئادرېسىڭىز، تېلېفون نومۇرىڭىز ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

ژۇرنىلىمىزنىڭ تۈرلۈك سەھىپىلىرى بويىچە داۋاملىق ئەسەر ئەۋەتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

— «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# ئۇيغۇرلار ۋە تونۇر

ئەنۋەر باتۇر جانبەردى

تونۇرنىڭ تۈركىي مىللەتلەر ۋە پارسلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى ناھايىتى چوڭ. چۈنكى تونۇر بۇ مىللەتلەرگە كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈندۈلۈك ئىستېمالىدا ئەڭ ئاساسلىق يېمەكلىك بولغان ناننى پىشۇرىدىغان قورالدىن ئىبارەت. باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا تونۇرنىڭ تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى ۋە رولى چوڭ، تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ماددى تۇرمۇش كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مەنىۋى تۇرمۇش كاتېگورىيىسىدىنمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ ئورۇن ئالغان.

تەتقىقاتچىلىرىمىز بۇ توغرۇلۇق بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن دېيەرلىك چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولالمىدى. مەن بۇ ماقالەمدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تونۇرچىلىقى توغرىسىدا، يەنى تونۇرنىڭ تۈرلىرى، ياسىلىشى، ياسىلىش پرىنسىپى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئورنى ۋە رولى، ئۇنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۇنىڭدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزمەكچىمەن.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ تونۇرچىلىقى توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن بۇرۇن، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىپتىدائى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجى ئوزۇقلىنىش، كىيىم - كېچەك ۋە پاناھلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپتە تەبىئىي نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ ئوزۇقلۇق ئوبيېكتى قىلغان. يەنى ئۇلارمۇ ھايۋانلارغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ بىئولوگىيىلىك تەلىپى بويىچە تەبىئەت ئاتا قىلغان تەبىئىي يېمەكلىكلەرنى (ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار ۋە يېيىشكە بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى) شۇ پېتىچە ئوزۇقلۇق قىلغان. ئۇنى پىشۇرۇپ يېيىشنى ياكى تاللاپ يېيىشنى بىلمىگەن، مۇشۇنداق ئوزۇقلىنىش داۋامىدا ئۇلار كۆل ۋە دەريا ياقىلىرىدىكى كۈن نۇرىدا قىزىپ كەتكەن تاشلارنىڭ ئۈستىدە تەبىئىي ئۆلۈپ قالغان ھەم تاشنىڭ قىزىقىدا چالا - پۇلا پىشىپ قالغان بېلىقلارنى يېگەن. نەتىجىدە بۇنداق گۆشنىڭ تەمى خام گۆشكە قارىغاندا بىرقەدەر تەملىك ۋە مىزىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى ھەم تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار بۇ يېمەكلىكلەرنى تېخىمۇ ياخشى پىشۇرۇپ يېيىشنى ئويلىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ توغرىسىدا ئىزدىنىش ئارقىلىق ئوتنى ئىختىرا قىلغان ھەم تۈزنى بايقىغان. ئوتنىڭ ئىشلىتىلىشى مەدەنىي ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوتنى ئىختىرا قىلغاندىن كېيىنكى يېمەك ـ ئىچمەك جەريانىدا ئەجدادلىرىمىز بەزى ئېشلىنچى مەھسۇلاتلارغا ئېرىشكەن، يەنى ئوۋلىغان ھايۋانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلمەي قالسا ئۇلارنى باققان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ چوپانلىق تۇرمۇشى باشلانغان. ئۇلار چوپانلىق تۇرمۇشىغا ئۆگەنگەندىن كېيىن ئوتلاقتىن يىراق جايلاردا ئۆز پادىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىشنى ئۆگىنىۋېلىشى مۇقەررەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ھەم چارۋىچىلىق ئاساسىدا شەكىللەنگەن دېھقانچىلىق تۇرمۇشى شەكىللەنگەن، يەنى دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىش چارۋىچىلىق ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ دېھقانچىلىق تۇرمۇشى باشلانغاندىن كېيىنكى ئەڭ دەسلەپكى يېمەكلىكلىرىنى قوقاس، قۇمدا كۆمۈپ پىشۇراتتى. كېيىنچە تونۇر، كۆمەچدان، تاۋا چىمبىل، قازاندىمۇ پىشۇرىدىغان بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە تونۇر ئالاھىدە مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، مەلۇم تېخنىكىلىق قانۇنىيەت ئاساسىدا ياسىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى نان بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

«1979 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1980 ـ يىلى لوپنۇر رايونى كونچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، شىمالىي قىرغىقىدىكى بىر تۇركۇم ئەڭ قەدىمكى قەبرىلەر قېزىپ تەكشۈرۈلدى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق بولغاچقا، قەبرىلەردىكى مېيىت ۋە ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئاساسەن بۇزۇلماي ياخشى ساقلىنىپ قالغان. يۇلغۇن، كەندىر چىۋىقلىرى ۋە باشقا نەرسىلەردىن ناھايىتى زىچ ۋە قېلىن قىلىپ توقۇلغان كىچىك سېۋەتلەرگە ئون نەچچە تالدىن يۈز نەچچە تالغىچە بۇغداي دانلىرى سېلىپ قويۇلغان. بۇ بۇغدايىنىڭ رەڭگى قارامتۇل بولۇپ، چىرىمەي ياخشى ساقلىنىپ قالغان. قەبرىلەردىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 6412±117 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان»، «1980 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسى بوددا مۇنارىنىڭ غەربىدىكى بىر يۈرۈش ئۆينىڭ ھويلىسىدا 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە بىر تونۇرنى تاپقان».

«1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىنى قازغاندا بىر قەدىمىي قەبرىدىن تەبىئىي مومىياغا ئايلانغان بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ جەسىتى تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن قەبرىگە ساپال قاچا، ئۇرچۇق، ياغاچ تارغاق، سۆڭەك قوشۇن، يۇلغان زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن قوي گۆشى كاۋىپى، تېرىق ئۇنىدا قىلىنغان توقاچ نان قويۇلغان. كاربون 14 ئۇكسىدىدا تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ قېزىلمىلارنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىلدىن ئالتە مىڭ يىللار بۇرۇن ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇلغان.» ئۇنىڭدىن باشقا كونچى دەرياسىدىن تۆۋەن ئېقىمى ۋادىسىدىكى بۇنىڭدىن 4700 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت بىر قەبرىدىن چىققان بۇغداي، چەرچەننىڭ زاغۇنلۇقتىكى بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇنغا ئائىت بىر قەبرىدىن چىققان توقاچ نان ۋە قۇمۇلنىڭ لاپچۇق ـ قارادۆۋەدىن بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت قەبرىلەردىن تېپىلغان تېپىلمىلار توقاچ ناننىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

يۇقىرىقى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن تۆۋەندىكىدەك يەكۈنگە كېلىش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، ئەجدادلىرىمىز ئۆز دەۋرىدە ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئاساسىدا قوشۇمـچە دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شوغۇللانغان؛ ئىككىنچىدىن، ئاشلىقنى پىشىقلاپ ئىشلەپ تۇراقلىق يېمەكلىك ھازىرلاش ئۇسۇلىنى ياراتقان. چۈنكى نان تەركىبىدە تۇز بولۇپ، تونۇردا بىۋاسىتە ئوتقا قاقلاپ سىڭدۈرۈپ پىشۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاپ ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، سۇ بولسۇن، بولمىسۇن خالىغاندە يېيىشكە قولايلىق. گۆش، سۈت، قايماق ئۆز دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەك - ئىچمىكى بولسىمۇ، ئۇنى ئۇزۇن ساقلاشقا، جۈملىدىن خالىغاندا يېيىشكە بولمايتتى. ئەجدادلىرىمىز بۇ زىددىيەتنى نان بىلەن ھەل قىلغان. ئۈچىنچىدىن، ئەجدادلىرىمىز شۇ زامانلاردىلا تونۇرنى كەشىپ قىلغان ھەم كەشىپ قىلغان ۋاقتى كەم دېگەندىمۇ ئۈچ مىڭ يىلدىن كەم ئەمەس.

تونۇر مەلۇم تېخنىكىلىق قانۇنىيەت ئاساسىدا ياسىلىدۇ. بۇ خىل قانۇنىيەت تونۇرنىڭ ئاستىنىڭ ھەممە تەرىپى مەركىزى نۇقتىغا تەڭ بولغان چەمبىرەك شەكلىدە بولۇشىدا ۋە شۇ ئاساستا تەكشى نىسبەتتە گۈمبەز شەكلىگە كىچىرلىپ ياسىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

تونۇر ئادەتتە ياسىلىش ماتېرىيالىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن سېغىز تونۇر، شور تونۇر، پىششىق خىشلىق تونۇر ۋە ئىدىش تونۇر دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. سېغىز تونۇر: بۇ تونۇر ئاساسەن سېغىز بىلەن ياسالغانلىقى ئۈچۈن سېغىز تونۇر دەپ ئاتالغان. بۇ خىل تونۇر قومۇل، تۇرپان، چۆچەك، ئالتاي، غۇلجا قاتارلىق رايونلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل تونۇرنى ياساشتا ئالدى بىلەن كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللار تەييارلىنىدۇ. بۇ ماتېرىياللار سېغىز (سېرىق سېغىز ياكى كۆك سېغىز بولسىمۇ بولىدۇ) ، شېغىل، يۇڭ ، تۇز سۈيى ھەم پىششىق خىشنىڭ تەڭ يېرىم پارچىلىرى قاتارلىقلاردۇر.

سېغىز توپا — توپا يۇقمايدىغان پاكىز يەرگە تەييارلىنىدۇ. ئاندىن ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ يۇمشىتىلىدۇ (ئۆتىلىدۇ) .

شېغىل — قۇمسىز، توپىسىز بولۇشى كېرەك. ناۋادا شۇنداق بولسا، قول بىلەن ئۆلگەپ (پارلاپ) ئېلىشى ھەم سۇ بىلەن توپىسى يۇيۇلۇپ تازىلىنىشى كېرەك. ئاندىن بارماقتەك چوڭلۇقتىكىسى بىر ياققا، ئۇنىڭدىن ئۇششۇقى بىر ياققا ئايرىپ ئېلىنىدۇ.

يۇڭ — چىۋىق بىلەن ساۋداپ (ئۇرۇپ) يېڭى ئاتقان پاختىدەك يۇمشاق، يۇمران ھالەتكە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك.

تۇز سۈيى — يوغانىراق تەڭگە ياكى داسقا شور تۇز چىلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

ئاخىردا تونۇر سالماقچى بولغان ئورۇن (ھويلا ئىچى ياكى ئۆينىڭ ئەتراپىغا) لايىھىلە-نىپ، بۇ ئورۇن تۈز، تەكشى قىلىپ تەييارلىنىدۇ. بۇ تەييارلىقلار پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن تونۇرنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشى باشلىنىدۇ. ئالدى بىلەن تەييارلانغان پىششىق خىشنىڭ تەڭ يېرىم پارچىلىرى تونۇر سالماقچى بولغان ئورۇنغا يۇمىلاق چەمبەر شەكلىدە تىزىلىپ، تونۇرنىڭ ئۇلى ياسىلىدۇ. بۇنىڭغا سېمونت ياكى ئادەتتىكى لاي ئىشلىتىش ھاجەتسىز، پەقەت شۇنداق بىر قۇر تىزىپ قويساقلا بولىدۇ. چەمبەر ئايلانمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تونۇرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى بەلگىلەيدىغان بولغاچقا، ئېھتىياجغا ئاساسەن چەمبەرنىڭ دىئامېتىرىنى 80 سانتىمېتىردىن 120 سانتىمېتىرغىچە قىلساق بولىدۇ.

تونۇرنىڭ ئۇلى قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن سېغىزنى ئايرىم - ئايرىم قىلىپ تاغار ياكى

خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ خالتىسى ئۈستىگە قويۇپ، مەلۇم مىقداردىكى شېغىل ھەم يۇڭ قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىنى دەسسەپ (توپا يۇقتۇرماستىن) پىشىلدۇرىمىز. پىشىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى بۆلۈپ، چوڭلۇقى كېسەكتەك پاراللېپىپېد شەكىللىك قىلىپ ئايرىم-ئايرىم ياسىلىدۇ. ئاندىن خىش ئۈلىنىڭ ئۈستىگە ئالدى بىلەن بىر پارچىسى قويۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۇچى تۈز سۇيىنى سېپىپ سەل يۇمشۇتۇلۇپ، ئىككى قول بىلەن مۇجۇپ (سىقىپ) تەكشى ھالدا ئەسلىدىكى قېلىنلىقىدىن يېرىم ھەسسە نېپىزلىتىلىدۇ. ئاندىن يەنە بىر پارچە پىشىلدۇرۇلغان پاراللېپىپېد شەكىللىك سېغىز پارچىسىنىڭ سول تەرىپىدىن ئېغىزىنى يېرىپ، ئاچا شەكىلگە كەلتۈرىمىز ھەم ئۇنى ئاۋۋالقىنىڭ سول تەرىپىگە چىشلەشتۈرۈپ قويىمىز، ئاندىن تۈز سۇيىنىڭ ياردىمى بىلەن سەل يۇمشۇتۇپ ئىككى قول بىلەن سىقىپ، سۇۋاپ ئىككى پارچىنى گويا ھېچقانداق چېتىشلىقى بولمىغاندەك بىر پارچە شەكىلگە كەلتۈرىمىز. باشقا پىشىلدۇرۇلغان پاراللېپىپېد شەكىللىك سېغىز پارچىلىرىمۇ مۇشۇ ئاساستا قىلىنىپ تونۇرنىڭ بىر قۇرى سېلىنىپ بولىدۇ.

ئىككىنچى قۇرغا كەلگەندە، بولغان بىرىنچى قۇرنىڭ ئۈستى تەرىپى تۈز سۇيىنىڭ ياردىمىدە يۇمشۇتۇلۇپ، سىقىپ ئەسلىدىكى قېلىنلىقىدىن يېرىم ھەسسە نېپىزلىتىلىدۇ. نېپىزلىتىلگەن بۇ قىسىمغا بىز باشتا ئايرىۋالغان بارماقتەك چوڭلۇقتىكى شېغىللار زىچ ھەم تەكشى ھالدا، شېغىل ئۇزۇنلۇقىنىڭ دەل يېرىمىغىچە كىرگۈزۈپ سانجىلىدۇ. ئاندىن يەنە بىر پارچە پاراللېپىپېد شەكىللىك پىشىلدۇرۇلغان سېغىزنىڭ ئاستىنقى قىسمى ئاچا شەكىلدە ئاغزىنى يېرىپ، ئاستىنقى قۇرنىڭ مەلۇم قىسمىغا چىشلەشتۈرۈپ قويىمىز ھەم تۈز سۇيى بىلەن نەمدەپ ئىككى قول بىلەن سىقىپ، سۇۋاپ سىلىقلايمىز. ئاندىن ئوڭ ئۇچى تەرىپىنى يەنە ئاۋۋالقىدەك تۈز سۇيىنىڭ ياردىمى بىلەن تەكشى ھالدا ئىككى قول بىلەن سىقىپ ئەسلىدىكى قېلىنلىقىدىن يېرىم ھەسسە نېپىزلىتىپ بىرىنچى قۇرنى ياسىغاندەك ياساپ چىقىمىز. مۇشۇ ئاساستا تونۇرنىڭ دىئامېتىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن ئۈچ قۇر ياكى تۆت قۇر قوپارساق بولىدۇ. قوپۇرۇپ ئۈستىگە چىققانچە تەبىئىي ھالدا تونۇر ئاغزىنى ئەسلىدىكىدىن كىچىكلىتىمىز، يەنى تونۇر ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى تونۇر دىئامېتىرىدىن خېلى كىچىكلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا تونۇرنىڭ شەكلى خۇددى گۈمبەز شەكلىگە كېلىدۇ. تونۇر سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، تونۇرنىڭ سىرتقى يۈزى سامان لاي بىلەن تەكشى سۇۋىلىدۇ. ئاندىن تونۇرنىڭ سىرتقى تەرىپىنى، يەنى ئاغزىنى پەن ياكى پالاق بىلەن ھىم ئېتىپ قويىمىز. بۇنداق قىلىش تونۇرنىڭ كۈن نۇردا ياكى شامالدا يېرىلىپ كېتىشىنىڭ ھەم يادا - يېغىننىڭ تونۇرنى ھۆل قىلىپ بۇزۇپ تاشلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. ئاندىن بىرقانچە كۈن تونۇرنىڭ ئىچكى يۈز قىسمىنى، تاپىنى تۈز ئاياق چەمى ياكى تۈز تەكشى يۈزلۈك تاش بىلەن ئۇرۇپ پىشىلدۇرىمىز. بۇنداق قىلغاندا تونۇرنىڭ ئىچكى يۈز قىسمىنىڭ سىلىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرغىلى، تونۇرنىڭ چىدامچانلىقىنى ئاشۇرغىلى ھەم نان ياققاندا ناننىڭ كەينىگە كېسەك چاپلىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ھەم ناننىڭ تەملىك، مېزىلىك ۋە ياخشى پىشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا تونۇرنىڭ ئۈل قىسمىدىن بىر دانە خىش پارچىسىنى ئەپچىللىك بىلەن ئېلىۋېتىپ، بىر كىچىك ھاۋادان ئاچىمىز، شۇندىن كېيىنلا بىر مۇكەممەل تونۇر پۈتىدۇ.

2. شور تونۇر: بۇ حىل تونۇرنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى شور بولغانلىقى ئۈچۈن شور تونۇر دەپ ئاتالغان. بۇنداق تونۇر ئادەتتە خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ رايونلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇنداق تونۇر شور، تۇز، يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن لايدا ياسىلىدۇ.

شور تونۇرنى ياساشتا ئالدى بىلەن نەم توپىدا قېلىپ ياسىلىدۇ. شور كومىلاچ قىلىنىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چاپلىنىدۇ. ئاندىن شاخ - شۇمبا، چاۋا - سامان بىلەن ئىس سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن قېلىپ قىلىنغان توپا قىرىپ ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

3. پىششىق خىشلىق تونۇر: بۇ خىل تونۇر پىششىق خىشنى ئۆزىنىڭ خام ماتېرىيالى قىلغاچقا پىششىق خىشلىق تونۇر دەپ ئاتالغان. بۇ خىل تونۇرنى ياساشتا ئوخشاشلا ئاۋۋالقى تونۇرلارنى ياساشتىكى قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا خىشنى بىر - بىرىگە چىشلەشتۈرۈپ، گۈمبەزسىمان شەكىلدە قوپۇرۇپ چىقىمىز. ئاندىن سىرتقى يۈزىنى سېمونت لاي بىلەن سۇۋايمىز.

4. ئىدىش تونۇر: بۇ خىل تونۇر ئادەتتە زاۋۇتتا ياسالغان ئىدىش، يەنى سۇ قاچىلايدىغان ئىدىش (كوزا) نىڭ ئاستى تەرىپى تاش كېسىدىغان ئاپتوماتىك ھەرە بىلەن ھەرىدەپ ئېلىپ تاشلىنىپ دۈم كۆمتۈرۈلۈپ (ئاستى تەرىپىنى ئۈستى تەرىپىگە قىلىپ) تۈز تەكشى يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. پىششىق خىشلىق تونۇر بىلەن ئىدىش تونۇر ئادەتتە شەھەر ئىچى رايونلىرىدا، سېغىز توپا ۋە شور يوق رايونلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئەجدادلىرىمىز ئىنسانىيەتكە خاس ھاياتلىق يۆنىلىشىگە قەدەم قويغاندىن تارتىپ ھەر قاچان، ھەر زامان ئۆزىگە يولباشچى بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، ھەربىر ھاياتلىق قەدىمىنى شۇ خىل ئېتىقادتىن ئايرىمىغان. بۇ خىل ئېتىقاد ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. يەنى ئۇلار مەيلى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىدا بولسۇن ۋە ياكى توتېم ئېتىقادچىلىقىدا بولسۇن ئۆزلىرى ئۇلۇغلايدىغان ھەربىر نەرسىنىڭ رەڭگىنى ئېتىقاد ئوبېكتىنىڭ ياكى ئىلاھىنىڭ رەڭگىگە تەققاس قىلغان بولسا، شەكلىنى ياكى قۇرۇلمىسىنى شۇ خىل ئىلاھىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ماسلاشتۇرۇپ ياسىغان.

تونۇرمۇ دەل مۇشۇ مەقسەتنى چۆرىدىگەن ئاساستا ياسالغان بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز تونۇرنى كەشىپ قىلىشتىن تارتىپ ئۇنى ئىشلىتىش ۋە بۈگۈنكى كۈنگە ئېلىپ كىرىشكىچە بولغان نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تونۇرغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ بىر مۇنچە ئېتىقاد - ئۇدۇملىرىنى سىڭدۈرگەن.

بۇ خىل ئېتىقاد - ئۇدۇملار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىشەنچ - ئېتىقادىدا تۇپراقنى ئۇلۇغلاش ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ، تونۇر توپا (سېغىزتوپا) دىن ياسالغاچقا ناھايىتى ئۇلۇغلىنىدۇ. مەسىلەن: تونۇرنى ھېچكىم دەسسىمەيدۇ ھەم ئۇنىڭدىن ئاتلىمايدۇ. تونۇرغا ئوت سالغاندا، پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ۋە ياندىشىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ. تونۇر بېشىغا چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ. تونۇرنىڭ كۈلى بىلەن ئەخلەتلەرنى بىللە ئالمايدۇ ۋە ئارىلاشتۇرمايدۇ. ھەتتا ئىشلىتىپ كونىرىغان تونۇرنىڭ پارچە كېسەكلىرىمۇ دەسسەلمەيدىغان ئېگىز جايلارغا ئېلىپ قويۇلىدۇ ۋە بەزى كېسەللەرگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يېڭى سالغان تونۇرغا تۇنجى قېتىم ئوت ياققاندا تونۇرغا ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر توپ كىشىلەر تونۇر ئەتراپىغا توپلىشىپ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ تونۇرنى ئايلىنىدىغان، بەزى يېتىم - يېسىرلار كېچىلىرى تونۇرنى ماكان تۇتۇپ ياتىدىغان، بەزى كىشىلەرنىڭ يۈز - كۆزىنى تۇيۇقسىز يارا قاپلاپ كەتسە تونۇردىكى قوقاس ئوتقا ياڭاقتەك چوڭلۇقتىكى ئۈچ پارچە خېمىرنى ئەيلەپ بىرلەشتۈرۈپ، سۈپكۈچ (ئارۋاشتى) قىلىپ كۆمۈپ يارىنى داۋالايدىغان ۋە تونۇر بېشىدا كازىر چىقىشقا بولمايدۇ (چۈنكى گازىر چاققان كىشىنىڭ ئىشلىرى يورۇشمەيدۇ، دەيدىغان گەپ بار)، كۆپ نان ياققان ئادەم دوزاخقا كىرمەيدۇ، دەيدىغان ئادەت ۋە سۆز - جۈملىلەردىنمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تونۇرنى ناھايىتى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

دېمەك، تونۇرنىڭ ياسىلىشىدىن تارتىپ ئىشلىتىلىشىگىچە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالەمنىڭ ئۇلى بولغان «تۆت ئېلېمېنت» (تۆت زات، تۆت ئاناسىر، تۆت تادۇ، تۆت ماددا) قارشى مۇجەسسەملەنگەن. يەنى سۇنى ئۇلۇغلاش (سۇنىڭ ئىنسان تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكى ۋە سېغىز توپىنىڭ سۇ ئارقىلىق لاي قىلىنىپ ئاندىن تونۇر ياسىلىدىغانلىقى)، ئوتنى ئۇلۇغلاش (ئوتنىڭ سىرلىق سېھرى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە خام يېمەكلىكلەرنىڭ ئوت ئارقىلىق پىشۇرۇلىدىغانلىقى)، تۇپراقنى ئۇلۇغلاش (ھەرقانداق جانلىقنىڭ تۇپراقتىن يارىلىدىغانلىقى ھەم تونۇرنىڭمۇ تۇپراقتىن ياسىلىدىغانلىقى) ۋە ھاۋانى ئۇلۇغلاش (ھاياتلىق مەنبەسىنىڭ ئاساسى ھاۋا ئىكەنلىكى، ھاۋا مەۋجۇد بولمىغان ئاساستا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقى) تىن ئىبارەت.
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈزنى ئۇلۇغلاش (ھازىرقى تىلىمىزدىكى ئىپادىسى تۈزكورلۇق قىلىش، تۈزنى يەپ، تۈزلۇقنى چېقىش قاتارلىقلار بولۇپ، سېغىز توپىنىڭ تۈز سۈيىنىڭ ياردىمىدە لاي قىلىنىپ تونۇر ياسىلىدىغانلىقى)، تاغقا چوقۇنۇش (تونۇرنىڭ گۈمبەزسىمان ھالدا ياسىلىشى، يەنى تونۇر شەكلىنىڭ تاغقا ئوخشاپ كېتىشى)، دەرەخكە چوقۇنۇش (تونۇردا كۆيدۈرۈلگەن ئوتۇننىڭ كۈلىنى ئەخلەتكە ئارىلاشتۇرماسلىق)، كۆككە چوقۇنۇش (تونۇرنىڭ ئاستى ۋە ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ يۇمىلاق چەمبەرسىمان بولۇشى، كۆك ئېتىقادچىلىقىدىكى كۈن ۋە تولۇن ئايدەك ياسىلىشى ھەم تونۇر رەڭگىنىڭ قۇياش يېڭى چىققان ياكى پاتقان ھالىتىدىكى رەڭگىگە ئوخشاش) قىزغۇچ رەڭدە بولۇشىدىن ئىبارەت تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش ۋە كۆپ ئىلاھقا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت شامان دىنىنىڭ ئىشەنچ - ئېتىقادىمۇ مۇجەسسەملەنگەن.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆپ خۇدالىق قەدىمكى ئىپتىدائى قارىشىدا كۆكتەڭرى (ئاسمان، ھاۋا ئىلاھى)، يەر - سۇب ئىلاھى (ئۇماي ئىلاھى)، سۇ تەڭرىسى (سۇ ئىلاھى) ۋە ئوت ئىلاھى ھەممىدىن بۈيۈك ئىلاھلار ھېسابلىنىپ، تونۇرنىڭ ياسىلىشى ۋە شەكىل قۇرۇلمىسىدا بۇ تۆت ئىلاھقا بولغان تېۋىنىش ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

تونۇردا پىشۇرۇلغان يېمەكلىك ئاساسلىق نان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېمەكلىكلىرى ئىچىدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئاساسلىق ئەنئەنىۋى يېمەكلىكنىڭ بىرى. بۇ ھال ئۇيغۇرلاردا ناننى تىرىكچىلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدىغان ئەقىدىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ناننى ئۇلۇغلاشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، نان بىلەن تونۇرنىڭ پەيدا

بولۇشنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى جەھەتتىن ئالدى بىلەن نان پەيدا بولغان، ئاندىن تونۇر پەيدا بولغان.

ناننىڭ شەكىل قۇرۇلمىسىنى، تۈزۈلۈشىنى ھەم ناننىڭ يۈزىگە چېكىلگەن يۇمىلاق گۈللەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ، ئىپتىدائى ئېتىقاد ـ ئۇدۇملىرىنى ئالدى بىلەن نانغا سىڭدۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنى ئۇلار چوقۇنغان ئىلاھلارنى سىغىنىش، ئۇنى ئۇدۇم قىلىش سەۋەبلىك نان شەكلىنى ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان كۆك ئېتىقادچىلىقىدىكى كۈن ۋە ئاينىڭ شەكلىگە تەقلىد ۋە تەمسىل قىلغان ئاساستا يۇمۇلاق قىلىپ ئىلاھلىرىنىڭ يېقىن بەندىلىرىگە ئايلانماقچى بولغان.

تونۇردا پىشۇرۇلغان ناننىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بىر خىل ئىزچىللىقنى يەنى يۇمۇلاق، دۈگىلەك بولۇش شەكلىنى ساقلاپ قالغان.

تونۇردا ناندىن باشقا يەنە تونۇر كاۋىپى، ياقما كاۋاپ، گۆشگىردە، سامسا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى پىشۇرغىلى ھەم كاۋا، ياڭيۇ، سەۋزە، چامغۇر قاتارلىقلارنى كۆمۈپ پىشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ يېمەكلىكلەر ئۇيغۇر يېمەكلىك مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

تونۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى ئاساسلىق يېمەكلىك پىشۇرۇش قورالى، ئۇنىڭغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئۆزىگە خاس يېمەكلىك ئادىتى، ئىستېمال پسىخىكىسى، گۈزەللىك قارىشى ۋە ئۇدۇم ـ ئېتىقادى مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، بۇ توغرۇلۇق تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز زۆرۈر.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 147 ـ، 148 ـ بەتلەر.

2. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 184 ـ، 246 ـ 247 ـ بەتلەر.

3. ئابدۇقېيىيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 137 ـ، 138 ـ، 139 ـ بەتلەر.

4. مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

5. سائادەت كىچىك: «ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇرچىلىق مەدەنىيىتى».


(ئاپتور: قۇمۇل شەھىرى ئاستانە ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

# ھەبىب ئەجەم (ئەجمى) مازىرى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

ياسىنجان كەنجى

ئاتۇش شەھرى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسى ئىكساق كەنتىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى «ھەنبە ئەجەم مازار»ى (مازارنىڭ چۈشەندۈرۈش تاختىسىغا شۇنداق يېزىلغان) قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ مازار توغرىسىدا پەقەت ئىسرائىل مۇتىئىللانىڭ «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» (1999 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) گە بېرىلگەن «ھەبىب ئەجەم گۈمبىزى» ناملىق تونۇشتۇرۇش ماقالىسىدىن باشقا ھېچقانداق تەتقىقات ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش ماقالىلىرى يېزىلمىغاچقا، مەن ئۆزۈمدىن بىرى ئىگىلىگەن ۋە توپلىغان بىرقانچە ماتېرىياللىرىمنى ھەم بۇ ھەقتىكى يۈزەكى مۇلاھىزەمنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم.

1. مازارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى:

ھەبىب ئەجەم مازىرى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسى ئىكساق كەنتىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن: شەرقى مىرىدىئان 75°53′09″، شىمالى پاراللېل 39°36′42″ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ مازار قەشقەر، ئاتۇش تەۋەسىدىكى نەقىش بېزەكلىرى مول، مەنزىرىلىرى كۆركەم، ئىسلام بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بىلەن سېلىنغان مازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، مازار، مەسچىت، مۇنار، ئېتىكاپخانا ۋە كۆل قاتارلىق بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشتىن تەشكىل تاپقان. قۇرۇلۇش ئاساسىنىڭ كەڭلىكى 13 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 17.5 مېتىر، ئاستى تۆت چاسا شەكىلدە، ئۈستى يۇمىلاق گۈمبەز شەكىلدە ياسالغان، تۆت بۇرجىكى ۋە ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە جەمئىي ئالتە تال يۇمىلاق تۈۋرۈك بار. مەسچىتنىڭ ئارقىسىغا ئېتىكاپخانا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 مېتىر، كەڭلىكى 4.8 مېتىر كېلىدۇ. مازارنىڭ ئىشىكى شەرققە قارايدۇ. ئۈستىدە 24 تۈڭلۈك، ئاستىنقى قىسمىدا 36 ياغاچ پەنجىرە بار. شەرق، جەنۇب، غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرىگە بىردىن مېھراپ چىقىرىلغان. مازارنىڭ ئىچىدە ئايلانما پەلەمپەي بار بولۇپ، ئۈستىگە چىققىلى بولىدۇ. مازارنىڭ ئىچكى تېمىغا «بۇرادەرلەر بۇ قۇرۇلۇشنى كىمنىڭ بىنا قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ مۇھەممەد ئېلى ھاجى، نىياز ئاخۇن ئۇستام، ئەبەي موللىلار مەشۇق ھاجىنىڭ لايىھىلەپ بېرىشى بىلەن بىنا قىلدى» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. ھەبىب ئەجەم مازىرىنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، تورۇسى يۇمىلاق، گۈمبىزى بىلەن مەقبەرىسىنىڭ سىرتى گۈللۈك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن بولغاچقا، يەرلىك خەلقلەر بۇ مازارنى ھەرخىلناملار بىلەن ئاتاپ كەلگەن. بەزىلەر «ھەنبە ئەجەم» دەپ ئاتىسا، يەنە بەزىلەر «ھەزرىتى پاشايىم» دەپ ئاتايدۇ. كۆپىنچە يەرلىك كىشىلەر قەبرىنىڭ سىرتىنىڭ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان كۆك كاھىشتىن ياسالغانلىقىغا قاراپ «كۆك گۈمبەز» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

ھەبىب ئەجەم مازىرى ھەرخىل ماتېرىياللاردا ھەرخىل ناملار بىلەن ئېلىنغان. «ئاتۇش

خەلق چۆچەكلىرى»دە «ھەببە ھەجەم» دەپ ئېلىنغان بولسا، 1985 - يىلى تۈزۈلگەن «ئاتۇش نامىيىسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى» دە «ھەنبە ھەجەم» دەپ ئېلىنغان. قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىمۇ 2002 - يىلى 10 - ئايدا ئورناتقان چۈشەندۈرۈش تاختىسىغا ئاتۇش يەر ناملىرى تەزكىرىسىدىكى بىلەن ئوخشاش قىلىپ «ھەنبە ھەجەم مازار»ى دەپ يازغان. فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى راھىلە داۋۇت ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر مازارلىرى» دېگەن كىتابىدا «ھەببى ھەجەم مازىرى» دەپ ئېلىپ، بۇ مازار توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق توختالغان بولسىمۇ لېكىن مازارنىڭ تارىخى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن. ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدىكى بىر قىسىم يەرلىك دىنىي ئۆلىمالارنىڭمۇ بۇ مازار توغرىسىدا ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرى بار. ئۇلار «بۇ ئەرەبىستاندىن كەلگەن «ھەبىب نەجار» دېگەن كىشىنىڭ قەبرىگاھى. ئۇ ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ كىشى بولۇپ، ئۇ يىراق جايدىن كېلىپ شىنجاڭدا ئىسلام ئاچقان» دەپ قارايدۇ. ھەنبە ھەجەم توغرىسىدىكى بۇ خىل تۈرلۈك گەپلەر كىشىلەردە نۇرغۇن مۇجمەل قاراشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن ئۇنىڭ نامىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، توغرا ئاتاش نۆۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. لېكىن مازارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، قۇرۇلمىسى توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ھەبىب ئەجەم مازىرى ئەسلى خام كېسەكتىن ياسالغان بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇزۇلۇشقا باشلىغاندا داڭلىق سودىگەر مۇساباي «بۇ ئۇلۇغ كىشى»نىڭ قەبرىسىنى قايتا ياساشنى نىيەت قىلغان ھەم ۋاپات بولۇش ئالدىدا بۇ نىيىتىنى ئوغۇللىرىغا ئېيتىپ، «بۇ مازارنى ھەيۋەتلىك ۋە پۇختا ياساشنى، ئۆزى ۋاپات بولغاندا جەسىتىنى بۇ كىشىنىڭ قەبرىسى تۆۋىگە قويۇش» ①نى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مازارنىڭ يېنىدا ئازادە مەكتەپ بىنا قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان. ئوغۇللىرىدىن باھاۋىددىنباي بىلەن ھۈسەيىن باي ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن 1896 - يىلدىن 1898 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مازارغا ئىشلىتىلگەن توپىنى ئاستىن ئاتۇشتىن، خىش ۋە زىنىنەتلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل فارفور بۇيۇملارنى قەشقەردىن كەلتۈرۈپ، 1898 - يىلى بۇ قۇرۇلۇشنى تاماملىغان. بۇ قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، كەتكەن خىراجىتىنىڭ كۆپلۈكى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن ئۆز زامانىسىدا بەدۆلەت قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەسچىتىنى قايتا ياساتقاندىن كېيىنكى قەشقەر، ئاتۇش رايونىدا ياسالغان ئەڭ چوڭ قۇرۇلۇش بولۇپ قالغان. قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزگىلدە مەشھۇر ئۆلىما، شائىر تەجەللى (1856 - يىللاردىن 1925 - يىللارغىچە ياشىغان) ئاكا - ئۇكا مۇسابايلارنىڭ ھىممەت ۋە غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ بېغىشلىما يېزىپ تەبرىكلىگەن:

«بىنا قىلدى ئول مازارۇ مەكتەپنى ئاللاھتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن، قۇدرەت ۋە ھىدايەتىنىڭ ئىگىسى ئىدى شول كىشى، قىممەتنىڭ ئىگىسى سوفىلىقتا دەرياغا ئوخشىغان ئەزىز مۇكەررەم كىشى ھۈسەيىن ئاخۇن قىلغان، ئۇ كىشىگە ياردەم بەردى بىر تۇغقىنى غايەت ئەخلاقلىق كىشى، راست يولدا ماڭىدىغان، ياخشىلىقنى قىلىشتا توختاپ قالمايدىغان كىشى باۋۇدۇن ئاخۇن» ② بۇنى كۆرگەن مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئىبنى ئابدۇۋارىس قەشقىرى ئۆزى بىلەن زامانداش ياشىغان بۇ شائىرنىڭ ھەبىب ئەجەم مازارىغا ئاتاپ يازغان سۆزىنى ئۆزىنىڭ «ئەدەپ ئاچقۇچى» ③ دېگەن ئەسىرىگىمۇ كىرگۈزگەنىدى.

ئۆز زامانىسىدا داڭلىق بىناكارلىق ماھىرى دەپ تونۇلغان قەشقەرلىك مەشۇق ھاجى لايىھىلەپ ياساپ چىققان بۇ كاتتا بىنالار 1902 - يىلى يۈز بەرگەن سەككىز بالدىن يۇقىرى

يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلىگەن بولۇپ، مازارنىڭ گۈمبىزى ھازىرمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. مازارغا يانداش سېلىنغان سەككىز سىنىپلىق «ھۈسەينىيە مەكتىپى» ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ بۆشۈكى دەپ تەرىپلىنىپ، ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

**2 . «ھەبىب ئەجەم» ھەققىدىكى مەلۇماتلار ۋە بۇ ھەقتىكى يۈزەكى مۇلاھىزە**

ھەبىب ئەجەم مازىرى توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ ھەقتە بىرەر قولىيازما ياكى مازارنىڭ بىرەر تەزكىرىسىمۇ تېپىلمىدى (خەلق ئىچىدە تەزكىرىسى بار دېيىلىدۇ) . شۇ ۋەجىدىن بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان كىشى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەت جەريانىنى بىلىش بىر مۈشكۈل مەسىلە بولۇپ قالدى. بىز خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىن تارتىپ تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرايدىغان ھەبىب ئەجەمگە ئائىت ماتېرىياللارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ھەبىب ئەجەم زادى كىم، ئۇ قاچان، قەيەرلەردە، قانداق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان دېگەن مەسىلىلەرنى يۈزەكى مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى. ھەبىب ئەجەم ھەققىدە يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق ئىككى خىل كۆز قاراش بار. بىرى، خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن يېزىلغـان «ئاتـۇش خەلق چۆچـەكلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 57 ـ بېتىدىكى «كۆك گۈمبەز ھەققىدە رىۋايەت»④ دېگەن قىسىمدا «بۇرۇنقى بىر چاغلاردا پەرغانە تەرەپتىن ھەبىبە ھەجەم ئىسىملىك بىر ئايال كېلىپ ھازىرقى ئىكساق كەنتىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان» ⑤لىقىغا ئائىت رىۋايەت بويىچە، ئۇ بىر جازانىخور ئايال بولۇپ، كېيىن كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىنى بىلىپ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى خەلقلەرگە بۆلۈپ بېرىۋەتكەن دېگەن قاراش. يەنە بىرى، يەرلىك دىنىي ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇلار قۇرئان كەرىمدىكى 36 ـ سۈرە ياسىن 20 ـ، 21 ـ ئايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن بىر كىشى (يەنى ھەبىب نەجار) يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيتتى: ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرگە ئەگىشىڭلار [20] . توغرا يولدا بولغان، (ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا) سىلەردىن ھەق سورىمايدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار [21]» ⑥ دېگەن ئايەتتىكى ھەبىب نەجار دېگەن كىشى شۇ، ئۇ ئەرەبىستاندىن ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن، ئۇنىڭ ئىسمى قۇرئاندا نازىل بولغان ئۇلۇغ ئادەم دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ ئانچە ئاساسى يوق. لېكىن بىز 16 ـ ئەسىردە ياشىغان داڭلىق ئالىم، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى يورۇتۇپ بەرگۈچى تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر كۆرەگان يازغان «تارىخى رەشىدىي» دېگەن كىتابقا قارايدىغان بولساق دەل بۇنىڭ ئەكسىچە مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىمىز. ئاپتور سۇلتان سەئىدخاننىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش جەريانىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «خان بۇ چاغدا موغۇلىستاننىڭ [قەشقەر تەرەپتىكى] بىر چېگرىسى بولغان تويۇنباشىغا يېتىپ كەلدى. ئەھلى ئاياللارنى ئۇ يەردە قويۇپ، لەشكەرلەرنى ئېلىپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. تۈنجى كېچىسى مىرزا تۈركى دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتى، ئىككىنچى كۈنى تۈشكۈ دېگەن يەرگە كېلىپ چۈشتى. ئۈچىنچى كۈنى ئاتۇشقا يەتتى ۋە كۇبراۋىيە تەرىقىتىنىڭ ماشايىخلىرىدىن بولغان شەيخ ھەبىب — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ مازارلىرىنى زىيارەت قىلدى ...»⑦. ئاپتور قەشقەر مازارلىرىنى تىلغا ئالغان چاغدا «قەشقەر نىڭ مازارلىرى ئىچىدە بىرىنچىسى ئەفراسىيابنىڭ نەسلىدىن بولغان سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىدۇر ... يەنە كۆپ مازارلار باركى، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى كىتابچىلاردا يېزىلغان، ھېكايەت ۋە رىۋايەتلىرى زىكىر قىلىنغان. شۇلار جۈملىسىدىن ھۈسەيىن فەزلى خوجا، قۇتبى ئالەم

خوجا، شەيخ ھىجازى، شەيخ ھەبىب، فەقىھ ئەيۇب خاجە ۋە باشقىلار بار. بۇ مازارلاردا غارايىپ ئىشلار بار» ⑧ دەپ شەيخ ھەبىب مازىرىنى قەشقەردىكى داڭلىق مازارلار قاتارىدا ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تارىخشۇناس موللا مىرسالىھ قەشقىرى يازغان «قەشقەر تارىخى (چىڭگىزنامە)» دېگەن كىتابنىڭ «فەسلى داستان سەئىدخان ئىبنى سۇلتان ئەھمەدخان» دېگەن بابىدا «خان ئاتۇش [قە] كېلىپ ھەزرىتى شەيخ ھەبىبنى تەۋاپ قىلىپ ئۆتتىلەر» ⑨ دەپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ بۇ مازارنى تاۋاپ قىلىپ ئۆتكەنلىكىگە ئائىت ماتېرىياللارنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ «تارىخى رەشىدى» دىكى مەلۇماتلار بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا 1960 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن شىفىگىراف قول يازما بىلەن باستۇرۇلغان (قول يازمىغا تارىخى رەشىدى زەيلى دەپ يېزىلغان. ئەمەلىيەتتە تەۋارىخ دېگەن كىتاب) كىتابچىنىڭ «سۇلتان سەئىدخان ئاتۇشقا كەلدى» دېگەن بابىدا «سۇلتان سەئىدخان ئۈستۈن ئاتۇشقا كېلىپ شەيخ ھەبىبۇللانىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىپ بولۇپ، خان كاتىپلىرىنى ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى، كاتىپلار ئۈچ بۇرھان دېگەن يەردە ئەسكەرلەرنىڭ ھېسابىنى ئالدى» ⑩ دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى بىز ئېيتىۋاتقان ھەبىب ئەجەم دەل شەيخ ھەبىبۇللانىڭ ئۆزى بولۇپ، ھەبىبۇللا (ئاللاھنىڭ يېقىن دوستى دېگەن مەنىدە) دېگەن ئىسىم قىسقارتىلىپ ئاپتورلار تەرىپىدىن ھەبىب دەپ يېزىلغانلىقى قىل سىغماس ھەقىقەتتۇر. بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۇرەلەيمىزكى، يولداش نىزامىددىن ھۈسەيىن ئۆزىنىڭ «يولسىز ئەقىدە سوپىزم شىنجاڭدا» (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 1985 ـ يىل 3 ـ سان) دېگەن ئەسىرىدە شۇنداقلا ئىبراھىم نىياز تۈزگەن «تارىختىن قىسقىچە بايانلار» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى) دېگەن كىتابنىڭ 270 ـ بېتىدە سوپىزم ئەقىدىسىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا توختىلىپ، «بۇ ئېقىم 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىرانلىق شەيخ ھەبىب، بۇخارالىق ئەبۇ ھەنىپى بۇخارىلار تەرىپىدىن شىنجاڭغا تارقىتىلغان» ⑪ لىقىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. 2002 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەزھەپلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 68 ـ بېتىدە «يەنە بەزىلەر ئىرانلىق شەيخ ھەبىب نەجمى دېگەن كىشى 14 ـ ئەسىردە قەشقەرگە كېلىپ سوپى مەزھىپىنى تارقاتقان» ⑫ لىقىنى تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق دەلىللەيدۇ.

سوپىزم (تەسەۋۋۇپ) ئىنسانلارنى مەڭگۈ خۇراپاتلىققا، تەركىي دۇنيالىققا، جاھالەت ۋە نادانلىققا باشلايدىغان بىر خىل دىنىي ئېقىم. ئۇ 8 ـ ئەسىردە ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، 11 ـ، 12 ـ ئەسىرلەردە ئىران ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان. بۇ خىل ئېقىم ئىسلام تارىخىدا بارلىققا كەلگەن بارلىق دىنىي پەلسەپىۋى ئېقىملار ئىچىدە ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئەقلىي ۋە نەزەرىيىۋى جەھەتتىكى ئەقىدە تەلىماتلىرىغا ئەڭ كۆپ ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزگەن، غەيرى ئىسلام ئېلمىنتلىرىنى ئەڭ كۆپ قوبۇل قىلغان مۇرەككەپ بىر ئېقىم بولۇپ، ھەرخىل دىن نەزەرىيىچىلىرى، روھانىيلار ۋە دىن پېشۋالىرى تەرىپىدىن بىرقانچە تارماقلارغا بۆلۈنۈپ، يەرلىك شەخسلەر، تەرىقەت يېتەكچىلىرى نامى بىلەنمۇ ئاتالغان (مەسىلەن: تەيفۇرىيەلەر، جۇنەيدىيەلەر، قىدىرىيانلار، كۇبرىيلار، سۇھرەۋەردىيلەر، چىشتانىيلار، نەقشىبەندىيلەر قاتارلىقلار). كۇبراۋالىق بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تارماق بولۇپ، ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر ئەبۇ جەنناپ نەجمىددىن (1145 ـ يىللاردىن 1220 ـ يىللارغىچە ياشىغان بولۇپ، ئوگتايخان

تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان، بەزىلەر 1221 ـ يىلى قەتلى قىلىنغان، دەپ قارايدۇ) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىياغا جۇملىدىن شىنجاڭ، قەشقەر رايونىغا تارقىلىشقا باشلىغان. «كۇبراۋىيە تەرىقىتىدىكى سوپىلار ئاۋاز چىقارماستىن زىكرى (خافى) قىلغان. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇپ نەزەرىيىسى قۇرئاننى مەجازى چۈشەندۈرۈشكە ئاساسلانغان بولۇپ، سوپىلىقنىڭ باشقا ئېقىملىرىغا ئوخشاش زاھىدلىق ۋە تەركىي دۇنيالىقنى تەرغىپ قىلغان. مىرزا ھەيدەر كۆرەگان «شەيخ ھەبىب كۇبراۋىيە تەرىقىتىنىڭ ماشايىخلىرى»⑬دىن دەپ ئۇچۇر بەرگەنكە قارىغاندا ئۇ كىشى ئەجەم رايونىدىن سوپىزمنى تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن، قولىدا ئېرشادنامىسى بار «نەجمىددىن كۇبرا»⑭نىڭ خېلى ئابرۇيلۇق مۇرىتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ھەبىب ئەجەم مازىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەجەم ئۇقۇمى بىلەن نەجمى ئاتالغۇسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە باغلىنىش ھەققىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئازراق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەجەم ئۇقۇمى بىر خىل جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ، بۇ توغرىدا «ئوكيانۇس تۈركچە سۆزلۈك»نىڭ 6 ـ بېتىدە «ئەرەب بولمىغان مۇسۇلمانلارنى، خۇسۇسەن تۈركىي رايون خەلقىنى كۆرسىتىدۇ» ⑮دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. «قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى»نىڭ 12 ـ بېتىدە «ئەرەبلەردىن باشقا مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ ... ئەرەبلەر ئەرەب خەلىپىلىكىگە بويسۇندۇرۇلغان يېقىن شەرق، ئوتتۇرا شەرق ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خەلقلەرنى شۇنداق ئاتىغان. كېيىن ئىران، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئەجەم دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلىنىپ، بۇ ئاتالغۇ تارىخىي مەنبەئەلەردە ئىشلىتىلگەن» ⑯ دەپ يېزىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ۋە ئەپسانىۋى رىۋايەتلەرگە قارايدىغان بولساق «ئەجەم رايونى»، «ئەجەملىك» دېگەندەك ئىبارىلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇ جۈملىدىن خەلقىمىزمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن كەلگەن كىشىلەرنى ئەجەملىك دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ قايسى يەردىن كەلگەنلىكىنى بۇ خىل ئۇقۇم بىلەن چۈشەندۈرگەن. ئەمەلىيەتتە شەيخ ⑰ھەبىب نەجمى دېگەن بۇ ئىسىم يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتكەن، يەنى نەجمى دېگەن ئىسىم تەدرىجى ئەجمى (نەجىم = ئەجەم) گە ئۆزگىرىپ ھەبىب نەجمى دېگەن ئىسىم ھەبىب ئەجەم دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش، قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى ۋە كىشىلەرنىڭ ئاتالغۇلارنى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىش نەتىجىسىدە كېيىنچە ئەجەم ئاتالغۇسىمۇ ئوخشاشلا بۇزۇلۇپ ھەجەمگە، ھەبىب نەجمى مازىرى بۇزۇلۇپ «ھەبىب ھەجەم مازىرى» گە ئۆزگىرىپ كەتكەن ھەتتا ئايال كىشى دەپ قارىلىپ «ھەبىبە ھەجەم» مازىرى دەپ ئاتىلىپ قالغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا ھەبىب ئەجەمنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ قايسى دەۋردە ياشاپ قانداق پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى توغرىسىدا پەقەت مىرزا ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي» دېگەن كىتابتا «شەيخ ھەبىب بولسا ئەمىر سەئىد ئەھمەد بىلەن زاماندىش، ئەمىر سەئىد ئەھمەد بولسا پېقىر كەمىنىنىڭ ئانا تەرەپتىن تۆتىنچى بوۋام بولىدۇ» ⑱ دېگەن مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ شەيخ ھەبىب ياشىغان دەۋر توغرىسىدا مۇنداق يۈزەكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالايمىز:

چاغاتاي خانلىقى تارىخىدىن ئازراقلا خەۋىرى بار ئادەملەرگە ئېنىقكى ئەمىر سەئىد ئەھمەد ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئوغلى، خۇدايداد بولسا چاغاتاي خانلىقىنى قۇرۇشقا كۆپ كۈچ چىقارغان، دوغلات قەبىلىسىدىن بولغان ئەمىر بولاجىنىڭ ئوغلى. ئەمىر بولاجى 1348 ـ يىلى تۇغلۇق

تېمۇرنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن خانلىق ئىچىدە
ناھايىتى مۇھىم ھوقۇقلارنى تۇتقان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ 7 ياشلىق ئوغلى
خۇدايداد ئەمىر بولۇپ خانلىقتا يەنىلا مۇھىم ھوقۇقلارنى تۇتقان ۋە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىل-
گەن. مىرزا ھەيدەر كۆرەگان «ئەمىر خۇدايداد 90 يىل ھوقۇق تۇتۇپ، 97 ياش ۋاقتىدا
ئالەمدىن ئۆتتى» ⑲ دەپ خاتىرە قالدۇرغان ھەمدە خۇدايداد «760 ـ يىللاردىن ئىلگىرى
(مىلادى 1359 ـ يىللاردىن ئىلگىرى) ئەمىر بولغان» ⑳ دەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇ مەلۇمكى
خۇدايداد 1350 ـ يىللاردىن 1447 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىگىچە بولغان ئارىلىقتا
ياشىغان. خۇدايداد ياشىغان مەزگىللەردە ئوغلى ئەمىر سەئىد ئەھمەد بىلەن نەۋرىسى ئەمىر
سەئىد ئەلى قەشقەرنىڭ ئەمىرى بولغان. بۇ ۋاقىتتا ئەمىر سەئىد ئەھمەد ئوغلى ئەمىر سەئىد
ئەلىنى «شەيخ ھەبىبنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردە سۆھبەت قۇرۇپ تۇرغان» ㉑
بۇ ۋەقەنى — ھەبىبنىڭ كارامەتلىرىنى مىرزا ھەيدەر كۆرەگان قويۇق رىۋايەت تۈسى بىلەن
خېلى ئەتراپلىق بايان قىلىدۇ. ㉒ ئەمىر سەئىد ئەھمەد قەشقەردە ئۇزاققىچە يۇت تىرەپ
تۇرالماي دادىسى خۇدايدادنىڭ قېشىغا قېچىپ بارىدۇ ھەمدە دادىسىدىن بۇرۇن ۋاپات بولىدۇ.
شۇنىڭدىن مەلۇمكى شەيخ ھەبىب ئەمىر خۇدايداد ياشىغان دەۋردە (تەخمىنەن 1350 ـ
يىللاردىن 1447 ـ يىللارغىچە) ياشىغان ۋە قەشقەردە سوپىزمنىڭ دەسلەپكى ئۇرۇقلىرىنى
چېچىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەرخىل ئەقىدىلىرىنى تەرغىپ قىلغان. ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن
شىنجاڭ رايونىغا كەلگەن مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بىمالال پائالىيەت ئېلىپ
بېرىشىغا تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ئىجتىمائىي مۇنبەت تۇپراق ھازىرلاپ بەرگەن.

دېمەك شەيخ ㉓ ھەبىبۇللا نەجمى (كۇبراۋىيلىق تەرىقىتىنىڭ ئىجادچىسى نەجمىددىن
كۇبرانىڭ ئىسمىنى ئۆز ئىسمى ئاخىرىسىغا قوشۇپ ئىشلەتكەن) كېيىنچە تارىخچى ئاپتورلار
ۋە بەزى يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن «شەيخ ھەبىب»، «ھەبىب ئەجەم» ياكى «ھەنبە ھەجەم»
دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ مازار تارىختىن بۇيان سوپىزم ئەقىدىسى كۈچلۈك يەركەن سەئىدىيە
خانلىقىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سەئىدخاندىن تارتىپ يەرلىك خەلقلەرگىچە ئۇلۇغلىنىپ، خەلق
ئېغىزلىرىدا ھەر خىل دىنىي تۈس ۋە رىۋايەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، زامانىمىزغىچە يېتىپ
كەلگەن. نۆۋەتتە بۇ مازار ئۇلۇغ كىشىنىڭ قەبرىسى، مۇقەددەس جاي دەپ ئاتىلىپ، ھەر
يىلى خوتەن، قەشقەر ۋە ئاتۇش رايونىدىن كەلگەن يەرلىك تاۋاپچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان
مەشھۇر ساياھەتگاھقا ئايلانماقتا. بۇ مازارنىڭ تارىخى ۋە ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ئىسلام
دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى جۇملىدىن قەشقەر، ئاتۇشتىكى تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ مازار توغرىسىدا تېخىچە بىرەر تەزكىرە تېپىلمى-
دى. ناۋادا تەزكىرىسى تېپىلسا ئىدى، ئۇ چاغدا بۇ كىشىنىڭ نەسەبى، ياشىغان دەۋرى،
مۇددىئاسى ۋە قەشقەر رايونىدىكى ھەقىقىي پائالىيىتى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلار
ئىدى. ھېلىھەم كەڭ تەتقىقاتچىلارنىڭ بولۇپمۇ ئىسلام دىنى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان
تەتقىقات خادىملىرىنىڭ بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ، تېخىمۇ مۇكەممەل يېڭىچە كۆز
قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى، يۇزەكى مۇلاھىزىلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى ئۈمىد
قىلىمەن.

ئاپتورنىڭ تەۋسىيىسى: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلى-
رىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ 2002 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بۇ يەرگە چۈشەندۈرۈش تاختىسى
ئورناتقانلىقىنى كۆردۈم. تاختىغا — «ئوبلاست دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت

يادىكارلىق ئورنى — ھەنبە ھەجەم مازار ـ سۇلۇك سۇلالىسى» ㉔ دەۋرىگە تەئەللۇق دەپ بېكىتىلىپتۇ (2002 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن) . ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا مازارنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايلار مەبلەغ چىقىرىپ پۈتتۈرگەن بولۇپ، مازارغا دەپنە قىلىنغان كىشى توغرىسىدا پەقەت يۇقىرىقىچىلىكلا مەلۇماتقا ئىگىمىز. ناۋادا مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى بېكىتىشتىكى ئۆلچەم ۋە پرىنسىپلىرى بولمىسا مازارنىڭ چۈشەندۈرۈش تاختىسىغا يۇقىرىقى مەلۇماتىمىز بويىچە 1368 ـ يىللاردىن 1644 ـ يىللارغىچە دەپ ۋە ياكى مازارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى بويىچە (ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايلار 1898 ـ يىلى ياساتقان ۋاقتى) 1644 ـ يىللاردىن 1912 ـ يىللارغىچە دەپ بېكىتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەدەنىيەت يادىكارلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ تارىخقا ھۆرمەت قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، توغرا تارىخىي قاراش بويىچە يۇقىرىقى مەسىلىنى تېزدىن تۈزىتىۋېلىشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمەن.

**ئىزاھات ۋە پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① ھەبىب ئەجەم مازىرى ئىچىدە ئىككى گۈمبەز بار بولۇپ، بىرى، ئەسلىدىكى مازار، يەنە بىرى، مۇسابايىنىڭ قەبرىسى دەپ قارىلىدىكەن. بۇ ھەقتە ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسى ئىكساق كەنتىدە ئولتۇراقلاشقان مەلۇماتلىق دېھقان تۇرغۇنجان شىرىپ ناھايىتى كۆپ ئېغىزچە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن.

② ئاتۇش ئىكساق باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسى تۈزگەن «بەشئەل» (1885 ـ 1985) ، 13 ـ بەت.

③ ئابدۇقادىر داموللا ئىبنى ئابدۇۋارىس قەشقىرى: «ئەدەپ ئاچقۇچى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 161 ـ بېتىگە «تەجەللىنىڭ قەشقەر شەھرىنىڭ يېزىلىرىدىن بىرى بولغان ئارتۇشتا جايلاشقان ھەبىبى ئەجەمى مازىرىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىغا بېغىشلاپ يازغان سۆزى» كىرگۈزۈلگەن.

④ ⑤ ئاتۇش شەھەرلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى يىغىش، توپلاش ئىشخانىسى تۈزگەن: «ئاتۇش خەلق چۆچەكلىرى» ، 1992 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 57 ـ بەت.

⑥ قۇرئان كەرىم، 36 ـ سۈرە ياسىن، 20 ـ، 21 ـ ئايەت.

⑦ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي» . «بۇلاق» ژۇرنىلى 2004 ـ يىلى 2 ـ سان 5 ـ بەت.

⑧ «تارىخى رەشىدىي» ، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىلى 1 ـ سان، 15 ـ، 16 ـ بەتلەر.

⑨ موللا مىرسالىھ قەشقىرى: «چىڭگىزنامە» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى، 94 ـ بەت.

⑩ «تارىخى رەشىدىي ـ زەيلى» ، 1960 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى باستۇرغان شىفىگىراف قول يازما نۇسخىسى، 39 ـ بەت.

⑪ ئىبراھىم نىياز: «تارىختىن قىسقىچە بايانلار» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 270 ـ بەت.

⑫ زەمىر سەئدۇللازادە، پەرھات غاپپار: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەزھەپلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 68 ـ بەت.
⑬ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 2 ـ سان، 5 ـ بەت.
⑭ نەجمىددىن كۇبرا، كۇبراۋىيلىق تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى ئەخمەد ئىبن ئۆمەر ئەبۇل ـ جەنناپ نەجمىددىن بولۇپ كېيىن ئۇنىڭ مۇرتلىرى ئۆزىنىڭ قايسى تەرىقەت ئېقىمىدا كىمنىڭ مۇرتى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆز پىشۋالىرىنىڭ ئىسمىنى ۋە تەرىقەت نامىنى ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ ئىشلەتكەن. بۇ يەردە ھەبىب نەجمى نەجمىددىن كۇبرانىڭ مۇرتى دېمەكچى.
⑮ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 379 ـ بەت.
⑯ سادىق ھاپىز: «قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 12 ـ بەت.
⑰ «قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى» 117 ـ بېتىدە «شەيخ [ئە] (قېرى، ئاقساقال) ئىسلام دىنى تارقالغان دۆلەتلەردە ئاۋال بىلىملىك كىشىلەر، ئالىملار، كېيىن ئۆلىمالار، روھانىيلار، ئۇنىڭدىن كېيىن سوفىلىق تەرىقىتىدىكى پىرلار، ئىشانلار، (مۇقەددەس جايلار) نىڭ مۇتەسسەدىلىرى (باشقۇرغۇچىلىرى) مۇ شەيخ دەپ ئاتالغان. ئەرەبلەردە ئىسلامدىن ئىلگىرى ئورۇن، قەبىلە ئاقساقاللىرى شەيخ دەپ ئاتالغان. ھازىر مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدە ئالىي دىنىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدەررىسلىرى شەيخ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە داڭلىق ئۆلىمالارنىڭ ئۇنۋانى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆپىنچە مۇقەددەس مازارلار، قەدىم جايلارغا قاراپ سەدىقە ۋە نەزىر ـ نىياز بەدىلىگە ياشايدىغان كىشىلەر شەيخ دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان.
⑱ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىلى 4 ـ سان، 21 ـ بەت ۋە 2002 ـ يىلى 6 ـ سان، 5 ـ بەتلەر.
⑲ (20) «تارىخى رەشىدىي»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىلى 6 ـ سان، 11 ـ، 12 ـ بەت.
㉑ ㉒ «تارىخى رەشىدىي»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىلى 4 ـ سان، 21 ـ بەت.
㉓ شەيخ ⑰ بىلەن ئوخشاش.
㉔ سۇڭ سۇلالىسى (960 ـ يىلدىن 1279 ـ يىلغىچە) ئېلىمىز تارىخ ماتېرىياللىرىدا شىمالىي سۇڭ ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىرى دەپ ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

(ئاپتور: قىزىلسۇ ئوبلاستلىق كۆرگەزمىخانىدا)

# قەدىمكى شەرقنىڭ خۇشپۇراق ماتېرىياللىرىدىن ئامچىلار

مەريەم ساقىم

13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار شەرقتە موڭغۇلىيىدىن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرگىچە، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران، مېسوپوتامىيىدىن ياۋروپانىڭ بىر قىسمىغىچە بولغان كەڭرى زېمىننى بويسۇندۇرغان. نەتىجىدە، شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش، ئالاقە راۋاجلىنىشقا يۈزلەنگەن. 13 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىتالىيىلىك مەشھۇر سەيياھ ماركوپولو تەخمىنەن 25 يىل دۇنيا كېزىپ، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان.

ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن تۆۋەندىكىچە ئەھۋالنى بىلىش مۇمكىن.

سابا شەھىرىدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتا قارا ئاتاپىلىستان (ئوتقا چوقۇنۇش دېگەن مەنىدە) دېگەن يەر بولۇپ، ئىسمىغا مۇناسىپ ھالدا بۇقرالىرى بۇتقا چوقۇنىدىكەن. شۇ يەرلىكلەرنىڭ پارىڭىغا قارىغاندا، بۇرۇنقى زاماندا، شۇ زاماندا تۇغۇلغان پەيغەمبەرگە بېيئەت قىلىش ئۈچۈن، شۇ دۆلەتنىڭ (سابانىڭ) ئۈچ خانزادىسى، تۇغۇلغان پەيغەمبەرمۇ، يەر يۈزىدىكى كارولمۇ (خان، پادىشاھ)، يا بولمىسا تېۋىپمۇ، بۇنى بىلمەك ئۈچۈن سېرىق ئالتۇن، مەستىكى، مورمەككى ئېلىپ يولغا چىققان ئىكەن. ئەگەر پەيغەمبەر سېرىق ئالتۇننى قوبۇل قىلسا، بۇ جاھاندىكى (يەر يۈزىدىكى) پادىشاھ مەستىكىنى قوبۇل قىلسا ئىلاھ، مورمەككىنى قوبۇل قىلسا تېۋىپ، دەپ ھۆكۈم قىلماقچى بوپتۇ.

ئىنجىلنىڭ ماتەي تەزكىرىسىدە: «خرىستوس تۇغۇلغاندا، شەرق تەرەپتىن يەھۇدىيلارنىڭ شاھى بولۇپ تۇغۇلغان زاتنى كۆرگىلى ئەۋلىيالار كەلگەن ئىكەن. ئۇلارغا شەرقتىكى يۇلتۇز يول باشلاپتۇ، ئۇلار بىبى مەريەمنىڭ قۇچىقىدىكى ئەيساغا سەجدە قىلىپ، سېرىق ئالتۇن، مەستىكى، مورمەككىنى سوۋغا قىلىپ تاپشۇرۇپتۇ» دېيىلگەن. ماركوپولونىڭ خاتىرىسى ۋە ماتەي تەزكىرىسىدىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، شەرقتە، پارس ئېلىدە قەدىمدىن تارتىپ مەستىكى ـ ئىلاھ، ئالتۇن ـ شاھ، مورمەككى ـ تېۋىپنىڭ سىمۋولى قىلىنغان.

مەستىكى ئىبراي تىلىدا «لىبونا»، ئەرەبچە «لۇبان»، گرېكچە «لىبانوس»، ئوتتۇرا ئەسىر لاتىن تىلىدا «ئولىبانۇم»، ئىسپانىيە ـ پورتوگالىيە تىلىدا «ئولىبانو»، فرانسوزچە «ئولىبان»، ئىنگلىزچە «ئولىبانوم» دەپ ئاتىلىدۇ①. ئىبراي تىلىدىكى «لىبونا» ۋە ئەرەبچە «لوبان» سۈتتەك ياكى ئاق رەڭ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنگلىزچە مەستىكىنىڭ باشقا بىر نامى «يىنسىنس». بۇ كۆيدۈرۈلگەندە تارقالغان پۇراق، دېگەن مەنىدە. لاتىنچە — كۆيدۈرۈش دېگەن سۆزدىن ئىتالىيە ـ پورتوگالىيە تىلىدىكى، ئىسپانچە، فرانسوزچە شەكىللىرى كېلىپ چىققان.

مەستىكى قەدىمى دەۋردىلا، خۇشپۇراقلىق ماتېرىياللار ئىچىدە ۋەكىل خاراكتېرلىك بولۇپ، ئىلاھقا چوقۇنۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەڭ ئالىي بۇيۇم، دەپ قارالغان.

---

① مەستىكى: ئۇيغۇر تېبابەت دورا ماتېرىياللىرىغا ئائىت تىزىس ۋە كىتابلاردا مەستىكى دەپ يېزىلغان، مەنمۇ مەستىكى دەپ ئالدىم. يۇقىرىقى تىللار بىلەن ھېچبىر ئوخشاشلىقى يوقلىقى، مەستىكى ئىسمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا تۈرتكە بولار، دەپ ئويلىدىم.

مورمەككى ئىبراي تىلىدا «مور»[①]، ئەرەبچە (مۇر)، گرېكچە (مۇرا)، لاتىنچە murra (مۇررا)، ئىتالىيە - ئىسپانىيە تىلىدا mirra (مىررا)، ئىنگلىزچە myrrh (مور) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىبراي تىلىدىكى mor، ئەرەبچىدىكى murr ئەسلىدىكى bitter (ئاچچىق، قىرتاق) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مورمەككىنىڭ گەۋدىلىك رولى مىسىرنىڭ مومىيالاش (جەسەتنى قاتۇرۇش) تېخنىكىسىدا ئىپادىلىنىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇن قەدىمكى مىسىردا پادىشاھ، ئاقسۆڭەك، روھانىيلار، بايلارنىڭ جەسىتىنى مومىيالاپ ساقلاش ئادىتى بولغان. ئەنە شۇ جەسەتلەرنى مومىيالاشتا مورمەككىنى ئاساس قىلغان خۇشپۇراق ماتېرىياللار چىرىشتىن ساقلىغۇچى ھەم جەسەتنىڭ پۇرىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

ئىنجىلنىڭ يوھان تەزكىرىسىدە: «كىرىستقا مىخلانغان خرىستوسنىڭ جەسىدىنى كۆمۈش ئۈچۈن، مورمەككى بىلەن سەبرى ئارىلاشمىسىدىن 100 جىڭچە تەييارلىغان، خرىستوسنىڭ جەسىتىنى كىرىستتىن چۈشۈرۈپ، يەھۇدىيلارنىڭ جەسەت كۆمۈش ئۇسۇلى بويىچە، جەسەتنى خۇشپۇراق ماتېرىيال بىلەن كەندىر رەختكە ئورىغان» دەپ يېزىلغان.

جەسەتكە ھەم بۇتلارغا پۇراقلىق ماي سۈركەش بەلكىم شۇ زاماندىكى ئىلاھقا سەجدە قىلىش پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

گىرىم ماتېرىيالى قىلىنغان پۇراقلىق مايىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى مورمەككى بولۇپ، تېرىنىڭ تازىلىقى ۋە ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىسىل پۇراق ئارقىلىق ھوزۇر بېغىشلاش ئەۋزەللىكىگىمۇ ئىگە.

مەستىكى ۋە مورمەككى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر خۇشپۇراق ماتېرىياللار يۇرتى — شەرقنى بىلىش، شەرقلىقلارنىڭ مەستىكىنى كۆيدۈرۈپ، پۇرىقى ئارقىلىق ئىلاھقا تېۋىنىش روھىي كەيپىياتى، فىزىئولوگىيىلىك تەلەپلەر تۈپەيلىدىن مورمەككىنى دورا ماتېرىيالى قىلىپ ئىشلەتكەن بىر قاتار ھايات مۇساپىلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ ۋە قەدىمى گرېتسىيىدىن تارقىلىپ، ياۋروپاغىچە كېڭەيگەن خۇشپۇراق ماتېرىياللار، گىرىم ماتېرىياللىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلاشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «Orient» (شەرق ياكى شەرقىي ئوكيان) ژۇرنىلى، 6 - 5 توم، 1963 - 1962 - يىل، (توكيو) 1963، No—3، V1، Vol ياپونىيە ئورىنتو ئىلمىي جەمئىيىتى نەشر قىلغان.

2. يامانداكىن تارو: «خۇشپۇراق ماتېرىياللار - كارۋىنى»، «يىپەك يولى» ژۇرنىلى 1979 - يىل 9 - 8 - ئاي (ئالاھىدە سان)، ياپونىيە «يىپەك يولى» مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى نەشر قىلغان.

3. يېقىن ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيەت يۇرتى - تەتقىقات يىغىنى دوكلاتى No3 مەخسۇس مۇزاكىرە ئىلمىي مۇنازىرە خاتىرىسى، 1982 - يىل 8 - ئاي (توكيو) ياپونىيە يېقىن شەرق مەدەنىيەت يۇرتى نەشر قىلغان.

4. «ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار» (قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى تۈزگەن)، 1980 - يىل 9 - ئاي (ئۈرۈمچى)، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلغان.

(مەريەم ساقىم: شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا، دوتسېنت)

① مورمەككى — ئۇيغۇرچىدا مەككىنىڭ مورى دېگەن مەنىدە قويۇلغان دەپ قارالماقتا بولىدۇ.

# زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا

راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

تارىختا ئۆتكەن تۇرپان ۋاڭى ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىسكەندەر، يۇنۇس، فەرىدۇن، مۇھەممەد سەئىد، زوھۇرىددىن، ئەفرىدۇن قاتارلىقلار (1778 ـ يىلدىن 1868 ـ يىلغىچە) 90 يىل ئەتراپىدا قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە خەلقنىڭ قەلبىدە ئەڭ زور ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىنى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ (يەنە بىر ئاتىلىشى ـ مۇھەممەد قۇتلۇق تاجى ھاكىمبەگ①) ئىدى. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئەينى زاماندىكى قەشقەرنىڭ تەرەققىياتى، خەلق ئاممىسىغا قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرى، تۆھپىسى ھەققىدە ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماقالىلاردا شەرھلەپ ئۆتۈلگەن بولغاچقا، بۇ ھەقتە توختالمايمەن، پەقەت زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ھەققىدە ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماقالىلاردا ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۆھپىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار بىرلىككە كەلتۈرۈلمىگەن ۋە ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ھەققىدە ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىكى ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا بېرىلگەن مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1. «تۇرپان ۋاڭلىرى» (ئاپتورى مۇھەممەت ئىمىن) دېگەن كىتابتا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە توختىلىپ: «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ قەشقەر ئوپالغا كاتتا بىر مەدرىسە بىنا قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن يەر ـ مۈلۈك ۋەخپە قىلىدۇ. ئاخىرى 20 يىلغا يېقىن ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سوراپ لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىدۇ، ئارىدىن ئىككى يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، لۈكچۈن دېھقانسۇنىڭ ۋەخپە تۈگمەن دېگەن يېرىدە كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن تۆيۈق ئەسھابۇلكەھف يېنىغا دەپنە قىلىنىدۇ» دېيىلگەن.

2. «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر» (ئاپتورى شېرىپ نىياز خۇشتار) ناملىق كىتابتا: «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 1830 ـ يىلى قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ، 20 يىلغا يېقىن ئىشلەپ، 1849 ـ يىلى ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە سالامەتلىكىنىڭ يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن ھاكىمبەگ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، ئانا يۇرتى لۈكچۈنگە قايتىدۇ. 1852 ـ يىلى لۈكچۈننىڭ دېھقانسۇ دېگەن يېرىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ» دېيىلگەن.

3. قادىر ھاپىز، تېيىپ پولاتنىڭ («شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1997 ـ يىلى 1 ـ سان، 75 ـ بەت) «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» ناملىق ماقالىسىدا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە توختىلىپ: «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ قەشقەر ئوپال رايونىغا كاتتا بىر مەدرىسە بىنا قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭغا نۇرغۇن يەر ـ مۈلۈك ۋەخپە قىلىدۇ، ئاخىرى ئون سەككىز يېرىم يىل ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، ياشىنىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن خىزمىتىدىن بوشىنىپ لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىدۇ. ئارىدىن ئىككى يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن لۈكچۈن دېھقانسۇدىكى ۋەخپە تۈگمەن دېگەن يەردە كېسەل بىلەن قازا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن تۆيۈق ئەسھابۇل كەھف يېنىغا دەپنە قىلىنىدۇ»

دېيىلگەن.

4. ماموت غازىنىڭ «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» (2004 ـ يىلى 2 ـ سان، 99 ـ بەت) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئىمىن خوجىنىڭ قەشقەردە ئۆتكەن ئەۋلادلىرى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە توختىلىپ: «زوھۇرىددىن قەشقەردە يىگىرمە يىلغا يېقىن ھاكىمبەگ بولۇپ ئىشلەپ، يېشى چوڭىيىپ قالغانلىقتىن ئىستېپا سوراپ لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىپ كونا شەھەر شورخانە مەھەللىسىگە ئورۇنلىشىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى تۇيۇقتىكى ئەسھابۇلكەھف مازىرىدا ساقلىنىپ تۇرماقتا» دېيىلگەن.

5. ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ «قەشقەر ئەدەبىياتى» (1987 ـ يىل 4 ـ سان، 99 ـ بەت) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دەۋرىدىكى قەشقەر» دېگەن ماقالىسىدا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ھەققىدە توختىلىپ: «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگدىن قايتىلاپ يەنە ئازاب، كۈلپەت تارتقان قەشقەر خەلقى 1947 ـ يىلى ئافاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن (يەتتە خوجا) دەپ ئاتالغانلار قوقاندىن قەشقەرگە كەلگەندە، ئۇلارغا يېقىندىن ماسلىشىپ، مانجۇ ئىستېبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى ئازاتلىق ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. خەلق زەربىسىدىن تەختى ـ بەختىدىن ئايرىلغان زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ قېچىشقا مەجبۇر بولدى، ۋاڭلىق تۇزۇمىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى ...» دېيىلگەن.

6. قۇربان باراتنىڭ «بۇلاق» (1984 ـ يىلى ئومۇمىي 11 ـ سان، 107 ـ بەت) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «دىۋان زۇھۇرى» ھەققىدىكى ماقالىسىدا: «... 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا قەشقەردە مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭى مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ باشقا سادىق ياردەمچىلىرى قاتارىدا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىمۇ ئاياپ قويمىدى. ئۇ پەرغانىگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ پەرغانىگە قېچىپ بارغاندىن كېيىنكى شەخسىي تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھازىرغىچە بىزگە نامەلۇم ...» دېيىلگەن.

يۇقىرىقى كۆز قاراشلاردا پىكىرلەرنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئابدۇرېھىم سابىت، قۇربان باراتلارنىڭ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكى ھەققىدىكى يەكۈنى ئويلىنىشقا تېگىشلىك. بەلكىم ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغاندەك 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردە مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تامامەن غەلىبە قىلىپ مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان ئەمەس. قەشقەر خەلقىنىڭ ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ھاكىمبەگلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قاچان قۇتۇلغانلىقىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئىبراھىم نىيازنىڭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (1981 ـ يىلى 3 ـ سان، 7 ـ بەت) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «17 ـ ئەسىردىن بۇيانقى شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن زور ۋەقەلەر توغرىسىدا مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىسىدىكى تۆۋەندىكى قۇرلارنى كۆرسەك كۇپايە: «ياقۇپبەگ يەرلىك بەگلەر ۋە قوقاندىن ئېلىپ كەلگەن ئادەملىرى ئارقىلىق كۈچىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ 1967 ـ يىلى بۇزرۇك خاننى ‹ھەج قىلىش› قا قىستاپ، ئۇنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى ‹بەدۆلەت› (يەتتە شەھەرنىڭ ئەمىرى) دەپ جاكارلىدى. 3 يىلدىن كېيىن (1870 ـ يىلى) ئۇرۇمچىنى ئىشغال قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى كۆپلىگەن جايلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى ...»

قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغان مۇھەممەت سەئىدنىڭ ئوغلى ئەفرىدۇن 1827 ـ يىلى لۈكچۈنگە ۋاڭ بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئەفرىدۇن بىلەن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ زاماندىشلىقى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، پائالىيەتلەر ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماقالىلاردا ئېنىق بايان قىلىنغان. ماموت غازىنىڭ «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىلى 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئىمىن خوجىنىڭ قەشقەردە ئۆتكەن ئەۋلادلىرى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا: «ئەفرىدۇن ۋاڭ 1863 ـ يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن بېيجىڭگە بېرىپ خاننى تاۋاپ

قىلىشقا جىددى تەييارلىنىۋاتقاندا يۇقىرىدىن بۇيرۇق كېلىپ (سىلى بېيجىڭگە بارماي، دەرھال قەشقەرگە بارغايلا، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالى قالايمىقان) دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن قەشقەر سەپىرىنى باشلايدۇ. ئەفرىدۇن قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ 1865 - يىلى 6 - ئايغىچە ھاكىمبەگلىك خىزمىتىنى خاتىرجەم ئىشلەيدۇ ... 1868 - يىلى تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگ بۇزرۇك خوجىنى ھەرەمگە يولغا سېلىپ، ئۆزىنى (بەدۆلەت) دەپ ئېلان قىلىپ، ئەفرىدۇننى ھەپسىگە ئالىدۇ. ئەفرىدۇن ئۈچ يىل سەككىز ئاي نازارەت ئاستىدا ياشاپ 1872 - يىلى 51 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ ...» دېيىلگەن.

شېرىپ نىياز خۇشتارنىڭ «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر» ناملىق كىتابىدا ئەفرىدۇن ۋاڭ ھەققىدە توختىلىپ: «... ئەفرىدۇن ۋاڭ 1872 - يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىدۇ» دېيىلگەن.

«قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى» دېگەن كىتابتا: «ئەفرىدۇن 1864 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور قوزغىلىڭىدا يەكەندە قولغا ئېلىنىپ، كۇچاغا ئېلىپ كېلىنگەن. كېيىن يەنە قەشقەرگە ئاپىرىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەفرىدۇن 1872 - يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن» دېيىلگەن.

يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ قەشقەردىكى ھاكىمبەگلىكى ئابدۇرېھىم سابىت، قۇربان بارات ئوتتۇرىغا قويغاندەك 19 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا ئاخىرلاشقان ئەمەس.

يەنە ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دەۋرىدىكى قەشقەر» دېگەن ماقالىسىدىكى: «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ قەشقەرگە ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كېلىشى 1830 - يىللارنىڭ ئاخىرى بولۇپ، قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى تىنچىغان، خەلق ئەمىنلىك تېپىپ خاتىرجەم بولغانىدى ...» دېگەن مەلۇمات بىلەن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ قەشقەردە 20 يىلغا يېقىن ھاكىمبەگ بولۇپ ...» دېگەن قاراشلارنى بىر - بىرىگە باغلىساقمۇ، ئۇنىڭ قەشقەردىن ئايرىلغان ۋاقتىنىڭ 1860 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ 1860 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر تارىخىي ئىسپات «ئافاق خوجا مازارى ۋەخپىسى» دۇر. مۇھەممەد سەئىد ھاكىمبەگ دەۋرىدە «ئافاق خوجا مازارى» غا قىلىنغان ۋەخپىلەردە ئۆزگىرىش بولغاچقا، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «ئافاق خوجا مازارى ۋەخپىسى» ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. تۆۋەندە ۋەخپىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋاقتىنى كۆرۈپ باقايلى.

«... شەرىئەتنىڭ ئەمەللىرىنى دائىم مەھكەم قىلغۇچى، ئاۋامغا ياخشىلىق قىلغۇچى، ئەقلىنىڭ ئىگىسى، ئۇلۇغ تەختىنىڭ ئىگىسى، مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى، مەملىكەت شەۋكىتىنىڭ ئاستانىسىنى ساقلىغۇچى، ياخشى تەبىئەتلىك كىشىلەرگە بۇ سەھىپە روشەنلىكتە چاقناپ تۇرغان كۈن نۇرىدەك روشەن بولسۇن، بۇ ھادىسە ھەممىگە ئاشكارە بولۇپ، پۈتۈن ئۆلىمالار، يۇرت كاتتىلىرى ۋە بارلىق پۇقرالارنىڭ ھۇزۇرىدا مۇشۇ تەرىقىدە ۋۇجۇدقا چىقتى. بۇ مۇبارەك يىل، مۇبارەك زامان، تارىخ دانالىرىنىڭ رەئىسلىرىنىڭ نۇجۇم ئىلمىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجراتىگە بىرمىڭ ئىككى يۈز يەتمىش سەككىز خوك (توڭگۇز) يىلى ئۇلۇغ شەبانىنىڭ ياخشىلىق بىلەن تامام بولغان 8 - كۈنى دۈشەنبە كۈنى ئىدى. (مىلادىيە 1861 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى) بۇ خىزمەتلەرنىڭ ئەمىرلىرى، بەرىكەت ۋە ساخاۋەتنىڭ مەنىسىدە بۇ يول بىلەن ئاشكارە بولدى. ئۇ پەرزەنت - دۆلەت دىنىنىڭ ئوغلانى، مىللەت پادشاھلىقىنىڭ چىراقتا ئوخشاش بالىسى، ئۆلىما، تەقۋادارلارنى ياخشى كۆرگۈچى، مىسكىن - پېقىرلارغا ياخشىلىق قىلغۇچى، ئادالەتنىڭ كامىل ھۆججىتىنى تۇتقۇچى قەشقەر تەختىدە ھاكىم مۇتلەق بولغان ۋە ۋالى ھۆكۈمران بولغان مۇھەممەت قۇتلۇق تاجى ھاكىمبەگ

(ئاللاھ ئۇنىڭ مۈلكى، سەلتەنىتىنى مەڭگۈ قىلسۇن!) ئىدى ...» دېيىلگەن.

يەنە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگكە مۇناسىۋەتلىك بىر تارىخىي ھۆججەت «ھەزرەت سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازارى ۋەخپىسى» دە مۇنداق يېزىلغان: «... بۇ ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشى چاقناپ تۇرغان كۈن نۇرىدىن روشەن بولۇپ، ئاسماندىكى كۈنگە ئوخشاش ھەممىگە ئاشكارە، ئەتراپ ئالەمدىكى ئايغا ئوخشاش ھەممىگە ئاشكارە بولۇپ، پۈتۈن ئۆلىمالار ۋە يۇرت كاتتىلدىرى ۋە بارلىق پۇقرالارنىڭ ھوزۇرىدا مۇشۇ تەرىقىدە ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ مۇبارەك يىل، مۇبارەك زامان، تارىخ دانالىرى رەئىسلىرىنىڭ نۇجۇم ئىلمىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجراتىگە بىر مىڭ ئىككى يۈز يەتمىش سەككىز خوك (توڭگۇز) يىلى رەجەپ ئايىنىڭ تۆتى چاھارشەنبە كۈنى (مىلادىيە 1861 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) بۇ خىزمەتنىڭ ئەمىرلىرى، بەرىكەت ۋە ساخاۋەت مەنىسىدە مۇشۇ يول بىلەن ئاشكارە بولدى. ئۇ پەرزەند ـ دۆلەت دىنىنىڭ ئوغلانى، مىللەت پادىشاھلىقىنىڭ چىراقىغا ئوخشاش بالىسى، ئۆلىما ـ تەقۋادارلارنى ياخشى كۆرگۈچى، مىسكىن ـ غېرىبلارغا ياخشىلىق قىلغۇچى، ئادالەتنىڭ كامىل ھۆججىتىنى تۇتقۇچى، قەشقەر تەختىدە ھاكىم مۇتلەق بولغان ۋە ۋالى ھۆكۈمران بولغان مۇھەممەت قۇتلۇق تاجى ھاكىمبەگ (ئاللاھ ئۇنىڭ مۈلكى، سەلتەنەتنى مەڭگۈ قىلسۇن!) ئىدى ...».

دېمەك، «ئافاق خوجا مازارى ۋەخپىسى»، «ھەزرەت سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازارى ۋەخپىسى» دىكى مەلۇماتلارنى ئاساس قىلغاندا، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ 1860 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە قەشقەردە ھاكىمبەگلىك مەنسىپىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ۋاپاتىنى ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماقالىلاردا كۆرسىتىلگەن بويىچە ھېسابلىساق 1852 ـ يىلدىن 1863 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق بوش قالىدۇ. بۇ ئەينى دەۋردىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدار تەيىنلەش تۈزۈمىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ۋاپاتىنى 1863 ـ يىلدىن كېيىن دېسەك ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. «تۇرپان ۋاڭلىرى» (ئاپتورى مۇھەممەد ئىمىن)، تۇرپان ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمىتى كومىتېتى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان، 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاي، 61 ـ 63 ـ بەت.

2. «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىل 2 ـ سان، 99 ـ بەت.

3. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1997 ـ يىلى 1 ـ سان، 75 ـ بەت.

4. «قومۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 280 ـ، 284 ـ بەتلەر.

5. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى 4 ـ سان، 101 ـ، 117 ـ بەت.

6. «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1984 ـ يىلى 11 ـ سان.

7. «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دەۋرىدە قەشقەر رايونىدىكى مەدەنىي ھايات ۋە ئەدەبىيات»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1981 ـ يىلى 3 ـ سان.


8. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، 4 ـ توم.

9. «ماقالات»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1984 ـ يىلى 12 ـ سان.

10. «ئافاق خوجا مازارى ۋەخپىسى»، «سۇتۇق بۇغراخان مازارى ۋەخپىسى» (قوليازمىلار).


(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن)








# بۇلاق

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي103-سان

# 源泉

（布拉克）（维吾尔文）总103期

*BULAK A bimonthly Journal in Uighur Language*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى : 108−58. باھاسى : 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1118

国内统一刊号: CN65-1063/I
本刊代号:58—108　定价:6.50元
ISSN 1005—0876/ 国外代号:Q1118